ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي

# ھىجرەت ۋە نۇسرەت

## - ئىلىم بىلەن ئۆتكەن ھاياتىمدىن تەلقىنلىق بايان -

( چاتما ئەدەبىي خاتىرە )

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ھىجرەت ۋە نۇسرەت

ـ ئىلىم بىلەن ئۆتكەن ھاياتىمدىن تەلقىنلىق بايان ـ

( چاتما ئەدەبىي خاتىرە )


## ئابدۇرەئۇپ تەكلىماكانىي

(مەنبە: www.teklimakaniy.com)



تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

2016 - يىلى 8 - ئاي | ئىستانبۇل

ئالاقىلىشىش:

0090 - 5324144055

# مۇندەرىجە


**ئاپتور ھەققىدە** ........ 5

**مۇقەددىمە** ........ 7

**بىرىنچى باب: ھىجرەت ئېڭى ۋە نۇسرەت تېڭى** ........ 11

ھىجرەت – سۈننەتتۇر ........ 11

ئۇيغۇرلار – ھىجرەت ئېڭى كۈچلۈك بىر مىللەتتۇر ........ 13

ھىجرەتتىن مەقسەت نۇسرەت تېڭىنى كۈتۈۋېلىشتۇر ........ 16

ھىجرت ........ 17

**ئىككىنچى باب: ھىجرەتتە مۇشەققەت** ........ 22

بېيجىڭدىكى نان قىيىنچىلىقى ........ 23

قاھىرەدىكى ئۇماچ كىرزىسى ........ 26

ئەنقەرەدىكى ياتاق غېمى ........ 34

**ئۈچىنچى باب: ھىجرەتتە يەكلىنىش ۋە ئۇنى سەۋر بىلەن يېڭىش** ........ 42

«ھەل قىلىمىز، ئاكا، ئېچىڭنى سىقما!» ........ 42

«قىرىق بىرىنچى كوچىغا قانداق ماڭىمىز؟» ........ 46

«ئالتۇنىنىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ» ........ 49

**تۆرتىنچى باب: ھىجرەتتە سۆيگۈ، ھىجرەتتە مۇھەببەت** ........ 55

«شەھىد ئاكامنىڭ ئورنىغا ئالدىنقى سەپكە مەن بارىمەن، مانا!» ........ 56

«بۇ زېمىنگە تۆكۈرگىلى بولمايدۇ!» ........ 61

«مەسىلىنى قېيداش، ئاغرىنىش ئەمەس، بىلىم - كۈچ ھەل قىلىدۇ، ئاخىر!» ........ 64

**بەشىنچى باب: ئانا يۇرتتا راھەتلىك تەتىل** ........ 72

نېسىي قالغان زىيارەت ........ 75

مانا، قەشقەر! مانا، ھېيتگاھ! ........ 80

«لەڭپۇڭ» ئەمەس، «ئۇيۇتماش» بولسۇن! ........ 84

زەمىندىكى ئالتۇن زېھنىيەت ........ 86

**ئالتىنچى باب: ھىجرەتتە بىباھا ئىمكان** ........ 91

«لۇتپۇللاھ مۇتەللىپ مەڭگۈ ئۆگىنىش ئۈلگەڭلەر بولسۇن!» ..... 91
بېيجىڭدە ئەلىشىر نەۋائىي تەنتەنىسى ..... 96
ئۆزىنىڭ بوۋىسىنى «بوۋام» دېيەلمەسلىك ئىمكان مەسىلىسىمۇ ياكى... ..... 103
ئۇيغۇر نەۋائىي ..... 105

## يەتتىنچى باب: مەملىكەت ئىچىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىم ..... 107

ئۆگىنىشتە قىزىقىش، تاللاش ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ..... 108
«تىلىمىز ئاسان كېلىدۇ» بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدىكەن ..... 112
بىر تەۋسىيە ۋە بىر تەجرىبە ..... 119

## سەككىزىنچى باب: مەملىكەت سىرتىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىم ..... 123

قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل ..... 124
ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا... ..... 130
ئەنقەرەدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلەردە ئۇنتۇلماس بەش يىل ..... 133

## توققۇزىنچى باب: مېنىڭ ئەمگەكلىرىم ۋە ھەمئەمگەكلىرىم ..... 143

ئۇيغۇرچە سۆزلەمشۇناسلىق تەتقىقاتىدا باشلامچى قەدەم ..... 144
چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا يېتىك سەۋىيە ..... 148
ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى تەتقىقاتىدا پىداكارلىق ..... 153
ئۇيغۇر تەرجىمچىلىكىدە ھەسسىدارلىق ..... 155
تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتى مەيدانىدا مەسئۇلىيەتچانلىق ..... 158
مېنىڭ ئەمگىكىمنى قەدىرلىگەن ژۇرنالىستلارغا – ھەمئەمگەكلىرىمگە ئىگىلىپ سالام! ..... 161

## ئونىنچى باب: ئەۋلادلار، ھىجرەت قىلىڭلار، ئۇچۇڭلار! ..... 169

ھىجرەتتە جەزمەن بار نۇسرەت، ئۇنى قۇچۇڭلار! ..... 169
ئىستانبۇلدا ئىلىم زىيارىتى ..... 171
مۇستافا كاچالىن ئەپەندىنىڭ ھوزۇرىدا ..... 172
«ئانا يۇرت ئۇيغۇر ئاشخانىسى»دىكى راھەت ..... 176
ئورتا كۆي دېڭىز ساھىلىدىكى ئەنجۇمەن ..... 179
خاتىمە ..... 183
ھىجرەتنىڭ يۈك - تاقىسى مەرپەتتۇر، بىلىمدۇر ..... 184
نۇسرەتنىڭ دەسمىرى تىرىشچانلىقتۇر، ئەمگەكتۇر ..... 187
نۇسرەتلىك ھىجرەتنىڭ خۇللەس كالامى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشتۇر، ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلەشتۇر ..... 190

# ئاپتور ھەققىدە

ئابدۇرەئوپ پولات (ئەدەبىي تەخەللۇسى تەكلىماكانىي)، 1950 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، قەشقەر شەھرى يۇمۇلاقشەكۆلبېشى مەھەللىسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1963 - يىل قەشقەر 1 - ئوتتۇرا مەكتىپىنى، 1966 - يىل بولسا، قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. 1972 - يىل بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل – ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1975 - يىل ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەچ، ئۆز فاكۇلتېتىدا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ ھازىر مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ دوكتور پروفېسسورى، ھازىرغىچە ئوتتۇز ئۈچ نەپەر ماگىستىر ۋە دوكتور تەربىيەلىگەن دوكتورانت يېتەكچىسىدۇر.

ئۇ 1978 - يىل3 - ئايدىن 1982 - يىل7 - ئايغىچە بېيجىڭ چەتئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئەرەب تىلى ئۆگەنگەن. 1984 - يىل 4 - ئايدىن 1985 - يىل 10 - ئايغىچە ئىراق ئەرەب جۇمھۇرىيىتىگە بېرىپ، باغدات، كۇفە، نەجەف ۋە كەربالا قاتارلىق شەھەرلەردە ئەرەب تىلى بويىچە پراكتىكا قىلغان. 1986 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە پارس تىلى ئۆگەنگەن. 1996 - يىل 10 - ئايدىن 1997 - يىل 7 - ئايغىچە زىيارەتچى ئالىم سالاھىيىتى بىلەن، مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىگە بېرىپ، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئەرەب ئەدەبىياتى بويىچە، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە بولسا، ئىسلام دىنى ئاساسلىرى ( ئۇسۇلۇددىن) بويىچە بىلىم ئاشۇرغان.1997 - يىل 10 - ئايدىن 2002 - يىل

5 ـ ئايغىچە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىگە بېرىپ، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ تارىخ ـ جۇغراپىيە ئىنستىتۇتى چاغداش تۈرك شىۋىلىرى ۋە ئەدەبىياتلىرى فاكۇلتېتىدە، چاغاتاي تۈركىي تىل ـ ئەدەبىياتى بويىچە ئوقۇپ، «ئەدەبىيات دوكتورى» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئاپتور ئابدۇرەئۇپ تەكلىماكانىي 1984 ـ يىلى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1989 ـ يىل 10 ـ ئايدا، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇنىڭ «كور خېرىدار» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىنى نەشر قىلغان ۋە 2001 ـ يىل 2 ـ ئايدا، ئۇنىڭ ئىككىنچى باسمىسىنى بېسىپ تارقاتقان. 2005 ـ يىل يەنە مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇ نەشرگە تەييارلىغان «چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھىرى ــ ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى» ناملىق ژىرىك ئەسەرنى نەشر قىلغان. 850 بەتلىك بۇ ئەسەر تۇنجى قېتىم جاھانغا داڭقدار ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى شەكلىنى ئوقۇلغۇسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنى زور ھەجىملىك بىر بۈتۈن ئەسەر بويىچە زامانىمىزغا ئۇلاشتۇرغان نامايەندە خاراكتېرلىك ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ. 2009 ـ يىلى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ئۇنىڭ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق 920 مىڭ خەتلىك كىتابىنى نەشر قىلغان. بۇ كىتاب مەخسۇس ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى ئۈستىدە ئەدەبىي تەتقىقات يۈرگۈزگەن تۇنجى خاس ئەسەر بولۇش شاراپىتى بىلەن، 2009 ـ يىللىق گىرمانىيە فرانكفورد خەلقئارا كىتاب كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان. ئۇنىڭ «رادىل ئابلا تەگلىمىسى ۋە ئۇيغۇر تۇرمۇش پەلسەپىسى» ماقۇزۇلۇق ئەسىرى 2006 ـ يىل «كرووران» ژۇرنىلى تەرىپىدىن «ئۇيغۇرلار ۋە تەرەققىيات تېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

# مۇقەددىمە

مىلادىيە 1950 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۇيغۇر يۇرتىنىڭ ئەڭ قەدىمىي شەھەرلىرىدىن بولغان كاشغەردە بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان مەن ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانىي 1972 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ھىجرەت قىلىپ، ئىلىم ئېلىش، بىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن پايتەخت بېيجىڭغا كەلدىم. 1975 ـ يىلى، ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەچ، ئۆزۈم ئوقۇغان مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىندىم.

1984 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئەرەب تىلى بويىچە پراكتىكا قىلىش ئۈچۈن، ئىراق ئەرەب جۇمھۇرىيىتىگە ھىجرەت قىلدىم ۋە باغداد، ھىللە، نەجەف، كۇفە، كەربالا، دىۋانىيە، باسرا، مۇسۇل ۋە كەركۇك قاتارلىق شەھەرلەردە، تەرجىمانلىق خىزمىتى بىلەن 18 ئاي تۇردۇم.

1996 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، زىيارەتچى ئالىم سالاھىيىتى بىلەن، مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىگە ھىجرەت قىلىپ، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە، ئەرەب ئەدەبىياتى ۋە ئىسلام دىنى ئاساسلىرى (ئۇسۇلۇددىن) بىلىمى بويىچە بىر يىل بىلىم ئاشۇردۇم ۋە بىلىك ئالماشتۇردۇم.

1997 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، تۈركىيە جومھۇرىيىتىگە ھىجرەت قىلىپ، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ تارىخ ـ جۇغرافىيە ئىنستىتۇتى چاغداش تۈرك شىۋىلىرى فاكۇلتېتىدە، چاغاتاي ئۇيغۇرچىسى (تۈركىيەدە، ‹چاغاتاي تۈركچىسى›، ‹ئوسمانلىي تۈركچىسى› دەپمۇ ئاتىلىدۇ)

تېكستشۇناسلىقى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، بەش يىل ئوقۇدۇم.

شۇنداق قىلىپ، يەر شارىدىكى يەتتە قىتئەنىڭ ئۈچىگە قەدىمىم يېتىپتۇ. قەدىمىي جوڭگو مەدەنىيىتى، قەدىمىي مىسىر مەدەنىيىتى ۋە قەدىمىي مىسوپوتامىيە – بابىلون مەدەنىيىتى دۇنياغا كەلگەن نەق مەيدانلارنىڭ ئۆزىگە بېرىپ، قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئاشۇ قەدىمىي ھالىتى بىلەن دېگۈدەك كۆرۈش، زىيارەت قىلىش نېسىپ بولۇپتۇ. ئوتتۇرا ۋە يېقىنقى ئەسىر تارىخىدا، «ئوسمانلىي ئىمپېرىيىسى» ياكى «رۇم خەلىپىلىكى» دەپ ئاتالغان بۈيۈك تۈركىيە زېمىنىدا، ئۆز ئەھلىدەك سەير ئېتىپ ياشاش تەقدىر بولۇپتۇ.

ھېلىھەم ئانا يۇرتۇم كاشغەردىن ئون مىڭ يوللار ئۇزاق كېلىدىغان پايتەخت بېيجىڭدا، مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتىمەن. مېنىڭچە، بۇ بىر قىسمەت. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ماڭا نېسىپ بولغان ياشام جەريانى بۇ. بىراق، مېنىڭ بۇ ياشام جەريانىم بېشىم قايغان چاغلاردا، پۇتۇم تايغان يوللاردا يۈرۈش جەريانى ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ باللىق چاغلىرىمدىكى ئىستىكىم، ئارزۇيۇم ۋە شۇ ئىستەك – ئارزۇلىرىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىم ئاساسىدا روياپقا چىققان ئاڭلىق ھايات پائالىيىتىم جەريانى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزۈم ئۈچۈن ئالاھىدە قىممەتكە، قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن بولسا، بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ خىل قىممەت ۋە ئەھمىيەت ئادەتتە، مەزكۇر ھايات سەرگۈزەشتىلىرىم ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ئەينەك قىلىشقا تېگىشلىك ئاچچىق – چۈچۈك كەچۈرمىشلەر، ساۋاق ئېلىشقا ئەرزىيدىغان تەجرىبىلەر بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئەمدى، مەن بۇ دۇنيادا يەككە – يىگانە ھالدا ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن بىر قەۋم، بىر توپلۇمنىڭ نەپەر ئەزاسى بولۇپ ياشىغىنىم ئۈچۈن، ئۆز كەچۈرمىشلىرىمدىكى بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز تەجرىبە – ساۋاقلارنى ئۆز قېرىنداشلىرىم بىلەن ئورتاقلىشىشىم ۋاجىپ بىر ئىش بولىدۇ، دەپ قارايمەن.

ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، مېنىڭ ئاساسلىق ھايات پائالىيىتىم

مۇئەللىمچىلىق قىلىش – ئەۋلاد تەربىيەلەش بىلەن ئۆتتۈپتۇ. ھېلىھەم ئالدىمدا، يۈزلەرچە ئوقۇغۇچىلىرىم مېنىڭ ناياب ئۆمۈر سەرپىياتىم بەدىلىگە جۇغلانغان بىلىملىرىمدىن «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى تەتقىقاتى»، «تۈرك تىلى»، «ئەرەب تىلى» دېگەندەكلەر بويىچە دەرس ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ھالدا، ئۆزەمنىڭ مۇئەللىملىك – ئىلىم ئۆگەتكۈچىلىك ۋە ئەۋلاد تەربىيەلىگۈچىلىك بۇرچۇم جەھەتتىن چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ياش ئەۋلادلىرىمىزغا مۇھاجىرەتلىك ھاياتىم جەريانىدىكى ئۇتۇقلۇق، ياخشى نەتىجىلىك تەجرىبىلىرىم ۋە ئىبرەتلىك ساۋاقلىرىم ھەققىدە، سەممىيلىك بىلەن بايان بېرىشنى باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتىم بىلدىم.

يەنە دېسەم، مەن ئوقۇغۇچى بىلەن ئوقۇتقۇچىنى ئىككى سىنىپ، ئىككى تەبىقىگە تەۋە ئىنسانلار دېيىشكە قوشۇلمايمەن، يەنى ئوقۇتقۇچىنى گويا بىلىم سېتىپ جاھاندارچىلىق قىلغۇچى سودىگەر، ئوقۇغۇچىنى بولسا، ئىلىم سېتىۋالغۇچى ھاجەتمەن قىلىپ كۆرسىتىشكە ۋە تەسۋىرلەشكە قارشىمەن. مەن ئوقۇغۇچىنى، يەنى مۇئەييەن غايە ئىستىكىدە بىلىم ئۆگەنگۈچى شاگىرتلارنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ مۆھتەرەم ئىنسانلاردىن سانىلىدىغان ئوقۇتقۇچى – مۇئەللىم كەبى قىممەتلىك ۋە ئەزىز كۆرىمەن. ياش ئىلىم تەلەپكارلىرى بولغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشنى ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئىنسانغا خەيرلىك تۇيغۇسى بېغىشلايدىغان ئەڭ راھەت پائالىيەت ھېسابلايمەن. ئەقىدىلىك چۈشەنچەم شۇكى، ئوقۇغۇچى - مۇئەللىمنىڭ بارلىقى ۋە تۈگىمەس بايلىقى. چۈنكى، مۇئەللىمنىڭ بىلىمى پەقەت ۋە پەقەت ئوقۇغۇچىنىڭ خېرىدارلىقى ئارقىلىق، ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ؛ پەقەت ۋە پەقەت ئوقۇغۇچىنىڭ ئىگىلىشى، ئۆزلەشتۈرۈشى ئارقىلىق، ئۈزۈلمەس بۈيۈك ئېقىن بولۇپ دولقۇنلاپ ئاقىدۇ؛ پەقەت ۋە پەقەت ئوقۇغۇچىنىڭ ئىجتىھادى ۋە ئىستىدادى ئارقىلىق، مەدەنىيەت بوستانىدا گۈللەر ئاچىدۇ؛ پەقەت ۋە پەقەت

ئوقۇغۇچىنىڭ ئىجاتكارانە ئەمگىكى ئارقىلىق، خەلقئالەمگە تېگىشلىك بەھرە بېرىدۇ، مەرىپەت ئالىمىگە ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلغۇچى چەكسىز يېقىملىق خۇش پۇراقلار چاچىدۇ.

شۇ ۋەجدىن، ئالاھىدە ھازىرلىغان«ھىجرەت ۋە نۇسرەت» ماۋزۇلۇق بۇ چاتما ئەدەبىي خاتىرەمنى «ھىجرەت ئىبگى ۋە نۇسرەت تېگى»، «ھىجرەتتە مۇشەققەت»، «ھىجرەتتە يەكلىنىش ۋە ئۇنى سەۋر بىلەن يېڭىش»، «ھىجرەتتە سۆيگۈ ۋە ھىجرەتتە مۇھەببەت»، «ئانا يۇرتتا راھەتلىك تەتىل»، «ھىجرەتتە بىباھا ئىمكان»، «مەملىكەت ئىچىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىم»، «مەملىكەت سىرتىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىم»، «مېنىڭ ئەمگەكلىرىم ۋە ھەمئەمگەكلىرىم» ۋە «ئەۋلادلار، ھىجرەت قىلىڭلار، ئۇچۇڭلار! ھىجرەتتە جەزمەن بار نۇسرەت ئۇنى قۇچۇڭلار!» دېگەن ماۋزۇلار ئاستىدا بايان قىلىپ، ياش ئەۋلادلار - شاگىرتلار بىلەن، تەقدىرداش - قىسمەتداشلار بىلەن مۇڭداشماقچىمەن، خەيرلىك بولغاي !

بىرىنچى باب

# ھىجرەت ئىگى ۋە نۇسرەت تىگى

## ھىجرەت – سۈننەتتۇر

ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە ئېيتقاندا، ھىجرەت قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن سۈننەت ھېسابلىنىدۇ. مەلۇمكى، مىلادىيە 571 – يىلى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام دۇنياغا كەلدى. ئۇ جانابىي ھەق ئاللاھۇتەئالانىڭ ۋەھيىسى بىلەن، مىلادىي 622 – يىلى مۇبارەك ئىسلام دىنىنى مۇنتەشىر قىلىش ئۈچۈن، مەككەئى مۇكەررەمەدىن مەدىنەئى مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىسلام كالېندارىدىكى «ھىجرىيە يىلى» مەيدانغا كەلدى. بۇ يىل (مىلادىيە 2010 ـ يىل) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغىنىغا 1429 ياكى 1430 يىل بولدى، يەنى بۇيىل (2006 ـ يىلى) ھىجرىيە يىلى ھېسابىدا، 1429 – ياكى 1430 – يىلدۇر. ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسى خەيرۇلئەنام مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمەنىڭ مۇبارەك ۋۇجۇدىدىن سادىر بولغان ئىش – ھەرىكەت ۋە پائالىيەت مۇسۇلمانلار ئۈچۈن سۈننەت بولىدۇكى، بىز«ھىجرەت قىلىش پۈتكۈل مۇسۇلمانلار ئۈچۈن سۈننەتتۇر» دېيىشتە، مەزكۇر تارىخىي پاكىتنى ئاساس قىلىمىز، ئەلۋەتتە.

«ھىجرەت – سۈننەتتۇر» دېگەندە، ھىجرەت قىلىش ـ يەنى مۇئەييەن

بىر دۇرۇس نىيەت بىلەن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتتىن بېشىنى ئېلىپ چىقىپ، ئۆزگە ناتونۇش بولغان يەنە بىر يۇرتقا بېرىپ ياشاشنىڭ ئادەتتىكى بىر تەۋەككۈلچىلىق ياكى «يا سايرامدىن چىقار، يا بايرامدىن» دەپ قىلىنىدىغان بىر قارامىلىق ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆز گەۋدىسىگە يۈكسەك غايە مۇجەسسەم بولغان مۇقەددەس پائالىيەت. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۆز ئاتلانغۇچىسىدىن غەلىبە ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان مەردانە پائالىيەت ئىكەنلىكىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

«ھىجرەت — سۈننەتتۇر» دېگەندە، ھىجرەت پائالىيىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش جەريانى ئىكەنلىكىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەلۇمكى، ئىنسان بۇ دۇنياغا مۇشۇنداق بىر ئىنسان سۈپىتى بىلەن تۆرەلگەنىكەن، ياشىشى كېرەك، ياشىغاندىمۇ ئىنسانغا مۇناسىپ رەۋىشتە ياخشى ياشىشى كېرەك. شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، ياشاش، ياشىغاندىمۇ بار ئىمكان بىلەن ياخشى ياشاش ھەر قانداق ئىنسان ئۈچۈن بىر مەجبۇرىيەتتۇر.

ھالبۇكى، ياشام مەجبۇرىيىتىنى جايىدا ئادا قىلىپ، ياخشى ياشاشنى ئويلىغان ئادەم ئالدى بىلەن جەزمەن ئۆگىنىشى كېرەككى، ئۆگىنىش تېگى — تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر قانداق بىر ئىنسان ئۈچۈن باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچ ۋە زۆرۈر مەسئۇلىيەتتۇر.

شۇنداق، ئۆگىنىش — ھەر قانداق ئادەم بۇ دۇنيادىكى ياشام يولىدا دۇچ كېلىدىغان تۇنجى ئۆتكەلكى، بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەلىسەڭ، تاللىنىپ ياشاپ قالىسەن؛ ئۆتەلمىسەڭ، شاللىنىپ سەپتىن قالىسەن: بوۋاقنىڭ ئانىنى ئىمىشنى بىلىشى ئۆگىنىشكە باغلىق؛ سەبىي بالىنىڭ ئۆمىلەشنى، مېڭىشنى بىلىشىمۇ ئوخشاشلا ئۆگىنىشكە تالىق. ئەقىل يېشىدىكى ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ، كامالەت تېپىپ، يېتىك بىر مەدەنىي ئىنسان بولۇپ ياشىيالىشى ئاداققىي جەھەتتە يەنىلا ئۆگىنىشكە قاراشلىق.

ئۆگىنىش ئەمەلىيەتتە، ئىنسانلىق ياشام بىلىكلىرىنى بىلىشنى، تۇرمۇش ھۈنەر – سەنئەتلىرىنى پەم قىلىشنى ۋە ھاياتلىق تېخنىكىسىنى ئىدراك قىلىشنى، شۇ ئارقىلىق، دۇنيا ھاياتىنى ھەقلىق رەۋىشتە مەنىدار قىلىشنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلىدۇكى، ئۆگىنىش – ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنى چۈشىنىشى، ئۆزىنىڭ نەرخ – باھاسىنى بىلىشى، ئاندىن دۇنيانى، دۇنيا ياشامىنى بىلىپ يېتىشىنىڭ مۇتلەق زۆرۈر قاتتىق دېتالى؛ ئۇنىڭغا، يەنى ئۆگىنىشكە مۇجەسسەمدۇر دۇنيادا ياشاشنىڭ، ھايات كۆچۈرۈشنىڭ پۈتكۈل چارىسى، تەدبىرى ۋە ھەممە ئامالى.

ھالبۇكى، ئۆگىنىشنى خاھلىمىغان، ئۆگەنمىگەن ئادەم ئۆزىنىڭ قەدىر – قىممىتىنى بىلەلمەيدۇ؛ ئۆگىنىشنى پەرز بىلمىگەن ئادەم بۇ دۇنيانى، بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ يېتەلمەيدۇ؛ ئۆگىنىشنى ئۆزىگە بۇرچ بىلمىگەن ئادەم بۇ دۇنيادا قانداق ياشاشنى، قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تېگى – پېيى بىلەن بىلىپ كېتەلمەيدۇ. ھىجرەت ئىنسانغا كۆرمىگەننى كۆرسىتىدۇ؛ ھىجرەت ئىنساننى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلايدۇ؛ ھىجرەت ئىنسانغا ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلدۈرىدۇ، دۇنيانى، كىشىلىك ھاياتنى مۇپەسسەل تونۇتىدۇ.

«ھىجرەت – سۈننەتتۇر» دېگەندە، ھىجرەتنىڭ بىر ئىنسان ئۈچۈن، خۇسۇسەن بىر ئەركەك مۇسۇلمان ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇرچ، زۆرۈرىيەت ۋە ئۇدۇم ئىكەنلىكىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## ئۇيغۇرلار – ھىجرەت ئېڭى كۈچلۈك بىر مىللەتتۇر

مېنىڭ چۈشەنچەمچە، ئۇيغۇر مىللىتى ئەزەلدىن تارتىپ ھىجرەت ئېڭى نىسبەتەن كۈچلۈك بولغان مىللەتلەر قاتارىغا كىرىدۇ. ئالايلۇق، مىلادى 740 – يىلى، ئورخۇن دەرياسى ۋادىسى ۋە ئۆتۈكەن تاغ تىزمىسى باغرى مەركەز قىلىنغان كەڭ زېمىندا «ئۇيغۇر خانلىقى» نى قۇرغان ئۇيغۇرلار 9 –

ئەسىردە، بۈگۈنكى ئانا يۇرت ـ شىنجاڭ رايونى ۋە ئاناتولىيە يېرىم ئارىلى قاتارلىق جايلارغا ھىجرەت قىلغان. «چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن ئامېرىكىغا قاچقان تۈركلەر» دېگەن كىتابنىڭ بايان قىلىشىچە، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئېلىپ بارغان ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشى ( 12 – 13 – ئەسىرلەر ) دەۋرىدە، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار كانادا قاتارلىق ئامېرىكا قىتئەسى زېمىنىغا ھىجرەت قىلغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، نۇرغۇن ساندىكى ماڭلايسۇيە (تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ) لىك ئۇيغۇرلار ئىلى ۋادىسى، يەتتە سۇ رايونى ۋە ئامۇ دەرياسى بويلىرىغا ھىجرەت قىلغان. جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى – كەينىدە، بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار سەئۇدىي ئەرەبىستانى ۋە تۈركىيە قاتارلىق جايلارغا ھىجرەت قىلغان ۋە باشقىلار. بۈيۈك ئۇيغۇر تارىخشۇناسى مۇسا سايرامىي ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ژىرىك ئەسىرى «تارىخى ھەمىدىي» دە، ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر يەتتە شەھەر ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ فولكلورىستىك پائالىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ كېلىپ،«بۇ يەرنىڭ خەلقى مۇساپىرچىلىقنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن جۈملىنى تەكرار – تەكرار ئىشلەتكەن. (قاراڭ: «تارىخى ھەمىدىي»، يېڭى تەرجىمە نۇسخا، ‹خاتىمە› قىسمى) ئۇنىڭسىزمۇ، خەلقىمىزدىكى«مۇساپىر بولمىغىچە مۇسۇلمان بولماس» دېگەن ئاتا سۆزىنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇرلارنىڭ نېقەدەر ھىجرەتپەرۋەر خەلق ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇر مۇسۇلمان مىللەتتۇر. ھالبۇكى، «مۇساپىر بولمىغىچە مۇسۇلمان بولماس» دېگەن ئاتا سۆزىنىڭ نەق مەنىسى«ئىنسان ھىجرەت قىلىپ باقمىغىچە مۇكەممەل ئادەم بولمايدۇ» دېگەن بولىدۇ مېنىڭچە.

ئىنساندا ساغلام ئاڭ بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭدا ھەرىكەت بولىدۇ. ئىنساندا ھەرىكەت بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ياشامدا لەززەت، تۇرمۇشىدا راۋاج ـ روناقلىق ۋە يېگەن ـ ئىچكىنىدە بەرىكەت بولىدۇ. ئىنساندىكى ئىمانمۇ، ۋىجدانمۇ، شۇنداقلا ياشام سۈپىتىگە تالىق مەيدان ـ مەۋقەمۇ ئۇنىڭ

كاللىسىدىكى ساغلام ئاڭغا باغلىنىشلىق بولىدۇ. ھالبۇكى، ھىجرەت ئېڭى ھەر قانداق بىر ئىنسان ئۈچۈن ساغلام ئاڭدۇر. ئۇنىڭغا ساھىب بولغان ئىنسان ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيالىق كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدا ھامان غالىب ئىنساندۇر، ئاداققىي پاراۋان ئىنساندۇر ۋە ئىنشائاللاھ!

ئەمما، ئىنساندا ھىجرەت ئېڭى بولغان بىلەنلا كۇپايە قىلمايدۇ. كاللىدىكى ھىجرەت ئېڭىنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ھىجرەت پائالىيىتىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن، جۈرئەت، جاسارەت كېتىدۇ. ئۇيغۇرلار جۈرئەتسىز، جاسارەتسىز ئادەمنى «ئەزمە ئادەم» دەيدۇ. ئەزمە ئادەم بولسا، ھىجرەت قىلالمايدۇ. ھىجرەت قىلالمىغاچ ياكى قىلمىغاچ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىدە مىسكىنلىكتىن باشقا مەنزىرە مەۋجۇد بولمايدۇ.

ھىجرەت ئېڭىنى ھىجرەت پائالىيىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆگىنىش، ئەمگەك قىلىش كېرەك. پەقەت غەيرەت ــ جاسارەت بىلەن ئەستايىدىل ئۆگەنگەن ۋە جۈرئەت ــ جاپاكارلىق بىلەن پىداكارانە ئەمگەك قىلغان ئادەملا، ئاخىرقى ھېسابتا، ئۆزىنىڭ كاللىسىدىكى ھىجرەت ئېڭىنى ھىجرەت پائالىيىتىگە ئايلاندۇرۇپ، بېيجىڭنىمۇ، موسكۋانىمۇ، لوندوننىمۇ، ۋاشىڭگتوننىمۇ ئىلىم بىلەن بوسۇندۇرالايدۇكى، خۇددى ئۆز زامانىسىدا كاشغەرنى بوۋىمىز باغدادنى بويسۇندۇرغاندەك!

ھىجرەت ئېڭى ــ قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ قېچىپ كېتىش، قېيىداپ، توپلۇم ــ جامائەت قوشۇنىدىن ئايرىلىپ چېچىلىپ كېتىش ئېڭى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ، ئاندىن ئاشۇ ئۆزى تەئەللۇق بولغان توپلۇم ــ جامائەتنىڭ راھەت ياشاش يولىنى ئىزدەش ئېڭى بولغانلىقى بىلەن ئەھمىيەتلىك؛ ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزى تەئەللۇق بولغان توپلۇمنىڭ مەنپەئەتى يولىدا ئىزدىنىش ئېڭى بولغانلىقى بىلەن قىممەتلىك. ئۆزى ئۈچۈنلا ئويلايدىغان ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ئوتلايدىغان ئېشەككە ئوخشايدۇ. ئەمدى، ئۆزى ئۈچۈن ئوتلىغان ئېشەكتەك ئۆزىنىڭ تويماس گېلىنىلا ئويلايدىغان ئادەمدە، توپلۇم

—جامائەت غېمى، مىللەت - قەۋم تۇيغۇسى بولمىغاچ، ئۇنىڭدا ھەقىقىي مەنىدىكى ھىجرەت ئېڭى بولمايدۇ.

ھىجرەت ئېڭى - ئەزمىلىكتىن قول ئۈزۈپ، ۋۇجۇدتىكى جاسارەتنى ئۇرغۇتۇشنى، شۈكرىۋازلىققا خاتىمە بېرىپ، ئىجاتكارانە ياشاش تۇيغۇسىنى ئويغۇتۇشنى ئۆزىگە مەنىۋى ئۇل - ئاساس قىلغانلىقى بىلەن بەكمۇ ئەزىز. ھىجرەت ئېڭى مول ئادەم ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىكى دوڭغاق سۆگەتكە يۆلىنىپ ئولتۇرىۋەرمەيدۇ. ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۆزى بىلەن خوشنا مەھەللىلەرگە، خوشنا مەھەللىدىن تېخىمۇ يىراق بولغان باشقا كەنت - شەھەرلەرگە بېرىپ، باشقىلارنىڭ تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىپ باقىدۇ؛ باشقىلارنىڭ ئىلغار ھۈنەر - سەنئەتلىرىنى ئۆگىنىپ باقىدۇ: جاھاننىڭ ئىلگىرىلەش، ئالغا بېسىش ئىقىنىغا قوشۇلۇپ ئېقىپ باقىدۇ. قىسقىسى، ھىجرەت ئېڭى مول ئادەم رېئاللىقتىن زارلىنىپ، ھەممىدىن قېيىداپ پاسسىپ ياشاشتىن، ئۆتمۈشتىن تەجرىبە، رېئاللىقتىن ساۋاق، كەلگۈسىدىن ئۈمىد ئېلىپ، ئىجاد بىلەن ئىجتىھادىي ياشاشقا ھەممىدىن بەك ئەۋزەل باقىدۇ.

ھىجرەت ئېڭى - رىقابەت، بەسلىشىش بەجايىكى قۇچاقلاشما جەڭ ھالىتىگە كىرگەن بۈگۈنكى دۇنيادا، ئەڭ يارايدىغان، ئەڭ ئەرزىيدىغان، ئەڭ زۆرۈر ۋە بىباھا ئاڭدۇركى، ئۇيغۇرنىڭ ئەسلىي قېنىدا بۇ ئاڭ ھامان دەريادەك ئوخچۇپ - ئوخچۇپ ئاقىدۇ!

## ھىجرەتتىن مەقسەت نۇسرەت تېڭىنى كۈتۈۋېلىشتۇر

مېنىڭ چۈشەنچەمچە، ھىجرەت جانابىي پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ مۇبارەك ئەمەلىيىتىدىن ئۆتۈش ئارقىلىق مۇقەددەسلەشكەن بىر بۈيۈك پائالىيەتتۇر. ئۇنىڭ «ھىدايەت» ( توغرا يول بىلەن

مۇرادىغا يېتىش ) نىڭ«ھ» سى، «جايىز» ( قىلسا بولىدىغان، ئىجازەتلىك ) نىڭ«ج» سى،«رىسالەت» (بۇرچ، جەزمەن قىلىشقا تېگىشلىك) نىڭ «ر» سى ۋە«نۇسرەت» ( غەلبە، غالىبىيەت ) نىڭ «ت» سىدىن تەركىپ تاپقان بىر كەلىمە بولۇشى ئەمەلىيەتتە خاسىيەت مەنبەسىدۇركى، پەقەت ھىجرەت قىلغۇچى ئىنسان پاك ئەقىدىلىك، دۇرۇس مەقسەتلىك ۋە ئېنىق نىشانلىقلا بولىدىكەن ئۇنىڭدىن نۇسرەت تېگىنى كۈتۈۋېلىش مۇقەررەر ئىشتۇر. يەنى

**ھجرت**

ھدايت + جايز + رسالت + نسرت

توغرا يولغا چىقىش + ماقۇل، ئىجازەتلىك ئىش + بۇرچ، جەزمەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىش + غالىبىيەت

ئى، ئۇقۇغۇچى ئەۋلادلار! مەن مۇشۇنداق چۈشەنچە ۋە مۇشۇنداق ئەقىدىگە ساھىب بولغىنىم ئۈچۈن، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن قىلغان ھەر بىر سەپىرىمگە تولىمۇ جىددىي ۋە تولىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدىم. نەتىجىدە، ھەر بىر قېتىملىق ھىجرەتتىن ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن، چەندىكىدەك نۇسرەت قازاندىم ۋە ئەلھەمدۇ لىللاھ رەببىل ئالەمىين!

يەنى ئالدى بىلەن، بېيجىڭغا كېلىپ ئالىي مەكتەپكە كىرىشىمنى بۈيۈك ھىجرەت بىلىپ، ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىشنى باشلىۋەتتىم: كەسپىم ئۇيغۇرچە – خەنزۇچە تەرجىمانلىق ئىدى. ئۇستازىم:«ئۇيغۇرچە – خەنزۇچە تەرجىمانلىق كەسپىدە نۇسرەت قازىنىشنىڭ ئاساسى ـ مۇكەممەل ئۇيغۇر تىلى بىلىمىدۇر» دېدى. بۇ گەپنى قىلغان ئادەم پىداكار مائارىپچى، «روبىنسونىنىڭ سەرگەردانلىقى»،«ئائىلە» ( مەشھۇر يازغۇچى باجىن يازغان) قاتارلىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا نادىر سانىلىدىغان داڭقلىق ئەسەرلەرنى

ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان تەرجىمىشۇناس خەمىت تۆمۈر ( 1931 ـ 2006 ـ يىللار) ئىدى. مەن ئۇستازىمغا چىنپۈتتۈم، ئۇنىڭ دىگىنىگە ئىشەندىم، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلدىم: ئاساسلىق زىھنىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر تىل – ئەدەبىياتى بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئايىماي سەرپ قىلدىم... ئۆگىنىشىم مۇكەممەل پىلانلىق، ئىدىتلىق ۋە مەھكەم ئىنتىزاملىق ئىدى. ھەر ھەپتىدە نىمە ئىش قىلىمەن، ھەر ئايدا قايسى ئىشنى پۈتتۈرىمەن، ھەر يىلدا قايسى سەۋىيىگە يىتىشىمەن، ھەپتە، ئاي ئۈچۈن كونكرىتنى، يىل ئۈچۈن بولسا، ئومۇمىيەتلىك پىلانىم بار ئىدى.«دۆلەتنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ يىللىق، ياكى بەش يىللىق پىلانى بولىدىكەنۇ، مىنىڭ نىمە ئۈچۈن ئۇنداق پىلانىم بولمايدىكەن؟» ـ ـ بۇ مىنىڭ ھەمىشە ئۆزۈمگە، ئۆزلۈكۈمگە ۋە ۋۇجۇدۇمدىكى نازۇك تۇيغۇمغا ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان قامچا سۆزۈم ئىدى. مەن ھىجرەتتىكى ھەر بىر كۈنلۈك ھايات پائالىيىتىمنى، كۈندۈلۈك تۇرمۇش نورمامنى ئىبادەت دەرىجىسىدىكى مۇقەددەس ۋە جىددى پائالىيەت ھىسابلىدىم: ۋاقىتنى ئىسراپ قىلمىدىم؛ ھىچ بىر سائەتنى بوش قويىۋەتمىدىم؛ ھەر ئىشقا سەممىيەت ۋە ئىخلاس بىلەن كىرىشتىم؛ ھەر قىلغان ئىشتا، كىيىن پۇشايمان قىلمايدىغان، ئۆكۈنۈپ قالمايدىغان بولۇشقا تىرىشتىم. (ھەقىقەتەنمۇ، ھىجرەت – خالىس ئىبادەتتۇركى، ئى، ئەۋلادلار، بۇ نۇقتىغا جەزمەن دىققەت قىلغايسىزلەر!! )

مۇشۇنداق ئىزچىل تىرىشچانلىق ئارقىسىدا، 1975 ـ يىلى، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، 30 ساۋاقداش ئىچىدىن تاللىنىپ ئانا مەكتىپىمگە ئېلىپ قېلىنىپ، ئوقۇتقۇچى بولدۇم.

ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ئۆگەنگۈچى، ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنىڭ خاتىمىسى ئەمەس، مۇقىم ئىلمىي تۇرمۇشىنىڭ بىشى، داۋاملىق ئىزدىنىپ، ئىلىمدە تاكامۇللىشىشنىڭ غەنىمەت پۇرسىتى، نىسپىي مۇستەقىل ھاياتىنىڭ بىسمىللاھسى بىلىپ، داۋاملىق ئۆگەندىم، داۋاملىق ئىزدەندىم. ئاخىردا،

ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن كەسپىم چاغاتاي ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى تەتقىقاتى ساھەسىدە نىسبەتەن كامالەتكە يەتتىم؛ شۇ شارائىت بىلەن، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان»(300 مىڭ خەتلىك خاس ئەسەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى)، «ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى»( 500 مىڭ خەتلىك سېلىشتۇرما تەتقىقات ئەسىرى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2005 ـ يىل نەشرى)،«چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى»(400مىڭ خەتلىك خاس ئەسەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 2007 ـ يىل نەشرى) ۋە «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» ( 800 مىڭ خەتلىك تەتقىقات ئەسىرى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىل نەشرى) قاتارلىق ژىرىك ئەسەرلەرنى خەلقىمگە تەقدىم ئەتتىم.

1984 – يىلى، ئىراق ئەرەب جۇمھۇرىيىتىگە قىلغان ھىجرىتىمنى مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ئەڭ پارلاق ۋە قۇتسال زېمىنلىرىنى كۆرۈپ، ئۇ يەردە ياشاپ، مۇسۇلمان مىللەتلەر بىلەن، خۇسۇسەن ئەرەبلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنى سېلىشتۇرۇپ، پەرقلەرنى تېپىشقا تىرىشىش جەريانى قىلدىم. بۇ جەرياندا، پايتەخت باغداد شەھرىدىن باشقا، ھىللە، كۇفە، نەجەف، كەربالا، بەسرە ۋە كەركۇك قاتارلىق شەھەرلەردە بولدۇم. خىزمەت زۆرۈرىيىتى بىلەن، ئاددىي دېھقاندىن تارتىپ، نازىر، مىنىستىرغىچە، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن تارتىپ، ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورى ۋە دوكتورلىرىغىچە ئارلاشتىم. شەھەر مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلىش ۋە قەدىمىي ئىزلارنى زىيارەت قىلىش بىلەن بىر چاغدا، ئاشۇ قەدىمىي زېمىندە، يېڭى زامان، يېڭى دەۋر تۇرمۇشىنى كەچۈرۋاتقان خەلقنى، ئۇلارنىڭ روھىي كەيپىياتى، تۇرمۇش قارىشى ۋە ياشام ئۇسلۇبىنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزەتتىم. مەن ئۇلارنى ئۆزۈم بۇ دۇنيادا ھېچقانداق بىر قەۋمگە تەڭ قىلمايدىغان ئۇيغۇرۇم بىلەم سېلىشتۇردۇم. نەتىجىدە، بەزەن

ئىنىق پەرقلەرنى سەزدىم. خۇسۇسەن، تۇرمۇش پەلسەپىسىدىكى ئەمەلىيلىك ۋە ھايات ئەقىدىسىدىكى جانلىقلىق جەھەتتە، ئىراق ئەرەبلىرىنىڭ روشەن ئارتۇقچىلىقلارغا ساھىب ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە خالىس تۇيغۇم بىلەن بايقىغانلىرىم ئاساسىدا، «ئىراق تەسىراتلىرى» ماۋزۇلۇق بەشىيۈز ئورىگىنالدىن ئارتۇق خاتىرە يازدىم. بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئۇيغۇرۇمدىكى نۇقسانلار» دېگەن تەلقىنلىق مۇلاھىزە قىسمى كېيىنكى چاغلاردا، 1996 - يىلى «ش ئۇ ئا ر مەدەنىيىتى» ئېلان قىلغان «ئۇيغۇردىكى ئەبگالىق» ماۋزۇلۇق ژىرىك تەنقىدىي رېئالىزم ئەسىرىم ئۈچۈن ياخشى خورۇچ ۋە قۇۋۋەتلىك خېمىرتۇرۇچ بولدى.

1996 – يىلى، مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىگە قىلغان ھىجرىتىمنى ئىسلام دىنى بىلەن ئىلىم – پەننى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان قەدىمىي مىللەت مىسىرلىقلاردىن كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىش پۇرسىتى بىلىپ، ئەستايىدىل ئۆگەندىم، كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلدىم. نەتىجىدە، «ئەبگا ئۇيغۇر» ماۋزۇلۇق تەنقىدىي رېئالىزم ئەسىرىمنىڭ «مەھكۇم مىجەزلىك ۋە مەزلۇم تەبىئەتلىك»، «مەرىپەتسىزلىك ۋە پەزىلەتسىزلىك»، «بىر - بىرىنى سۆيمەسلىك ۋە ئورتاق ئىشقا كۆيمەسلىك»، «تۆنۆگۈن بىلەن كارى بولماسلىق ۋە ئەرتىگە ئوبدان نەزەر سالماسلىق»، «پىداكارسىزلىق ۋە جەڭگىۋارسىزلىق» ماۋزۇلۇق كېيىنكى بەش بابىنى نىل دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى «جىيزا» رايونىغا جايلاشقان قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىدە يېزىپ پۈتتۈردۈم....

1997 – يىلى، تۈرك دۇنياسىنىڭ ھازىرقى مەركىزىي يۇرتلىرىدىن ئاناتولىيەگە ھىجرەت قىلىپ، ئۆز زامانىسىدا، ئۈچ قىتئەگە تەۋە يىگىرمە مىليون كۋادىرات كىلومېتىرلىق رايوندىكى قىرىق دۆلەتكە ئالتە ئەسىرگە يېقىن ئىمپېراتورلۇق قىلغان بۈيۈك تۈركلەردىن بىۋاستە ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم ۋە بۇ پۇرسەتنىمۇ ئاجايىپ ئېسىل قىممەتلەندۈردۈم. ھىجرەت

پائالىيىتىمنىڭ نەتىجىسى بولغان «مۇسا سايرامى يازغان ‹تارىخى ھەمىدى› ئۈستىدە تەتقىقات» (دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيە ئەسىرىم) بىلەن «قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن ئەممە پارە تەپسىرى» (ئاتاقلىق ئۇيغۇر مۇپەسسىرى مۇھەممەد زەرىف قارىھاجى يازغان ژىرىك تەپسىرشۇناسلىق ئەسىرى)لەرنى خەلقىمنىڭ مۇتالىئە ھوزۇرىغا سۇندۇم....

ھېلىھەم مۇھاجىرەتتىمەن، ھېلىھەم ئۆگىنىۋاتىمەن. ئۆگىنىش نېقەدەر ئېسىل پائالىيەت – ھە؟!....

ئۆگىنىش ھىجرەتلىك تۇرمۇشىنىڭ زىننىتى - گۈلى؛ ئۆگىنىش بىلەن كاپالەت قۇچار ھايات نۇسرىتى!

2006 – يىل، 9 – دېكابىر، شەنبە.

## ئىككىنچى باب

# ھىجرەتتە مۇشەققەت

ھىجرەت قىلىش – بىر ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ ياكى ئۆزى تەئەللۇق بولغان تۇپلۇم ـ جامائەتنىڭ ئىقبالىنى كۆزلەيدىغان توغرا ۋە دۇرۇس نىيەت ئاساسىدا، ئانا يۇرتتىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇئەييەن مەنزىلنى كۆزلەپ قىلغان سەپىرى ۋە شۇ سەپەر مەزگىلىدىكى مۇساپىرچىلىق ياشامنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدى، ئۇ ئىنسان ئۆزى تۇغۇلغان يۇرتتىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرتلاردا، چەت ئەللەردە ھايات كەچۈرىدىغان ئىش بولغاچ، ھىجرەتتە بىرىنچى بولۇپ دۇچ كېلىدىغان نەرسە جاپا ۋە مۇشەققەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، جاپا تارتىش، مۇشەققەت چېكىش – ھىجرەتلىك تۇرمۇشىنىڭ، مۇھاجىرەتلىك ياشامنىڭ تەبىئىي سوۋغىسىدۇركى، مۇشەققەتسىز ۋە زەخمەتسىز ھىجرەت بولماس، دېسىمۇ بولىدۇ. تەسىراتىمچە، ھەر قانداق بىر مۇساپىرچىلىقتا، ئىنسان ھە دېگەندىلا دۇچ كېلىدىغان مۇنداق بەش قىيىنچىلىق بولىدىكەن: بىرىنچى، پۇل قىيىنچىلىقى، ئىككىنچى، تاماق قىيىنچىلىقى، ئۈچىنچى، ياتاق قىيىنچىلىقى، تۆرتىنچى، ھاۋا ـ سۇ ياقماسلىق قىيىنچىلىقى. بەشىنچى، يەكلىنىش قىيىنچىلىقى. بۇ خىل قىيىنچىلىقلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، يېڭىش ياكى يېڭەلمەسلىك ئاداققى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇھاجىرەتلىك تۇرمۇشىنىڭ ئىستىقبالىنى ۋە ئاقىۋىتىنى بەلگىلەيدىغان گەپكەن، دەپ قالدىم ئەمەلىيەتتە كۆرگەنلىرىمگە قاراپ.

# بېيجىڭدىكى نان قىينچىلىقى

مەن 1972 - يىلى 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، تەشكىللىك ھىجرەت قىلىپ، ئىلىم ئېلىش، بىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن پايتەخت بېيجىڭغا كەلدىم.

ئوقۇش ئۈچۈن، ئۆگىنىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كەلگەن شۇ چاغدا، يىگىرمە ئىككى ياشلىق يىگىت بولمىش مەن ئۆزۈم ۋە ساۋاقداشلىرىم دۇچ كەلگەن قىينچىلىقلار ۋە ئۇ قىينچىلىقلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولغانلىقىمىزنى مۇنداق بايانلار بىلەن خاتىرىلىگۈم كېلىدۇ:

ئۇ - 1972 - يىلىدىكى بېيجىڭ. جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرغۇچى داھىي ماۋزېدوڭ تېخى ھايات. كوچا - كويلاردا كۆزگە ئەڭ كۆپ چېلىقىدىغان شوئار، پىلاكات، لوزۇنكا تېكىستى «ياشىسۇن ماۋجۇشى!» ئىدى. بېيجىڭ ئاھالىسىدىن لاتا خەي كىيىدىغانلار خېلىلا جىق كۆرۈنەتتى. قولىدا سائىتى، قوڭىدا ۋەلسىپىتى بار ئادەم «باي» ھېسابلىناتتى.

بۇ - 1966 - يىلى باشلانغان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن كېيىن، جۇڭگودا ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش يولغا قويۇلغان 2 - يىل ئىدى. «ئاستانە» دەپ تەرىپلىنىدىغان پايتەخت بېيجىڭدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغانلىقىم ئۈچۈن قەۋەتلا خوشال ئىدىم، ئەلۋەتتە.

بىز شۇ يىلى قوبۇل قىلىنغان ئىككى قىز، يىگىرمە سەككىز ئوغۇل جەمئىي ئوتتۇز بالا بىر سىنىپ بولغان ئىدۇق. كېيىن، ئارىمىزدىن بىر ساۋاقدىشىمىزنىڭ رەسىم سىزىش ئىقتىدارى بار ئىكەن، سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ رەسىم سىنىپىغا ئالمىشىپ چىقىپ كەتتى، يىگىرمە توققۇزىمىز قالدۇق. كېيىن، خەنزۇ تىلى ۋە ئومۇمىي مەدەنىيەت سەۋىيىسى بويىچە قايتا سىناق ئېلىنىپ، «72 - يىللىق يۇقىرى سىنىپ» ۋە «72 - يىللىق تۆۋەن سىنىپ» دەپ ئىككى سىنىپقا بۆلىنىپ كەتتۇق. مەن ئۇن ئۈچ

ئوقۇغۇچىلىق «72 ـ يىللىق يۇقىرى سىنىپ»قا تەقسىملەندىم.

بىزدە پۇل قىيىنچىلىقى يوق ئىدى. پىلانلىق قوبۇل قىلىنغان ۋە تەشكىللىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوقۇ ـ ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن بىزدىن ھەق ئېلىنمايتتى. پۇل قىيىنچىلىقى بولمىغان ھايات دېگەن بەختىيار ھايات بولىدۇ ـ دە. بىز ھەقىقەتەنمۇ بەختلىك ئىدۇق. ئەمما، شۇ كۈنلەردە، بىزدىن كىمكى بولمىسۇن بىر ئادەم: «سىلەرنىڭ نېمە قىيىنچىلىقىڭلار بار؟» دەپ سوراپ قويىدىمۇ، بولدى، «بىز بۇ يەردە تاماقتىن بەك قىينىلىپ كەتتۇق!» دېگەن جۈملىدە، «بەك» كەلىمىسىنى ئالاھىدە ئىنتوناتسىيە بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ ئېيتىپ، ئاغزى ـ ئاغزىمىزغا تەگمەي قاخشاپ كېتەتتۇق.

ـ قانداق قىينىلىپ كەتتىڭلار؟ سىلەرگە ۋاقتىدا تاماق ئېتىپ بەرمەمدۇ؟

ـ ياق ـ ـ ـ ەي، ئۈچ ۋاق تاماقنىغۇ ۋاقتى ـ ۋاقتىدا بېرىدۇ، بىراق، ھەر ۋاقلىق تاماق ئۈچۈن ھەمىشە ھور بولكا (جېڭ موما) بېرىدۇ، نان بەرمەيدۇ. بۇ يەردە نان يوق ئىكەن ئەمەسمۇ ـ ھەتتىگىنەي!

بىز يېڭى كەلداخۇنلار بازارغا چىقساقمۇ، دەرسكە ماڭساقمۇ، توپ ـ توپ بىللە يۈرەتتۇق. بىرىنچى بىنانىڭ ئالدىدىكى گۈللۈكنىڭ يېنىدا، مەكتەپنىڭ ئېگىز بايراق خادىسى سۆپىسى بولىدىغان. بىز تەنەپپۇسلاردا كۆپىرەك شۇ يەرگە جەم بولۇپ قالاتتۇق ۋە بايراق خادىسى سۆپىسىغا ئۇيغۇرچە يۆلىنىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ھال ـ مۇڭلىشىپ كېتەتتۇق. نان قىيىنچىلىقى زامان ـ زامان بىزنىڭ قاخشاش ماۋزۇيىمىز بولاتتى:

ـ «ھەر كۈنى يەيدىغىنىڭ جېڭموما، گاڭپەن، جېڭموما شۇ! ئاشقازان يارىسى بولۇپ كەتتىم، مەن زادى چىدىيالمىدىم ئاغىنىلەر ـ ھەي!» بىر ساۋاقدىشىمىز ـ يىگىرمە نەچچە ياشلىق ئەركەك شۇنداق دېگىنىچە ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتكەنىدى بىر قېتىم.

ھور بولكىنىمۇ، ناننىمۇ بۇغداي ئۇنىدىن قىلىدۇ ئىنسان. بىرسىنى خېمىر

قىلىپ، ئاندىن قايىنىغان سۇنىڭ ھورىدا ھوردىتىپ پىشۇرىدۇ؛ يەنە بىرسىنى بولسا، خېمىرنى ياپىلاقلاپ، ئوتتۇن ياكى كۆمۈر قالاپ قىزىتىلغان تونۇرغا يېقىپ ـ چاپلاپ پىشۇرىدۇكى، بىرسى يۇمشاق، موس ـ موس؛ يەنە بىرسى قاتتىق،چىرىس ـ چىرىس، پەرق شۇنچىلىكلا.

ـ «ۋاي مۇشۇنچىلىك پەرقىنىمۇ مۇرەسسە ـ مادارا قىلىپ قوبۇل قىلالماي، ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ كەتكۈلۈكمۇ؟» دېگەن كىم ئۇ؟

ئاڭلاپ تۇر، ئاغىنە! ئاشۇ موس ـ موس يۇمشاق ھور بولكىنى چايناپ، يالماپ بولالماي، سولىشىپ ئولتۇرۇپ كەتكەنلىرىمىز راست؛ ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلغان نانغا ئۆگىنىپ كەتكەن ئاشقازىنىمىز ئۇ يۇمشاققىنە ھور بولكىنى يات كۆرگەنلىكىدىنمۇ ياكى ياراتمىغان، ياقتۇرمىغانلىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر قوبۇل قىلماي، سىگدۈرەلمەي، يارا بولۇپ كەتكەنلىرى بەرھەق راستتۇر. شۇ تۈپەيلى، ساۋاقداشلاردىن ئوقۇشتىن ۋاز كېچىپ، يۇرتقا قايتىپ كەتكەنلەرمۇ بولغان.

بىز ئىنسان دېگەن مۇشۇنداق مەخلۇق ئىكەنمىز: ناننى خەنزۇ قېرىنداشلارغا بەرسەك،«قاتتىق ئىكەن» دەپ، ئوتقا قاقلاپ، يۇمشىتىپ، ئاندىن يەيدۇ. ئەمدى، بىز ئۇيغۇرلار بولساق، ئۇ يۇمشاق ھور بولكىنى يېسەك، ئاشقازىنىمىزغا ئاسان سىڭمەيدىكەن. روشەنكى، بۇ – تۇرمۇش ئادىتىدىن كەلگەن پەرق. ئەمما، بۇ پەرقنى ھە دېگەندىلا ئۇنداق ئاسانلا تۈگىتىۋەتكىلى بولمايدىكەن. بۇ ـ ھىجرەتلىك تۇرمۇشتا ئىنسان بىسمىللاھ بىلەن تەڭ دۇچ كېلىدىغان نەق بىر قىيىنچىلىق، مۇرەسسە قىلماق تەس بىر مۇشەققەت ئىكەن.

«ھەر كىم ھەر نېمە دەيدۇ، باشقا كەلمەي بىلمەيدۇ» ـ بۇ بىر ئۇيغۇر خەلق ماقالى. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدا، ناننىڭ بۇ قەدەر مۇھىم، بۇ قەدەر يۈكسەك ۋە بۇ قەدەر مۇقەددەس ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى شۇ چاغقىچە ئوبدان ھېس قىلىپ باقماپتىكەنمەن. يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى دېگەننىڭ بىر

مىللەت ـ بىر توپلۇمنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا نىقەدەر مۇھىم ھالقا ئىكەنلىكىنى شۇ چاغقىچە ئوبدان ئاڭقارماپتىكەنمەن.

شۇ چاغلاردا، بىزگە ئۆيدىن ئەڭ كۆپ ئەۋەتىلىدىغان نەرسە، ياق «نەرسە» دېمەي، «مۇبارەك شەيئى» دەيكى، مۇقەددەس نان ئىدى. ئون مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ، پوچتىدىن كەلگەن ئۇ نانلار قېتىپ، بولقىدا ئۇرۇپ يانچىمىسا، ئۇشتۇلمايدىغان بولۇپ كېتەتتى. كىم بىلىر، بەلكىم شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۇ نانلارنى يېسەك، تولىمۇ لەززەتلىك تېتىپ كېتىدىغان. قايسىبىرىمىزنىڭ ئۆيىدىن نان خالتا كەلگەنلىكىنى ئۇققان ھامان، ئۇ ساۋاقداشىمىزنىڭ ياتىقىغا لاچىنىدەك ئېتىلاتتۇق ـ تە، نان خالتىنى بىر دەمدىلا خۇددى پىلە قۇرۇتى ئۈژمە غازىڭىنى يېگەندەك يەپ يالمۇۋېتەتتۇق.

شۇ زاماندىكى تۈزۈلمە بويىچە ئۈچ يىل ئوقۇپ، 1975 ـ يىلى، مەزكۇر مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن بولدۇق. شۇنداق، بىيجىڭدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈردۇق ـ تە، ئەمما ئاشۇ ئۆتكەن ئۈچ يىللىق ئوقۇش ھاياتى جەريانىدا، نان قىيىنچىلىقى بىزنى قىيىنغان ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق بولۇپ زېھنىمىزدە ۋە خاتىرىمىزدە قالدى.

## قاھىرەدىكى ئۇماچ كىرزىسى

مەن دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئىجازىتى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشى بىلەن، 1996 – يىلى 10 – ئاينىڭ 5 –كۈنىدىن باشلاپ، مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بىلەن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىسلام دىنى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا بىر يىل ئىلىم تەھسىل قىلىشقا مۇشەررەپ بولدۇم. شۇ جەرياندا، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بىر بۆلەك ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچراتتىم. ئۇلار بىلەن تونۇشتۇم، مۇڭداشتىم. بىلدىمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى يول تېپىپ، داۋان ئېشىپ، دەريا

كېچىپ، قىتئە ئاتلاپ مىسىرغا كېلىپ، پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي خىراجىتى بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئەزھەرىي (ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى) لەر ئىكەن. ئۇلار يالغۇز ئىسلام دىنى بىلىملىرىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە تارىخ، قانۇن، پەلسەپە، ئەدەبىيات قاتارلىق پەنلەرنىمۇ ئۆگىنىدىكەن. بىرىنچى قاراشتىلا، ئادەمگە ئۇلارنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، كۆندىلىك تۇرمۇشى رېتىملىق، ئەمما خېلىلا جىددى كۆرۈنىدۇ. قويۇق ئارىلىشىشتىن ئالغان بىۋاستە تەسىراتىم بىلەن، ئۇلار ھەققىدە باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىرىم ئارقىلىق ھاسىل قىلغان ۋاستىلىق تەسىراتلىرىم ياخشى تىلەكلىك خاتىرەم بەتلىرىدە ئەھمىيەتلىك قۇرلارنى ھاسىل قىلدىكى، شۇنىڭ ئىچىدە، مىسىرچە تاماقتا، ئالدى بىلەن، «فۇ:ل» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۇماچقا كۆنۈش جەريانى تا ھازىرغىچە ئېسىمدە خۇددى تۈنۈگۈنكى ئىشتەكلا تۇرىدۇ.

قاھىرەگە 6 ـ ئۆكتەبىر كۈنى، قاھىرە ۋاقتى بىلەن 8 ـ 9 لاردا كەلدۇق. ئەمما، تاموژنىدىن ئۆتۈش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ، ئايروپورتتىن چىقىپ، «سومكاڭنى تارت، ساندۇقۇڭنى باس» دەپ يۈرۈپ، بىزلەر تۇرىدىغان قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتى «ئوقۇغۇچىلار شەھرى (مەدىنەتۇت تۇللاب)» گە كېلىپ، ياتاقلارغا ئورۇنلىشىپ بولغىچە، چىڭقى چۈش ۋاقتى بولۇپ كەتتى.

ـ «قاھىرەدە قورساق بەك ئاچامدىكەن نېمە؟»، ـ دېدى كىمدۇر بىرى ـ «ئاشخانىسى قەيەردە ئىكەن بۇلارنىڭ؟»

ـ «سەبىر قىلىڭلاركى، ئاشخانىدىن بۇگۈن تاماق يېيەلمەيسىلەر تېخى»، ـ دەپ جاۋاب بەردى جۇگونىڭ قاھىرەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خەن ئەپەندى ـ «بازاردىن يېگۈلۈك ئەكىرىپ بېرىمىز ھازىر، بىر ئاز تەخىر قىلىڭلار»

ـ «تامىقى قانداقراق بۇ مەكتەپنىڭ، ياخشىدۇ ـ ھە؟»، ـ جېجياڭ ئۆلكىسىدىن كەلگەن سېمىز بالا شىياۋلى ئەستايىدىل قىياپەتتە سورىدى.

- «ھەر ھالدا بولدۇ، ئەتىگەن ۋە كەچتە كافىي رەڭ ماشتىن قىلىنغان ئۇماچ بىلەن «ئەيش» چەلپەكى يەيسىلەر. چۈشتە، توخۇ گۆشلىك گاڭپەن بار كۆپىنچە. ئەمما ئېھتىياتچانلىق قىلىدىغان ئىشلار بىر مەسىلە...»، - سەل توختىۋالغاندىن كېيىن سۆزىدە داۋام ئەتتى خەن ئەپەندى - «ئەمما، تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ مىسىر تاملىقىغا كۆنۈشىمىز بىر ئاز ۋاقىت ئالىدىغان ئىشكەن. سىلەردىن بۇرۇن كەلگەنلەردىن، مەكتەپ ئاشخانىسى ئېتىپ بەرگەن مىسىرچە تاماققا كۆنەلمەي، ئۆزلىرى تاماق قىلىپ يەپ، ئوقۇپ كەتكەنلەرمۇ بولدى»

قورساق غېمى سۆھبىتىمىز تازا قىيامىغا يېتەي دېگەندە، كوچا ئاشخانىسىغا زاكاز قىلغان چۈشلۈك تاماق-ئادەم بېشىغا بىر پوت توخۇ گۆشى بىلەن ئىككىدىن بولكا كېلىپ قالدى. ھەر قايسىمىز ئۆز نېسىۋىمىزنى ئېلىپ، تەقسىم بولغان ياتاقلىرىمىزغا ئەكىرىپ، «بىسمىللاھ» بىلەن يېدۇق. چۈشتىن كېيىن، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار تاماقخانىسىدىن تاماق يېيىش رەسمىيىتى، ھەر قايسى ئوقۇتقۇچىلار بىنالىرىغا كىرىپ، دەرس ئېلىش ۋە دەرس بېرىش رەسمىيىتى دېگەندەك مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ تاماملىدۇق.

7 - ئۆكتەبىر، ئەتىگەن قاھىرە ۋاقتى سائەت يەتتە. قەدىمىي مەدەنىيەت مەنبە زېمىنلەردىن سانىلىدىغان مىسىردە ئىلىم تەھسىل قىلىشنى باشلىغانلىقىمىز ئۈچۈن، كەيپىمىز چاغ، روھىمىز كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. يېڭى كەلداخۇنلار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىرىنچى كۈندىكى تاماققا كوللىكتىپ چىقتۇق. تاماقخانا ئاستى ئامبار بولغان تۆرت قەۋەتلىك زور بىر بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتى پۈتۈن بىر زال ئىدى. زالنىڭ ئۈچ ئەتراپى پولات رىشاتكا بىلەن ئۆچىرەت كورىدورىلاشتۇرۇلغان. ئۈچ تەرەپتىكى ئىشكتىن كىرگەن تاماقلانغۇچى تەبىئىي ھالدا، كورىدور ئارقىلىق، ئۆچىرەت بىلەن، بېشىدا پاكىز ئاق ئاشپەز پوسمىسى، سولياۋ كىيدۈرۈلگەن بىر قولى بىلەن چەلپەك تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن چۆمۈچ ئوينىتىپ تۇرغان ئونلىغان ئاشپەزلەرنىڭ ئالدىغا ئاستا سىلجىيدۇ. نۆۋىتىمىز كەلگەندە، قولىمىزدىكى قاچىمىزنى ئاشپەز ئۇستامغا

ئۆزىتىمىز. ئۇستاملار شۇ قەدەر چاققانكى، هايت - هۇيت دەپ بولغىچە بىر قولۇڭغا ئۇماچ ئۇسۇلغان قاچاڭنى، يەنە بىر قولۇڭغا چەلپەك بىلەن خورما كەمپۇتنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، «ياللا! (مەرھەمەت)» دەيدۇ. ئۇن توققۇز بىنادىن تەركىب تاپقان، ئەتراپى ئېگىز تاملار بىلەن ئىهاتىلەنگەن بۇ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار شەھىرىدە، ئەڭ كۆپ بولغاندا ئون مىڭ ئادەم تۇرىدۇ دېيىلىدۇ. ئادەم جىق بولغاچ، زىلدا ولتۇرۇپ تاماق يېيىش ئۈچۈن بالدۇر كېلىش لازىم بولىدىكەن. قارىسا، نۇرغۇن ئوقۇغۇچى تاماقنى ئالىدىكەن، ياتاققا قايتىپ كېتىدىكەن. بىز مۇ شۇنداق قىلدۇق: تۇنقى ۋاخلىق تامىقىمىزنى ئالدۇق - يۇ، بالدۇرراق ئوزۇقلىنىش ئۈچۈن، ئالدىراپ ياتاقلىرىمىزغا ياندۇق.

بۇ قېتىم مىسىرغا بىلىم ئاشۇرۇش - ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە، مەندىن باشقا ئۈرۈمچىدىن كەلگەن، مەندىن ئون نەچچە ياش كىچىك بولغان ئابابەكرى مۇئەللىممۇ بار ئىدى. ياتاق بىناسىغا كەلگەندە، ئابابەكرى مۇئەللىم: «ئابدۇرەئوپ ئاكا، ئېسىل قىلىپ چاي دەملەپ قويۇپ چىققان ئىدىم. تاماقنى مېنىڭ ياتىقىمدا بىللە يەيلى» دېدى. بىر كىشىلىكتىن بولغان ياتاقلىرىمىز بەك كەڭ - كۇشادە بولسىمۇ، بىر - ئىككى ئادەمنى مېهمان قىلغىلى بولغىدەك ئىمكانلىق ئىدى. «ماقۇل» دېدىم، كىردىم. ئابابەكرى مۇئەللىمنىڭ ئىش ئۈستىلىنى داستىخان قىلىپ، ئۇماچ، چەلپەكلىرىمىزنى چىرايلىق قويدۇق - دە، ئىشتىها ئاتلىرىمىزنى قويۇۋېتىپ، ناشتا قىلىشقا ئولتۇردۇق.

بىراق، ناشتىلىق چەلپەكتىن بىر ئولۇم ئۈزۈپ ئاغزىمىزغا سېلىپ، هېلىقى ئۇماچ ئۇسۇلغان قاچىمىزنىڭ ئېغىزىنى ئاچتۇق - يۇ، هەر ئىككىمىز قېتىپ ئولتۇرۇپلا قالدۇق: ئالدى بىلەن، كافي رەڭ ماش - پۇرچاقتىن قىلىنغان بۇ ئۇماچنىڭ رەڭگى (ئەسلىدە، يېگۈلۈكنى ئۇنداق بەماقام نەرسىلەرگە ئوخشاتمىغۇلۇق ئىدى. بۇ يەردە، زۆرۈرىيەتتىن دەپ قالدۇق: ئەستەغپۇرۇللاھ!) كۆرسەڭمۇ - كۆرمىسەڭمۇ بەئەينى مۈشۈكنىڭ چوڭ تەرىتىدەك قارا، بەكلا

بەدرەڭ ئىدى. ئاندىن، بۇ ئۇماچتىن خېلىلا كۆچلۈك بولغان بىر يېقىمسىز پۇراق ئادەمنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۆچىنچىدىن، ئۇماچنىڭ ئۈستىدە ئوبدان بىر قەۋەت سۇ مېيى لىغىلداپ تۇراتتىكى، بۇنىڭ بىلەن، گېلىمىزنى بىر نەرسە بوغۇۋالغاندەك «غىققىدە» بولۇپ قالدۇق.

مەن ياشتا چوڭ بولغاندىكىن، بىر ئاز غەيرەت قىلدىم تېخى. «قانداقلا بولمىسۇن، قېرىنداش، دىنداش ئەرەب ئۇستىلار ئەتكەن تاماق بۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەت قىلايلى. يەنە دېسەك، ماش - پۇرچاق دېگەننىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ» دېگەندەك تەشۋىقات گەپلىرى بىلەن ئابابەكرى مۇئەللىمنىمۇ رىغبەتلەندۈردۈم. ئەمما، ئۆزۈمى بولمىدى. ئابابەكرى ئىنىم ئۇماچ ئۇسۇغلۇق قاچىسىنى كۆتۈرگىنىچە، ئاستا مېڭىپ، سۇخانىغا چىقىپ كەتتى.

- «بىز بىلەن بىرگە كەلگەن باشقا ئەزالارنىڭ ھەممىسى تۈكۈۋېتىپتۇ، ئابدۇرەئوپ ئاكا، قانداق ئىچكىلى بولىدۇ ئۇنداق ئۇماچنى؟»، - ئۇمىچىنى تۆكۈپ، قاچىسىنى يۇيۇپ كىرگەن ئابابەكرى مۇئەللىم غۇدراپ، قاخشاپ قويدى: «مۇشۇنداق تاماقلار بىلەن بىر يىلنى قانداق ئۆتكۈزەرمىز بۇ يەردە؟!»

شۇنداق قىلىپ، ماش ئۇمىچىنى ئىچمەس بولدۇق. ئارقىدىن، «بۇ چەلپەكتە، ئۇششاق تاش باركەن» دەپ، ئۇنىڭدىنمۇ يالتىيىپ، تۇرمۇش پۇلىنى خەرجلەپ، بازاردىن ئېسىل بولكا ئېلىپ يەپمۇ باقتۇق. بىراق، بۇ ھالدا بەرگەن تۇرمۇش پۇلى يەتمەي، غورىگۇل تۇرمۇش سەۋىيىسىگە چۈشۈپ قالدۇق. بۇ جەرياندا، «مىسىرنىڭ تامىقىغا كۆنەلمىدۇق، ھاۋاسى بەك ئىسسىقكەن چىدىيالمىدۇق. كوچا - بازار مۇھىتى بەك پاسكىنا — مەينەت ئىكەن، ئادەتلىنەلمىدۇق» دەپ، ئىلتىماس يېزىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەتكەنلەرمۇ بولدى.

- «مەنمۇ قايتىپ كېتەي، دېگەن ئويغا كەلدىم، ئابدۇرەئوپ ئاكا» دەپ،

يېنىمغا كىرىپتۇ ئاباھكرى مۇئەللىم بىر كۈنى. مەن بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن دېدىمكى: «ئىنىم، بۇ يەرنىڭ ئىسمىنى ‹مىسىر› دەيدۇ. ھە دېگەندىلا كەلگىلى بولمايدۇ. تېخى نىل دەرياسىدا ئۈزۈپ باقمىدۇق، ئەلئەھرامنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ باقمىدۇق. يەنىلا غەيرەت قىلىڭ ، ئوبدان ئىككى ئاي ئۆتۈپ باقسۇن، قېنى.»

دېمىسىمۇ، شۇ چاغدىكى مىسىرنىڭ شارائىتى بەكمۇ رەپرەپ ئىدى: كوچىغا چىقساڭ كۆرىسەنكى، كۆز ئالدىڭدىكى بىنالارنىڭ ئاپئاق تېمى بىر ئاندىلا قاپقارا بولۇپ كېتىدۇ. «بۇنىڭ سىر - ئەسرارى نېمىدۇ؟» دەپ سوراپ بولغىچە ئۆزۈڭمۇ بىلىپ قالىسەن: ئۇ مىسلىسىز دەرىجىدە زىچ ۋە توپ - توپ بولۇپ ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىنلەرنىڭ كارامىتى بولۇپ، ئۇلار قونغان تاملار ئاشۇنداق بىر ئاندىلا تۇم قارا بولۇپ كېتەتتى. نىل دەرياسىنىڭ لېۋىدە ئولتۇرساڭ، سەلكىن شامالنىڭ يەلپۈشى بىلەن، دەريا سۈيىدىن چوڭ تەرەتنىڭ قويۇق ۋە ئاچچىق پۇرىقى «گۈپ - گۈپ» پۇراپ، دېمىقىڭنى رەسۋا قىلىۋېتىدۇ. بىر كۈن بازارغا چىقىپ، بازار ئايلىنىپ كىرسەڭ، كوچىلاردىكى ماشىنىلار چىقارغان كاربۇن چالا ئوكسىدىدىن زەھەرلەنگەن كاللاڭ ئۈچ كۈن ئاغرىيدۇ ئاز دېگەندە.

ئارىلىقتا، ماڭا تەئەللۇق ئىلىم تەھسىل قىلىش كۆرسەتمىسى بويىچە، بۇ قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتى ئورۇنلاشقان جىزا رايونىدىن ئون نەچچە كىلومېتىر ئۇزاقتىكى «بۇئۇس» رايونىدا بولغان ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىگە بېرىپ، «ئۇسۇلۇددىن (ئىسلام دىنى ئاساسلىرى)» دەرسىنى ئاڭلايدىغان بولدۇم. تەنەپپۇس ئارىلىقىدا، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئەزھەرىيلەرنىڭ ياتاق رايونىغا بېرىپ، ئۇلاردىن ماش ئۇمىچى بىلەن «گىرىچ - گىرىچ» چەلپەككە قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئەمەلىي دەرس ئالماقچى بولدۇم.

- بىزمۇ دەسلەپ بەكلا ئېسەنكىرەپ، ھولۇقۇپ، ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويغىلى تاس - تاماس قالغان ئىدۇق، - دەپ تەنبىھ باشلىدى ئانا يۇرت

قارغىلىقتىن كەلگەن ۋە ئەزھەردە ئوقۇۋاتقىنىغا ساق ئون يىل بولغان يىگىرمە توققۇز ياشلىق يىگىت مۇھەممەد زۇنۇن ـ «ئۇنىڭ ئۈستىگە يېشىمىز كىچىك، سىيما باللار بولغىنىمىز ئۈچۈن، قۇم ـ شېغىللىق چەلپەكنى چاپىناپ يۇتالماي، مىشىلداپ يىغلاپ كەتكەن كۈنلىرىمىز تالاي ـ تالاي بولغان. ئەمەلىيەت ئارقىلىق تونۇپ يەتتۇقكى، «ھىجرەت» دېگەن «مېھماندارچىلىق» ئەمەس ئىكەن. جاپا ـ مۇشەققەت، بولۇپمۇ تاماق، ياتاق، ھاۋا، سۇ ۋە تۇپراقلار غەلىتىلىكى بولۇپ كۆرۈلىدىغان ئوخشىماسلىقلار ھىجرەتنىڭ سىناق بوسۇغىسى ئىكەن گويا!

ـ ھەر قانداق بىر ئىشنى ئۆز كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىشلەش بەك مۇھىم ئىكەن، ـ ئۆز تەجرىبىسىدىن مىسال ئېلىپ چۈشەندۈردى تاھىر جان ئىسمىلىك يەنە بىر بالا ـ «ئۆلۈپ قالسامۇ ئىچمەيمەن مۇنداق ئۇماچنى» دەپ غەلۋە قىلغانلارنىڭ بىرى ئىدىم ئەن يېڭى كەلگەن چاغلاردا. بۇ ھالنى كۆرگەن ئەرەب مۇئەللىم بىر كۈنى: «بىلمەك كېرەككى، جانابى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسەلاممۇ ئىچكەن ئۇماچ بۇ. شۇڭا بىز ئۇنى ئالاھىدە ئەزىزلەپ ‹قىزىل ئەتىر گۈل› ئۇقۇمىدىكى ‹فۇ:ل› كەلىمىسى بىلەن ئاتايمىز ۋە «ساباھەل خەير (ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن)»دىكى «خەير»نىڭ ئورنىغا «فۇ:ل» كەلىمىسىنى ئىشلىتىپ، «ساباھەل فۇ:ل (ئەتىگەنلىكىڭىز قىزىل ئەتىر گۈلدەك بولسۇن)» دېيىشنى ياخشى كۆرىمىز. سىز «گىرىچ ـ گىرىچ» چەلپەك دەۋاتقان ئۇ يۇپقا ناننى بىز نېمە ئۈچۈن «ھاياتلىق، تۇرمۇش، ياشام» مەنىسىدىكى «ئەيش» سۆزى بىلەن ئاتايمىز بىلەمسىز؟ چۈنكى، ئۇ بىز ئىنسانلارنىڭ ياشىمنى ئەمەلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئەڭ ئاددىي ۋە ئەڭ ئاساسلىق نان‌دۇر›› دەپ چۈشەنچە بەردى. بۇ بىر نەچچە جۈملە گەپ ئەمەلىي ئۇقۇمدا، مېنىڭ ئۆتمەس كاللامنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ بولدى بولغاي، شۇندىن بۇيانەت ماش ئۇماچتىن يالتايمايدىغان، «گىرىچ ـ گىرىچ» چەلپەككە بويۇن تولغىمايدىغان بولدۇم. كاللامدىن ئۆتكۈزۈپ يېگەنلىكىم ئۈچۈنمىكىن،

مەزكۇر «گىرىچ - گىرىچ» چەلپەك ئىستېمالى تۈپەيلىدىن، مېنىڭ بەش يىللىق كونا ئاشقازان كېسىلىم سەلىمۇل ئەزا ساقىيىپ كەتتى!

- زۆرۈر بولغاندا، باشقىلارنىڭ ماقۇل ئادىتىنى قوبۇل قىلىپ، بەرداشلىق بېرىپ داۋاملاشتۇرساڭ، سەنمۇ كۆنۈپ قالىدىكەنسەن ئاخىر، - سۆز قاتتى يۈزلىرى قىپقىزىل، سېمىز -بۇدرۇق ئەخمەت ئىسىملىك پاكار بالا - مەن ئۆمرۈمدە سوغۇق سۇ ئىچىپ باققان ئەمەس، ئانام دوختۇر بولغاچ، «قايىنىتىلمىغان سوغۇق سۇدا مىكروپ بار» دەپ، زادىلا ئىچكىلى قويمايتتى. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن قارىسام، ھەممە ئادەم سوغۇق ئىچىدىكەن. ھەتتا، دوختۇر بەرگەن سولپۇدۇن دورىنىمۇ سوغۇق سۇ بىلەن ئىچكىنىنى كۆرسىڭىز، كۈلۈپ كېتىسىز. «ھەممە ئادەم ئىچسە بولىدىكەن ئۇ سوغۇق سۇنى مەن ئىچسەم نېمىشقا بولمايدىكەن؟ مەنمۇ ئىچىپ باقايا» دەپ، ئىچتىم. بىراق، سوغۇق سۇنى ئىچىپ بولۇپ، بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن، بېشىم ئاغرىغىلى تۇردى. يەرلىك ئەرەب بالىلاردىن باشقا، مالايسىيادىن، پاكىستاندىن كەلگەن بىرگە ئوخشاش مۇساپىر بالىلاردىنمۇ سوراپ باقتىم: «سوغۇق سۇ ئىچسەڭلار سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلار ئاغرىمدۇ؟» مېنىڭ سوئالىمغا بېرىلگەن جاۋاب ئوخشاشلا بولدى: «سوغۇق سۇ ئىچسەك، بىزنىڭ بېشىمىز ئاغرىمايدۇ، ئەكسىچە جېنىمىز يايراپ كېتىدۇ. بىزنىڭ چۈشەنچىمىزچە، ئىنسان بەدىنىگە ئەڭ پايدىلىق نەرسە-تىنىق سوغۇق سۇدۇر. سېنىڭ سوغۇق سۇ ئىچكەندە، بېشىڭنىڭ ئاغرىشى ھەر ھالدا ئادەتلىنىش مەسىلىسى». شۇنىڭدىن كېيىن، مەن بېشىم ئاغرىپ كەتسىمۇ، چىداپ تۇرۇپ، سوغۇق سۇ ئىچىشنى داۋاملاشتۇرىۋەردىم. نەتىجىدە، بىر ئاي -قىرىق كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، مېنىڭمۇ بېشىم ئاغرىمايدىغان، ئەكسىچە، سوغۇق سۇنى ئىچكەنسېرى ئىچكۈم كېلىدىغان، قانچە ئىچسەم، شۇنچە سىڭىدىغان بولۇپ كەتتى...

مۇھاجىرەتلىك تۇرمۇشنىڭ ئىنسانغا بېرىدىغان تەربىيىسى ئاجايىپ تەسىرچان ۋە نەق بولىدىكەن. بالام دېمەتلىك ئەزھەرىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ

يۇقىرىقى ھايات تەجرىبىلىرى ۋە تەنبىھلىرى مىنىڭ كاللامنىمۇ ئوچۇق ھاۋالىق سۆزلۈك ئاسماندەك ئېچىۋەتتى. شۇندىن كېيىن، «فۇ:ل» ئىسىملىك ئۇماچنىمۇ، «ئەيش» ئاتلىق چەلپەكنىمۇ «پوش» دېمەي، «موك» سوقىدىغان بولۇپ كەتتىم. بۇ ھالنى كۆرگەن ھەمسەپەرلىرىم «بىزنىڭ بۇ مۇئەللىم سىلىنىڭ ئۇماچقا ئامراق چىقىپ قالدى» دەپ قويۇپتىكەن، ئەرەب ئۇستاملار ماڭا «ئالاھەدە كۆڭۈل بۆلۈپ»، قاچامغا مەزكۇر ئۇماچنىڭ يېغىدىن جىقراق سېلىپ بېرىدىغان بولۇپ كەتكەن بولدى شۇ كۈنلەردە.

مىسىردا ئۆتكۈزگەن ئۇ مۇھاجىرەتلىك كۈنلىرىمىز يىگىرمە تۆرت يىلنىڭ ئۇ تەرىپىدە قالدى. ئەمما، مۇشۇ كۈنلەردىمۇ، ئابابەكرى مۇئەللىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالساق، بىر ـ بىرىمىزگە ھېلىھەم: «ساباھەل فۇ:ل» دەپ گەپ ئېتىشىپ قويىمىز ۋە ئاشۇ كەچمىشلىرىمىزنى تاڭسۇققىنە ئەسلەپ ئۆتىمىز.

## ئەنقەرەدىكى ياتاق غېمى

1997 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، تۈركىيە جومھۇرىيىتىگە ھىجرەت قىلىپ، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ تارىخ ـ جۇغرافىيە ئىنستىتۇتى چاغداش تۈرك شىۋىلىرى فاكۇلتېتىدە، چاغاتاي ئۇيغۇرچىسى (تۈركىيەدە، ‹چاغاتاي تۈركچىسى› ياكى ‹ئوسمانلىي تۈركچىسى› دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تېكىستشۇناسلىقى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، بەش يىل ئوقۇدۇم.

چەتئەللەردە، ئالىي مەكتەپلەر ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاماق ۋە ياتىقى بىلەن مۇتلەق كارى بولمايدىكەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر ئوقۇغۇچى بىر ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ كىرگەندىن كېيىن، «خوش كەلدىڭ!» دەپ، ئۇنىڭدىن ئوقۇش پۇلىنى ئالىدىكەن، ئوقۇغۇچىلار يوقلىمىسىغا تىزىملايدىكەن ۋە ئۇنىڭ ۋاقتى ـ ۋاقتىدا كېلىپ دەرسلەرگە قاتنىشىۋاتقان

ـ قاتناشمايۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرىدىكەنۇ، بىراق، مەزكۇر ئوقۇغۇچىنىڭ قەيەردە يېتىپ ـ قوپۇشى ۋە قەيەردە تاماق يېيىشى بىلەن مەكتەپ مەمۇرىيىتىنىڭ ھېچقانداق مەسئۇلىيەتلىك ئىشى بولمايدىكەن. بۇ ئەمەلىيەتنى مەن پەقەت تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن بىلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغلاردا، تۈركىيەگە چەتئەللەردىن كېلىپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۆلەت ئوقۇش ياردەم پۇلى ئىلتىماس قىلىش ياش چەكلىمىسى 29 ياش ئىكەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوتتۇز ياشقا كىرىپ قالغان ئوقۇغۇچىنىڭ ھەر قانچە گۇمپىسى بولسىمۇ، دۆلەتتىن ئوقۇش ياردەم پۇلى ئېلىشقا ئىلتىماس قىلىش سالاھىيىتى بولمايدىكەن.

خوش، مەن قىرىق يەتتە ياشقا كىرگەندە، «مەندۇرمەن» دەپ شىلتىڭ ئېتىپ، ئوقۇشقا چىقىپ قاپتىمەن. باشتا، «مەكتەپ قوبۇل قىلدى» دەپ خوش بولۇپ، نەچچە كۈن ئۇخلىيالماپتىمەن. ئەمدى، قانداق قىلغۇلۇق؟ ياتاق قىيىنچىلىقى شۇ ئاندا، مېنى بەكلا ئېسەنكىرىتىپ قويدى.

تۈركىيەدە، ئانا يۇرتلۇق ئۇيغۇرلار بىر ـ بىرىنى «ھەمشەھىر» دەپ ئاتايدىكەن. بىر قانچە كۈن ئۆزەمچە ئويلانغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنى ھەل قىلىش ئىستىكىدە، ھەمشەھىرلەرنى ئىزدىدىم.

پۈتكۈل ئوقۇش ۋە تۇرمۇش چىقىملىرىنى ئۆزىمىز كۆتۈرىدىغان ئوقۇش ئىدى بۇ، ـ دەپ چۈشەندۈردۈم ھەمشەھىرلەرگە ـ مۇنداق ئوقۇشنى«دۆلەت، تەشكىلىنىڭ ئىجازىتى، شەخسي ھەميانىنىڭ كاپالىتى بىلەن ئوقۇش» دەيدۇ. يۇرتتىن نىيەت قىلىپ، چىقىپ قاپتىمەن، قۇرۇق قول قايتىپ كەتكۈم يوق، ئىمكانىلا بولسا، ئوقۇپ كەتسەم دەيمەن.

ئەگەر بىر ـ ئىككى ئايلىق ئوقۇش بولسىدى، قىيىنچىلىق بولماس ئىدى، ـ دېيىشتى كۆپىنچە ھەمشەھىرلەر – ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ يىل ئوقۇپ بەرمىسىڭىز «دوكتور» دېگەن ئۇنۋانىنى سىزگە ھەرگىز بەرمەيدۇ بۇ

تۈركلەر. بىراق، سىز مۇشۇ يېشىڭىزدا، «مەن يەنە ئوقۇيمەن زادى» دەۋاتقان ئەھۋالدا، بىزمۇ تەسىرلەندۇق. «ئىرادەڭ سەپەر بولسا، چىقار يول بۇ يەر بولسا» دېگەن گەپ بار. بىزمۇ بار ئىمكانىمىز بىلەن، ئىزدىنىپ باقايلى. ئەڭ مۇھىمى، شۇ ئان ئۈچۈن، ۋاقىتلىق بولسىمۇ ياتاق قىيىنچىلىقىڭىزنى ھەل قىلىشىپ بېرەيلى.

شۇ گەپ بىلەن، تۇغقان يوقلاپ ۋەتەنگە باردىغان بىر ھەمشىھىرىمىز ئۆزىنىڭ ئىككى ئېغىزلىق بىر ئۆيىنى ئىككى ئايلىق مۆھلەت بىلەن بېرىپ تۇردى. بۇ ئۆي ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان جەبەجى رايونى(Cebeci Semti)، يازغان تار كوچىسى (Yazgan Sokak) دىكى 124 - نومۇرلۇق تۆرت قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە ئىدى. بۇ يەردىن ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىغىمۇ، ئەنقەرەنىڭ مەركىزى سانىلىدىغان قىزىل ئاي مەيدانىدىكى چەتئەللىكلەرگە تۈركچە ئۆگىتىدىغان خاس مەكتەپ - - تۆمەر (TÖMER) گىمۇ بېرىش - كېلىش ناھايىتى قولاي ئىدى. بۇ قولايلىق بىلەن، ئوقۇشۇمنىڭ بىسمىللاھسى خېلى ياخشى باشلانغان بولدى.

بىراق، «ھايىنى ھۆي، توپاقنى ئۆي» دەپ بولغىچە، ئىككى ئاي مۆھلەت ئۆتۈپ بولاي دەپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۆتكەن بۇ ئىككى ئايلىق ئەمەلىيەت ماڭا نىسبىي مۇقىم بىر تۇرالغۇ بولماي، مۇھاجىرەتلىك ئوقۇشۇمنى نەتىجە ۋىسالىغا ئۇلاشتۇرۇشنىڭ بەسى مۈشكۈل بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتتى. بۇ ھالدا، يەنە تۇرالغۇ ئۆي تېپىش غېمى مېنى كۆتۈرۈپلا باستى. قانداق قىلىش كېرەك؟

بۇ چاغ دىكابىرنىڭ باشلىرى، باش قىش، ئەنقەرەنىڭ ھاۋاسى خېلىلا سوغۇق ئىدى. دەرسىم چۈشتىن بۇرۇن بولۇپ، سائەت ئون ئىككى يېرىملاردا، تۇرالغۇمغا قايتىپ كېلىپ، ئۆزۈم تاماق قىلىپ يەيتىم - دە، تاماقتىن كېيىن، سىرتقا چىقىپ، بىردەم - يېرىم دەم ئىستىراھەت قىلاتتىم.

بۇ ھالدا، كۆپىنچە، ئۆيدىن چىقاتتىم ـ دە، غەرپكە بۇرۇلۇپ، قىزىل ئاي تەرەپتىن ،كېلىپچەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلۇپ ئۆتىدىغان جەمال گۈرسەل چوڭ كوچىسى (Cemfl Gürsel Caddesi) نى كېسىپ ئۆتۈپ، يەنە ئۇدۇل مېڭىپ، ئىككى تەرىپى دۇككان ـ ماگىزىنلار بىلەن تولغان ئارا كوچا ئارقىلىق، شەھەر ئايلانما پويىزىنىڭ «جەبەجى بېكىتى» مەيدانىغا بېرىپ ئايلىنىشنى ياخشى كۆرەتتىم.

شەھەر ئايلانما پويىزىنىڭ جەبەجى بېكىتى مەيدانى دېگىنىمىز، جەمال گۈرسەل كوچىسى تەرەپتىن كېلىپ، ئىسمەت ئىنۆنۈ تەنتەربىيە مەيدانى (İsmet İnünü Stadyumu) تەرەپكە ئۆتىدىغان ئارا كوچىغا ياسالغان خېلى چوڭ بىر ئاسما كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا ئىدى. ئاسما كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، پويىزنىڭ كېلىپ توختىشىنى ـ قوزغىلىشىنى، يولۇچىلارنىڭ چۈشۈپ ـ چىقىشلىرىنى سەير ئېتىش مەندەك مۇساپىر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاچقاندەك قىلاتتى. ئاسما كۆۋرۈكنىڭ كەڭلىكى تۆرت مېتىر، ئۇزۇنلۇقى بولسا، ئەللىك مېتىر چامىسىدا كېلەتتى مېنىڭچە. كۆزىتىشىمچە، بەزى جۈمە كۈنلىرى كۆۋرۈك ئۈستىدە بىرەر ـ يېرىمتى دىۋانە تىلەمچىلىك قىلىپ ئولتۇرۇپ قالمىسا، مەندىن باشقا ئادەم مەندەك مۇنداق ئۇزۇن تۇرمايتتى. بولۇپمۇ مەندەك كۆۋرۈكنىڭ شادىسىغا چاپلىشىپ تۇرۇپ، بېشىنى كۆۋرۈك ئاستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پويىزنىڭ ئۈستىگە ساڭگىلاتقىنىچە، ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا ئويغا پېتىپ تۇرۇپ كېتىدىغان ئادەم تېخىمۇ يوق ئىدىكى، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىلارنىڭ كۆپ ھاللاردا، ماڭا يېنىپ ـ يېنىپ قاراپ قويۇشلىرى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. پويىزلار بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى كېلىپ ـ كېتىۋەردى. كۈن ئولتۇرۇپ كېتەي دەپ قاپتۇ. سوغۇقمۇ سەل ھەدەپ كەتكىلى تۇردى. «ئەمدى قايتاي» دەپ تۇرسام، كۆۋرۈكنىڭ ئىسمەت ئىنۆنۈ تەنتەربىيە مەيدانى تەرپىدىن كېلىۋاتقان 20 ـ 22 ياشلار بىلەن 40 ـ 45

ياشلار چامسىدىكى ئىككى ئەر كىشى ئۇدۇل كېلىپ مەن بىلەن سالاملاشتى:

«سەلامۇن ئالەيكۇم، ئابى!( سالام سىزگە، ئاكا)»، ـ دېدى ئۇلار تەڭلا ئاۋازدا دېگۈدەك.

ـ «ئالەيكۇم سەلام، قاردەشلەرىم!» دەپ، سالامنى ئىلىك ئالدىم ۋە يېڭىلا ئۆگەنگەن تۈركچەم بىلەن ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردىم. ھەر ھالدا، يېڭى ئۆگەنجە تۈركچەم بىلەن، ئۆزۈمنىڭ بۇ تۈركىيەلىك تۈرك ئەمەسلىكىمنى بىلدۈردۈم بولغاي.

«ئورتا ئاسيالىمىسىن (سەن ئوتتۇرا ئاسىيالىقمۇ)؟»، ـ دەپ سورىدى ياشتا چوڭى.

ـ «ئۇيغۇرۇم (مەن ئۇيغۇر)» دېدىممەن سەممىيلىك بىلەن. ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن، گويا قانداقتۇر بىر گۇمانى توغرا چىققاندەك تەرزدە باش لىڭشىتىشتى. ئارقىدىن، ھېلىقى ياشتا چوڭ قېرىندىشىمىز تولىمۇ سەممىي قىياپەت ۋە تەلەپپۇز بىلەن، مېنى ئۆزلىرىنىڭ ئىش ئورنىغا بېرىپ، بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىشىپ كېلىشىمگە تەكلىپ قىلدى.

ـ «چوك ياكىن. باك، شۇ ئىسمەت ئىنۆنۈ تەنتەربىيە مەيدانىنىن يانىندا (ناھايىتى يېقىن. قارىغىنا، ئاشۇ ئىسمەت ئىنۆنۈ تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ يېنىدىلا)»، ـ دەپ قوشۇپ قويدى ياشتا كىچىك قېرىندىشىمىز. مېنىڭ باشقا ئىشىم بولمىغاندىن كېيىن، نېزىقاپ ئۇلتۇرمايلا، رازىيلىق بىلدۈردۈم. بىز ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئىسمەت ئىنۆنۈ تەنتەربىيە مەيدانى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

ئۇلارنىڭ ئىش ئورنى ئىسمەت ئىنۆنۈ تەنتەربىيە مەيدانى بىلەن بىر كوچا ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان «فىدان سوقاغى(كۆچەت كوچىسى)» ئىسىملىك بىر تار كوچىنىڭ ئىچىدىكى 122 ـ نومۇرلۇق ئالتە قەۋەتلىك بىر بىنا ئىكەن.

بۇ بىر قانۇنلۇق جامائەتنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، مەزكۇر جامائەت بىلەن ھەمپىكىر بولغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېتىپ - قوپىدىغان ياتاقلىرىمۇ بار ئىكەن. ئۇ ئىككى قېرىنداش مېنى بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى بىر ئىشخانىغا باشلاپ كىردى. ئۇلارنىڭ ياشتا چوڭىنىڭ ئىسمى شۇئەيب بولۇپ، مۇشۇ مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ باشلىقى ئىكەن. كىچىكىنىڭ ئىسمى بولسا، مۇستافا بولۇپ، سۈرىيەدىن كېلىپ، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇچۇر - ئالاقە كەسپى فاكۇلتېتىدە ئوقۇۋاتقان ستودېنت ئىكەن. ئىشخانا ئىچى تولىمۇ ئىللىق ئىدى. بىز تۈزۈتسىز ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا مۇڭداشتۇق. مەلۇم بولدىكى، سۈرىيەلىك قېرىندىشىمىز مۇستافا بۈگۈن بىلەن قوشقاندا، مېنى ئۈچ قېتىم ئاشۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە، بېشىمنى ساڭگىلىتىپ، پويىزنى كۈزىتىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپتۇ. «بېشىدا ئاسناق (قول ھۈنەرۋەن) لەر كىيىدىغان ئاددىي كەپكە، ئۇچىسىدا، قىممەت دېگۈچىلىكى يوق رەختتىن تىكىلگەن ئاددىي پەلتۇسى بار بۇ ئوتتۇرا ئاسىيالىق چىراي مۇسۇلمان قېرىندىشىمىز نېمىشقا مۇنداق ئۇزاقتىن ئۇزاق پويىزنىڭ رېلىسىغا قاراپ تۇرىدىغاندۇ؟ بىچارە بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولمىسا ۋە كاللىسىدىن ئۆتمىگەن بىر ئىش تۈپەيلىدىن ئۆزىنى پويىزنىڭ ئالدىغا تاشلىۋەتمىسە - ھە؟» دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈپتۇ - دە، باشلىق شۇئەيب ئابىغا بۇ كۆرگەن ۋە ئويلىغىنىنى ئېيتىپتۇ. مۇستافانىڭ تەسۋىرىنى ئاڭلىغان ۋە تەسەۋۋۇرىنى پىكىر غەلۋىرىدىن ئۆتكۈزۈپ كۆرگەن مۇسۇلمان كۆڭۈل شۇئەيب ئابى ھايال بولمايلا، مۇستافانى يول باشلىتىپ، ئاسما كۆۋرۈككە يۈرۈش قىلىپتۇ.

يۈزى تولۇن ئايدەك يۇپ - يۇملاق، چىرايىدىن سەممىيلىك ۋە مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان شۇئەيب ئابى (ياشتا ئۆزىدىن كىچىكمۇ چوڭمۇ ئوخشاشلا «شۇئەيب ئابى» دەيدىكەن. شۇڭا مەنمۇ شۇنداق دېدىم. قارىغاندا، بۇ يەردىكى «ئابى» سۆزى «ئاكا» ئۇقۇمىدىن باشقا، «ھۆرمەت ساھىبى، غەمگۇزارىم» دېگەن بولىدىغاندەك) مېنىڭ تۈركىيەگە دوكتور ئۇنۋانى ئوقۇشى ئۈچۈن

كەلگەن قىرىق يەتتە ياشلىق دوتسېنت ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىمنى بىلگىنىدە، تەكرار - تەكرار: «ماشاللاھ! ماشاللاھ! (كۆز تەگمىسۇن! كۆز تەگمىسۇن)» دەپ كەتتى. قىممەتلىك يېرى، ئۇ مېنىڭ يۇرتتىكى مەكتىپىمدىن مائاشى توختىتىلغان، تۈركىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىنمۇ ئوقۇش ياردەم پۇلى ئېلىشقا ئىمكانسىز قالغان بىر ياشانغان ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىمنى بىلگىنىدىمۇ، ھېچ ئېسەنكىرىمىگەن ھالدا ئوخشاشلا قىزغىنلىق بىلەن: «ھاللەدەجەز، ھاللەدەجەز، مەراكەتمە ئابى (ھەل قىلىمىز، ھەل قىلىمىز، ئىچىڭنى سىقما، ئاكا)» دېدى.

«بۇغداي نېنىڭ بولمىسىمۇ، بۇغداي سۆزۈڭ بولسىيكەن» دېيىلىدۇ بىزدىمۇ. بۇ بۇغداي سۆزلەرنى ئاڭلاپ، قەۋەتلا خوش بولۇپ قالدىم. ئارىلىقتا، شۇئەيب ئابى مۇستافاغا «چاي گېتىرسىنا (چاي دەملەپ كىرگىن)» دەپ بۇيرىدى. شۇ ئەسنادا، مەن ئىشخانىدىكى كىتاب جاھازىلىرىغا ۋە ئۇنىڭدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان كىتابلارغا نەزىرىمنى ئاغدۇردۇم. بۇ - ھەر ھالدا بىز زىيالىيلاردىكى ئورتاق كېسەل. بىر يەرگە بارساق - تۇرساق، ئۇ يەردىكى كىتاب جاھازىلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى كىتابلارغا بويۇندايمىز دەسلەپ.

- «كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟» ئەدەپ يۈزىسىدىن سورىدىم شۇئەيب ئابىدىن.

- «بۇيرۇن (مەرھەمەت)!» دېدى ئۇ راھەتلىك ۋە رازىيمەنلىك بىلەن.

قارىسام، كىتاب جاھازىسى ئىچىدە، بىز مەملىكەتتە «چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى» دەيدىغان، تۈركىيەدە بولسا، «چاغاتاي تۈرك يېزىقى» ياكى «ئوسمانلىچە» دەپ ئاتىلىدىغان كلاسسىك يېزىقتا يېزىلغان تۇم - تۇم كىتابلار تۇرۇپتۇ. ئىختىيارى ھالدا، ئارىدىن بىرسىنى ئېلىپ كۆرۈپ باقتىم. كىتاب ماۋزۇسى «ئوتتۇز ئۈچۈنجۈ پەنجەرە (ئوتتۇز ئۈچىنچى پەنجىرە)» دەپ قويۇلغان. ئاپتورى بۈگۈنكى زامان ئىسلام دۇنياسىدا، ئۆز مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن «قۇرئان كەرىمنى يېڭىدىن يېڭى چۈشەنچىلەر بىلەن مۇكەممەل ئىزاھلىغان ئالىم» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان «سەئىيد نۇرسىي» ئىسىملىك مەرھۇم

زات ئىدى.

- «بۇ يازىيى ئوكۇيا بىلىرسىن دەيلمى، ئابى (بۇ يېزىقنى ئوقۇيالايدىكەنسەن - دە، ئاكا، شۇنداقمۇ)؟»، - شۇئەيب ئابى گويا تەڭداشسىز قىممەتلىك بىر نەرسە تېپىۋالغان ئادەمدەك شادىيانە قىياپەتتە سوردى.

- «بەنىم مەسلەگىم شۇ، ئوسمانلىجا ئەلىيازمىلار ئۈزەرە چالىشىجام (، چاغاتاي تۈرك يېزىقى قولياملىرى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مېنىڭ كەسپىمدۇر)»، - تەمكىن جاۋاب بەردىم.

- «ماشاللاھ، ماشاللاھ! (كۆز تەگمىسۇن، كۆز تەگمىسۇن!)»، - يەنە تەنتەنە قىلىپ كەتتى شۇئەيب ئابى - «ئاللاھ گۆندەرەن بىزىم مىسافىرىمىزمىشسىن - يا! بىزە گەل ۋە بىزىم ئۆۋرەنجىلەرە ھوجالىك ياپ، تامام مى (ئاللاھ ئەۋەتكەن دەل بىزنىڭ مېھمىنىمىز ئىكەنسەن. كەلگىن - دە، بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا مۇئەللىملىك قىل، بولامدۇ؟)»

بولۇنغان گەپ شۇ. شۇنىڭ بىلەن، مېنىڭ تۈركىيەدىكى ياتاق غېمىم تولۇقى بىلەن ھەل بولدى. مەن بۇ يەردە، ئاز كەم بەش يىل تۇردۇم. خۇددى شۇئەيب ئابى دېگەندەك، مەن بۇ مەدەنىيەت مەركىزىدە يېتىپ - قوپىدىغان تۈرلۈك كەسپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا چاغاتاي تۈرك يېزىقى بويىچە مۇئەللىملىك قىلدىم. ئاتاقلىق مۇپەسسىر سەئىيد نۇرسىينىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدىم. ئەڭ مۇھىمى، بۇيەردىكى ئابىلاردىن ۋە بالام دېمەتلىك ئوقۇغۇچى باللاردىن ئاجايىپ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەندىمكى، بەختىيار ئوقۇغۇچى بولدۇم. بۇ ھەقتىكى جەريانلارنىڭ مېغىزلىق يەرلىرىنى ۋە قىممەتلىك كەچۈرمىشلەرنى بۇ ئەسىرىمنىڭ «تۈركىيەدىكى مېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىم» دېگەن بابىدا بايان قىلىمەن، ئىنشا ئاللاھ!

2010 - يىل، 22 - ئىيون، چارشەنبە.

ئۈچىنچى باب

# ھىجرەتتە يەكلىنىش ۋە ئۇنى سەۋر بىلەن يېڭىش

مۇھاجىرەتلىك تۇرمۇشتىكى يەنە بىر تەبىئىي قىيىنچىلىق ـ يەكلىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېڭى بىر ماكانغا بېرىپ، يېپيېڭى بىر مۇھىتقا «بىسمىللاھ» دېگەن چېغىڭدا، ئۇ يەرنىڭ ئابۇ ھاۋاسىدىن باشقا، شۇ يەرگە سەندىن بۇرۇنراق كېلىپ يەرلەشكەن قېرىنداش ـ تۇغقانلىرىڭنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل خەلق سەن يېڭىكەلداخۇننى ئاگىلىق ـ ئاگسىز ھالدا، ئازدۇر ـ كۆپتۇر يەكلەيدىغان گەپكەن. ئادەتتە، ئارىغا ئالماسلىق، ئەتەي قولاي ئىمكان بەرمەسلىك، قەستەن قىيىنچىلىق پەيدا قىلىپ مۈشكۈللۈك ھېس قىلدۇرۇش قاتارلىق كونكرېت پائالىيەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىدىغان يەكلىنىشنى «يېڭى مۇھىت، يېڭى ماكانغا مېھمان نوپۇس بولغۇچىلارنىڭ ئالدىنى توسىدىغان تەبىئىي توساق، ھىجرەت قويىنىدا، غايە سەۋداسى بىلەن پۇچلىنىۋاتقان يۈرەكلەرنىڭ ئىرادە چېكىنى سىنايدىغان، غەيرەت سۈپىتىنى تەكشۈرىدىغان بىر سىناق تېشى» دېسە بولىدىكەن ئەمەلىيەتتە.

### «ھەل قىلىمىز، ئاكا، ئىچىڭنى سىقما!»

يۇقىرىدا دېگىنىمدەك، ئوسمانلىچە كلاسسىك تىل ـ يېزىقنى ياخشى بىلگەنلىكىم شاراپىتى بىلەن، تۈركىيەگە كەلگەن تۇنجى يىلىلا مۇقىم تۇرۇپ يېتىپ قوپىدىغان ياتاق تېپىۋالدىم. شۇئەيب ئاكا مېنى «يېڭى ئاسىيا جامائىتى

ئەنقەرە مەدەنىيەت مەركىزى» ئاتىلىدىغان ۋە مەزكۇر جامائەتكە تەئەللۇق بولغان ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى يېتىپ - قوپىدىغان بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ 4 - قەۋىتىدىكى يەتتە ئېغىز خانىسى بار 8 - نومۇرلۇق ئۆي (تۈرك قېرىنداشلار مۇنداق كۆپ ئېغىزلىق ئۆينى «دائىرە» دەپ ئاتايدىكەن) دىكى بىر كىشىلىك ياتاقخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. مەزكۇر دائىرىنىڭ يەتتە خانىسىنىڭ بىرسى بىر كىشىلىك، ئىككىسى كۆپ كىشىلىك ياتاقخانا، بىرسى ئوقۇغۇچىلار دەرس تەكرارلايدىغان، كىتاب كۆرىدىغان خاس ئۆگىنىش ئۆيى، بىرسى ناماز ئوقۇش ۋە مۇزاكىرە - مەجلىس ئۆيى، قالغان ئىككىسى بولسا، هاجەتخانا ۋە مۇنچا بولۇپ، ماڭا بېرىلگەن بىر كىشىلىك ئۆي گەرچە ئېچىلسا كارۋات، يېپىلسا ئورۇندۇق بولىدىغان بىر سايا ۋە بىر دانە ئۆگىنىش ئۈستىلىلا قويغىلى بولىدىغان بەش كۋادرات مېتىرلىق كىچىك خانا بولسىمۇ، ئىشىكنى «گۈپ» تاقىسا، ئۆزىگىلا خاس دۇنيا بولىدىغان ئۆزگىچىلىكى بىلەن، ھەممىنىڭ دىققەت نەزىرىگە ۋە ئىلىك - ئېتىبارىغا سازاۋەر بىر خانا ئىكەندۇق. 47 ياشلىق بىر چارباش، يەنە كېلىپ بىر يابانجى (چەتئەللىك) ئادەمنىڭ بۇ خاس دۇنيانىڭ خوجايىنى بولۇشى قالغان يىگىرمە ياشنىڭ ئالدى كەينىدە بولغان سەككىز ئەزانىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى بولغاي ھەر ھالدا.

دەسلەپكى بىر - ئىككى كۈندە، ھەممەيلەن تونۇشمۇتۇشتىن كىرىپ، ھال - ئەھۋال سوراپ، «ھوش گەلدىنىز ئۇيگۇر ئابى (خوش كەلدىڭىز، ئۇيغۇر ئاكا!)» دېيىشتى ۋە خۇشچىراي بىلەن مېھمانلىدى. بىراق، ئۈچىنچى كۈندىن باشلاپ خىيمانلاشقا باشلىدى: دائىرە بويىچە ھەممىدىن كىچىك سانىلىدىغان ئورخان خۇيتەن نامزىدىن كېيىن، مېنىڭ ئىشىكىم بار تامنى نىشان قىلىپ، پۇتبول توپى تېپىشنى مەشق قىلىدىغان، «ئاپلا، مايماق كېتىپ قالدى» دەپ قويۇپ، بىۋاستە مېنىڭ ئىشىكىمنى توپقا تۇتىدىغان بولىۋالدى. سائەت ئونلاردا «بولدى» قىلسىغۇ مەيلىيدى، بەزىدە تۈن كېچە بىر - ئىككىلەر بولۇپ كېتەتتى. دەسلەپ ئۆزىگىلا ئىلتىماس قىلدىم:

«سائات ئون ئولۇنجا بۆيلە ياپمازسان ئولۇرمۇ، كاردەشىم؟» (سائەت ئون بولغاندا، مۇنداق قىلمىساڭ بولۇرمۇ، قېرىندىشىم؟). ئىلتىجايىم كار قىلمىدى. ئاندىن، دائىرە باشلىقىغا شىكايەت قىلدىم.

«هاللەدەجەز، هاللەدەجەز، مەراكەتمە ئابى! (هەل قىلىمىز، هەل قىلىمىز، ئىچىڭنى سىقما، ئاكا)» دېدى ـ يۇ، ئارقىدىنلا: «ئو داها بىر چوجۇك يا! (ئۇ تېخى بىر كىچىك بالا دېگىنە!)» دېگەننى ئىلاۋە قىلىپ، ئۆزىدە، كىچىكىنە ئورخاننىڭ بۇ خىل قەستەن پاراكەندىچىلىك سېلىش يولى بىلەن، مەن يېڭىكەلداخۇنغا قىلىۋاتقان ئېنىق هالدىكى يەكلەش پائالىيىتىنى چەكلەش ئويىنىڭ يوقلۇقىنى ئىپادىلىدى. دېمەك، بۇ ئەمەلىيەتتە، مەزكۇر 8 ـ دائىرىدىكى سەككىز قېرىنداشنىڭ ئورتاق ئىنكاسى ئىدى.

مەندە، مۇشۇنداق كوللىكتىپ قارشىلىق ياكى يەكلەشكە دۇچ كەلگەندە، ئالدىراپ سەكرەپ ـ چېچاڭشىپ كەتمەي، سەل ـ پەل تۇرىۋالدىغان، «نېمە ئۈچۈن؟»نى ئۆزۈمگە قويۇپ، سەل ئويلىنىۋالىدىغان بىر مىجەز بار. شۇ مىجەزىم بىلەن، بۇ ئىشنى ئالدىراپ، مەركەز باشلىقى شۇئەيب ئاكىغا دېمىدىم. ئۇ باشلىقىمىز بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇ «ناسىلسىن؟ (ئەهۋالىڭ قانداق؟)» دېسە، «ئىيىيىم (ياخشى)» دېدىم. «ناسىل ئىيى؟ (قانداق ياخشى)» دېسە، «چوك ئىيى (ناهايىتى ياخشى)» دەپ جاۋاب بەردىم. ياتاقداشلىرىمغىمۇ بۇ خىل يەكلەشكە چىدىيالمىغانلىقىمنى بىلدۈرمىدىم. ئەسلىدە، كەچتە، خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن، ئەرتىكى دەرسكە ئائىت كىتاب كۆرىدىغان چېغىمدا، ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ ئولتۇراتتىم. ئەمدىلىكتە بولسا، ئىشىكنى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىپ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيدىغان، پەرۋاسىز ۋە راهەت ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلەيدىغان بولدۇم. ئىشىكىم ئوچۇق بولغاچ، بەزىدە «توپ يانتۇ كېتىپ»، بىۋاستە ئۆيگىلا كىرىدىغان، بەزىدە ئۇستىباشلىرىمغا تېگىپ كېتىدىغان چاغلارمۇ بولدى. بۇ هاللاردىمۇ هەرگىز چېچىلمىدىم، توپنى ئەدەپ بىلەن ئاستا تېپىپ بەردىم، بەزىدە، هەتتا ئۆز قولۇم بىلەن ئەپچىقىپ،

ئورخان قىرىندىشىمنىڭ ئايىغىغا رازىمەنلىك بىلەن تاشلاپ بەردىم.

مىنىڭ نەزەرىيەمچە، ئەڭ ياخشى ئىنكاس، ئەڭ تور يەيدىغان گۈزەل تۇيغۇ گەپ بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەپ بىلەن، گۈزەل پائالىيەت بىلەن ئىپادىلەنگەندىلا، ئاندىن ئۇ ئوبيېكتقا، قارشى تەرەپكە ئەجەللىك تەسىر قىلىدۇ ۋە چەندىكىدەك ياخشى نەتىجە بېرىدۇ. ھەر ھالدا مۇشۇ ياشام مىزانىم رول ئوينىدى بولغاي، مەن دۈچ كەلگەن بۇ يەكلىنىش قىيىنچىلىقىغا نىسبەتەن كۆرسەتكەندىغان ئىنكاسىمنى سەۋر ئاساسىغا قۇرۇلغان بىر ماقۇل پائالىيەت بىلەن ئىپادىلەش قارارىغا كەلدىم ۋە مۇشۇ ئەھۋالدا، ئۆزۈمنىڭ يەكلىنىشكە ھەقلىق ياكى ئەمەسلىكىمنى تارازىلاپ كۆردۈم:

مەن بۇ ئاناتولىيە يېرىم ئارىلىدىن ئون مىڭ كىلومېتىرلارچە ئۇزاقتا بولغان ئۇيغۇر دىيارىدىن كەلگەن بىر ئۇيغۇرمەن. گەرچە تۈركلەر بىلەن بىز ئىرق جەھەتتىن قېرىنداش بولساقمۇ ، ئەمما نېمىلا دېگەن بىلەن، بۇ ئاناتولىيەدە تۈرك دۆلىتىنى بەرپا قىلغان ۋە بۈگۈنكى دۇنيادا «تۈركىيە» ئاتالغان بىر دۆلەتنىڭ ساھىبى بولغان يەرلىك تۈرك پۇقراسى بىلەن ھەق ۋە ھوقۇق جەھەتتە تەڭ قىممەتلىك بىر ئىنسان ئەمەسمەن. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئوخشاش بىر مۇھىتتا، ئۆزلىرىنىڭ كۆپ كىشىلىك ياتاقتا قېلىپ، مېنىڭ بىر يالغۇز كىشىلىك راھەت ياتاقتا ئىگە بولۇشۇمنى «تەييارغا ھەييار بولغانلىق» ساناپ، مېنى يەكلەش پوزىتسىيىسىدە بولۇشى ئۇلار ئۈچۈن ھەقلىق ئىشتۇر. ئەمىسچۇ؟

دەرۋەقە، ماڭا بۇ يالغۇز كىشىلىك راھەت ياتاقنى دائىرە باشلىقى ياكى ياتاقداشلىرىم بەرمىدى، بەلكى مەركەز باشلىقى بەردى. ھەتتا مەن بۇ ياتاقنى ئۆزۈمنىڭ ئوسمانلىيچە تىل ـ يېزىقتىكى ماھارىتىم بىلەن قازاندىم دېسەممۇ بولىدۇ. ئەمما، مېنىڭ بۇ ياتاقداشلىرىم مېنىڭ ئۇ ئىقتىدارىمنى تېخى كۆرمىدى، مېنىڭ بۇ ياتاقتا تۇرۇشقا ھەق قازىنىشىمنىڭ بىر نورمالسىزلىق ئەمەسلىكىنى دەلىللەيدىغان ھېچبىر ئەمەلىي پاكىتقا ھالا ئېرىشمىدى. بۇ ھالدا، ئۇلارنىڭ ماڭا سالقىن پوزىتسىيىدە بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال بولامدۇ ـ قانداق؟

بىر ئىنساننىڭ ئۆزىنى بىر توپ جامائەتكە ئېتىراپ قىلدۇرۇشى ئۈچۈنمۇ، بىر جامائەتنىڭ ئۆز قوينىغا يېڭىدىن كىرىپ كەلگەن بىر ئەزاسىنى ھەقلىق رەۋىشتە قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ تۆرگە ياكى پايگاھقا لايىقلىق سالاھىيىتى بىلەن ئېتىراپ قىلىشى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇئەييەن ۋاقىت ـ زامان تەلەب قىلىدىغان بىر جەريان كېتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ جەرياننىڭ ئۇ قەدەر تىنىچ، جىمجىت، راھەت ۋە دولقۇنسىز بولۇشى مۇمكىنمۇ ئاخىر؟

ئۆز ئۆزۈمنى تارازىلاپ كۆرگىنىمدە، يۇقىرىقىدەك سوئال نۇقتىلىرى مېنى سەۋرگە ئۈندىدى. ھاياتلىق سەپىرىمدە، كۆپىنچە، ئىقتىدارلىق، ئۆزى ئۈزىگە ئىشىنىدىغان ئادەملەرنىڭ ئەڭ سەۋرچان كېلىدىغانلىقى دىققىتىمنى چېكىپلا كەلگەنلىكى كۆز ئالدىمدا نامايەن بولدى. ھالبۇكى، مەن بۇ يەردە، ئاشۇ ھەقىقىي ئىقتىدارلىق بولغان، ئەمما ھەر قانداق شارائىتتا ھولۇقۇپ كەتمەيدىغان، ئىقتىدار بىلەن ئىشەنچ ئاساسىغا قۇرۇلغان سەۋرچانلىق ئارقىلىق، نەسىر ـ نۇسرەت قۇچقانلارنى ئۆرنەك قىلغۇم كەلدى. ئەربلەرمۇ: «ئەس سەبر ۋەن نەسر (سەۋر قىلساڭ، نۇسرەت قۇچىسەن)» دەيدىكەنغۇ؟

## «قىرىق بىرىنچى كوچىغا قانداق ماڭىمىز؟»

ئارىلىقتا يۈز بەرگەن مۇنداق بىر قىستۇرما ۋەقە ماڭا ھىجرەتتە يەكلىنىشنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىنى كۆرسەتتى گويا.

مەن تۈركىيەگە بارغان شۇ تۇنجى يىلىنىڭ نويابىر ئېيىدا، بىر زۆرۈرىيەت بىلەن، تۈركىيەنىڭ ئەڭ چوڭ شەھىرى ئىستانبۇلغا بېرىپ قالدىم. مەنزىلىم ئىستانبۇل شەھىرى زەيتىن بۇرنۇ رايونى 41 ـ كوچىدا ئولتۇرۇشلۇق خېلىل ھاجىمنىڭ ئۆيى ئىدى. خېلىل ھاجىم بىلەن ئەنقەرەدە تونۇشۇپ قالغان ۋە ئالاقىلىشىپ تۇرۇشقا، كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا ۋەدىلەشكەنىدۇق.

ئەنقەرەدىن چىققان ئاپتوۋۇزىمىز سەككىز سائەتتىن سەل ئارتۇقراق ۋاقىت

مېڭىپ، ئىستانبۇلغا يېتىپ كەلدى ۋە كاتتا بىر يولۇچىلار ئاپتوۋۇز بېكىتىدە توختىدى. بېكەتتىن چىقىپ، ئىستانبۇل شەھىرى ئىچىدە قاتنايدىغان كوچا ئاپتوۋۇزىغا چىقتىم. مەن بارىدىغان مەنزىلدىكى بېكەتنىڭ ئىككى ئېتى بارلىقىنى نەدىن بىلەي، يېڭىياچىلىقتا، ئاپتوۋۇزدىن خاتا چۈشۈپ، 41 - كوچىنى دەماللىققا تاپالماي، ئېزىپ قالدىم.

مەن تىڭىرقاپ قالغان ئۇ جاي كوچىنىڭ خېلى ئاۋات بىر يېرى بولۇپ، 30 - 40 قەدەمچە نېرىدا، بىر پوچتىخانا، ئۇنىڭ ئالدىدا قازان قالپاققا ئوخشايدىغان ئايرىم بۆلۈمچىلىك بىر قانچە ئاممىۋى تېلېفون تۇراتتى. كەچ كۈز بولغاچ، هاۋا ئوبدانلا سۆرۈن ۋە غۇر - غۇر شاماللىق ئىدى. مەن ئىككىلەنمەيلا، بىر تېلېفون ئالدىغا بېرىپ، زىيارەت نىشانىم بولغان خېلىل هاجىمغا تېلېفون قىلدىم. تېلېفوندا مەن ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان يەرنى بىر تەسۋىرلەپ بەرگىنىمدىن كېيىن، هاجىم كۆرسەتمە بېرىپ : «سىلە ئىككى بېكەت بۇرۇن چۈشۈپ قاپلا. ئەتراپلىرىدىكى كىشىلەردىن بىرسىدىن سورىۋېتىپ، ئالدىلىرىغا ئىككى بېكەت ماڭسىلىرىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، شۇ تۇرغان جايلىرىدا تۇرۇپ تۇرسىلا، مەن ئالدىلىرىغا كېتىۋاتىمەن» دېدى. تېلېفوننى قويدۇم - دە، ئەتراپىمغا باقتىم. قارىسام، پوچتىخانىنىڭ ئالدىدا ئىككى ياش بالا پاراڭلىشىپ تۇراتتى. زەڭ سالسام، ئۇلار ئۇيغۇرچە گەپلىشىۋېتىپتۇ. مەن خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ، دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىش ئۈچۈن قەدەم ئالدىم.

- «ئاينا، بىزگە قاراپ كەلدى»، - دېدى قولىدا تاماكا بار بىرسى مېنىڭ كېلىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ. بىراق، نېمىشقىدۇر مەن دەل ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلەي دېگەن چېغىمدا، خۇددى بىرسى ئۇلارغا كوماندا بەرگەندەكلا قىياپەت ۋە تېزلىك بىلەن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، ماڭا دۈمبىسىنى قىلىۋالدى. شۇنداقتىمۇ مەن هېچ ئىككىلەنمەستىن، هاجەتمەن يۇرتداشلىق ئاۋازىم بىلەن: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دېدىم.

- ئالەيكۇم سالام!( بىز «ئەلەيكۇم» دېسەك، تۈركلەر مۇشۇنداق «ئالەيكۇم» دەيدىكەن) ، - دەپ سالامىمنى ئىلىك ئالدى دەل شۇ چاغ پوچتىخانا ئىچىدىن چىقىپ كەلگەن بىر تۈرك قېرىنداش مېنىڭ ئۇ چىقىپ كېلىۋاتقان تەرەپكە يۈزلىنىپ تۇرۇپ سالام قىلغىنىمنى بايقاپ - ياردىمچى ئولا بىلىرمىيىم (سىزگە ياردەمچى بولايمۇ؟)، - دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ تۈركلەرنىڭ ئادىتى بويىچە.

مۇشۇ چاغ ۋە ئەھۋالدىمۇ ھېلىقى ئىككى يۇرتدېشىم ماڭا قوڭلىرىنى يۈزلەندۈرۈپ تۇرىۋېرىشتى. شۇ ھالدا مەن ئىلاجىسىز، پېتىمنى بۇزمىغان ھالدا، سورايدىغىنىمنى ئۇ ياخشى كۆڭۈل تۈرك قېرىنداشتىن سورىدىم:

- پاردون، كىرىك بىرىنجى سوكاگا ناسىل گىدىجەز (كەچۈرسىز، قىرىق بىرىنچى كوچىغا قانداق ماڭىمىز)؟

- باك، شۇرادان سولا دۆنەرەك گىدەبىلىرسىن بەنجە. (قارا، ئاۋۇ يەردىن سولغا بۇرۇلۇپ ماڭساڭ، بولىدىغۇ دەيمەن)

مەن ئۇ تۈرك قېرىنداشىم كۆرسىتىپ بەرگەن يولغا يۈرۈپ كەتتىم. بىر ئاز ماڭدىم - يۇ، كۆڭلۈم دېلىغۇل بولۇپ، «ئۇ تۈرك قېرىنداشىمۇ ‹ماڭساڭ بولىدىغۇ دەيمەن› دەپ ئىنتاگراق گەپ قىلدى. خاتا مېڭىپ قالسامچۇ؟ ‹ئالدىلىرىغا كېلىۋاتىمەن› دېگەندىن كېيىن، ئاشۇ جايىمغا قايتىپ بېرىپ، ساھىبخان ھاجىمنى ساقلاپ تۇرايچۇ» دەپ ئويلىدىم - دە، يەنە ھېلىقى پوچتىخانا ئالدىغا قايتىپ كەلدىم.

كەلسەم، ھېلىقى يۇرتداشلىرىم پوچتىخانىنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، بەڭگى پارىڭى قىلىشىۋاتقانىكەن. مېنىڭ كەلگىنىمنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بىراق، ئالدىمغا كەلمىدى. مېنىڭمۇ ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارغۇم كەلمىدى. ھېلىقى ئاممىۋى تېلېفون بار تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇلارنى ئىلمىغان قىياپەتتە تۇردۇم. ئەمما، قۇلىقىم ئۇلاردا ئىدى.

- قارا، 41 - كوچا ئىشەدە تۇرسا تاپالماي، قايتىپ كەپتۇ، - دېدى قولىدا تاماكىسى بار بالا قولىدىكى يېڭىلا تۇتاشتۇرۇلغان تاماكىسى بىلەن مېنى جۆنەپ تۇرۇپ.

- ئى كىيىۋاغان تۈركچە شەپكىسىنى كۆرۈڭا، ئاسناپ (قول ھۈنەرۋەنلەر) مۇ كەيمەيدۇ ئۇنداق شەپكىنى، ۋاي، سەرالىق دادام - ھەي!

- سومكا ئېسىۋاغىنىغا قارىغاندا، ئوقۇغۇچىمىدىيا؟

- ئا چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكىنىنى كۆرمىدىڭما؟ مۇشۇنداقمۇ قېرى ئوقۇغۇچى بولامدۇ دېگىنە!

شۇ ئاندا، مەن ھېلىلا قايتىپ كەلگەن كوچا تەرەپتىن «مۇئەللىم!» دەپ توۋلىغىنىچە خېلىل ھاجىم يېتىپ كەلدى. ھاجىمنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەن تەڭلا ئۇ ئوبزورچى باللار «شارتتىدە» ئارقىسىغا ئۆيرۈلۈپ، پوچتىخانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى. ھاجىم بىلەن ئىككىمىز قىزغىن كۆرۈشتۇق ۋە يانمۇيان مېڭىپ، مەنزىل تامان يۈرۈپ كەتتۇق.

ئەرتىسى ئەتىگەندە، ھاجىم بىلەن بىللە قورۇسىدىن چىقىپ كېلىۋاتساق، ھاجىم بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇرىدىغان قورۇدىن بىر بالا چىقىپ، ھاجىم بىلەن سالاملاشتى ۋە يېنىمدىن سۈۋشىپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئېنىق تونۇدۇم، ئۇ تۈنۈگۈن پوچتىخانا ئالدىدا مېنى ئىلىك ئالمىغانلارنىڭ ئىچىدىكى بەڭگە بالا شۇ ئىدى....

## «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ»

تۈركىيە بىر دېموكراتىك دۆلەت بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، جەمئىيەتتە، سىياسى كۆز قاراش، مەسلەك - مەتلەپلىرى ئوخشاشمايدىغان جامائەتلەر توپى بەكلا كۆپ ئىكەن. بۇ جامائەتلەر يەر مەيدانى سەككىز يۈز مىڭ كۋادرات

كېلومېتىرلىق تۈرك زېمىنىنىڭ جاي ـ جايلىرىغا تارقىلىپ كەتكەن ھالەتتە بولسىمۇ، ئۆزئارا باردى ـ كەلدى مۇناسىۋەتلىرى زىچ، ئۆزئارا خەۋەرلىشىپ تۇرۇشلىرى ئۇچۇر زامانىغا مۇناسىپ تېز ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، «چىندىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قىرىق يەتتە ياشقا كىرگەن دوتسېنتى خىزمەت ئورنىنى، خوتۇن بالا ـ چاقىسىنى ۋاقتىنچە تاشلاپ، تۈركىيەگە ئوقۇغۇچى بولۇپ كېلىپ، مەدەنىيەت مەركىزىمىزدە يېتىپ ـ قوپۇپ، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھلىرىدىن بولغان ئابدۇلھەمىد خانغا بېغىشلاپ يېزىلغان ‹تارىخى ھەمىدىي› دېگەن كىتابنى تەتقىق قىلىۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر «ئۇ ئادەم گەرچە ئېنگلىزچە بىلمىسىمۇ، ئەرەبچىنى سۇيىۋېتەرمىش، پارسچىنى سۇدەك بىلەرمىش» دېگەن تەرىپ ـ تەۋسىپلەر بىلەن قوشۇلۇپ تارقىلىپ، يېڭى ئاسىيا جامائېتىنىڭ ئەنقەرەلىك مۇخلىسلىرىنىلا ئەمەس، ئىستانبۇل ۋە كونيا قاتارلىق باشقا شەھەرلەردىكىلەرنىڭمۇ قىزىقىشىنى قوزغىغانلىقى مەلۇم بولدى ئۇزۇن ئۆتمەيلا.

بۇ كۈنلەردە، كەچقۇرۇن مەكتەپتىن قايتىپ كەلسەم، مەدەنىيەت مەركىزىمىزنىڭ مېھمان كۈتۈش سالونىدا، بەزىدە بولسا، ياتىقىمدا مېنى ساقلاپ تۇرغان زىيارەتچىلەر بولاتتى. زىيارەتچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ ياشلىرى 25 ـ 30 دىن تۆۋەن بولغان ياشلارنىڭ بولۇشى دىققەتنى جەلب قىلارلىق ئىش ئىدى. ئۇلار مەن ئېلىپ كەلگەن «تارىخى ھەمىدىي» ناملىق كىتابنىڭ قوليازما نۇسخىسىنى ۋاراقلاپ، مېنى ئوقۇتۇپ ۋە يازدۇرۇپ كۆرۈپ: «دوگرۇيمۇش، دوگرۇيمۇش (راستكەن، راستكەن)» دېيىشەتتى. مۇنداق زىيارەتچىلەرنىڭ بولۇشى، بولۇپمۇ كۈندىن كۈنگە كۆپ بولۇشى مېنىڭ بۇ مەدەنىيەت مەركىزىدىكى، خۇسۇسەن مەن يېتىپ ـ قوپىدىغان 8 ـ دائىرىدىكى ياتاقداشلىرىم ئالدىدىكى ئابرويۇمنى ئۆستۈردى، ئىناۋىتىمنى ئاشۇردى. ماڭا سوغۇق قارايدىغان ياتاقداشلىرىمنىڭ چىرايى ئۆڭلىنىشقا باشلىدى. سالام ـ سائەت قىلغۇسى كەلمەيدىغانلارنىڭمۇ ئېغىزلىرى يۇمشاپ، بارا ـ بارا مېنى

تەشەببۇسكارلىق بىلەن: «ھوجام (غوجام، مۇئەللىم)» دەپ ئاتايدىغان بولدى. مەن ئىشىكتىن كىرىپ بولغىچە: «ھوجام بۇگۈن داھا مىسافىرىنىز ۋار (مۇئەللىم، بۈگۈن يەن زىيارەتچى مېھمىنىڭىز بار بولدى)» دەپ خوشخەۋەر يەتكۈزۈپ، «سىز ئۇتۇرۇن، بىز ھەمەن چاي ھازىرلاياجاز (سىز ئولتۇرۇۋېرىڭ، چاينى بىز بىردەمدىلا تەييارلايمىز)» دەپ تالىشىپ خىزمەتكارلىق قىلىشىپ بېرىدىغان بولۇشتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى «سايد مەۋلانا رائوپ ھوجايى چاگىرتمىش (سايىد مەۋلانە ئابدۇرائوپ مۇئەللىمنى چاقىرتىپتۇ)» دېگەن خەۋەر پۈتكۈل مەدەنىيەت مەركىزىمىزنى تەۋرىتىۋەتتى.

شۇ كۈنى، مەكتەپتىن كەچرەك قايتقان ئىدىم. ئەنقەرە دىكمەئەۋى (ماشىنىچىخانا) رايونى «فىدان» (كۆچەت) كوچىسى 22 - قورودىكى مەدەنىيەت مەركىزىمىزنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشىم بىلەن تەڭ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى چوڭ سالۇننىڭ ئىشىكىدە مېنى ساقلاپ تۇرغان ياتاقدىشىم ئۈمىد تەقەززالىق بىلەن خىتاب قىلدى: «ھوجام، چابۇك ئولۇنۇز، شۇئەيب ئابى سىزى بەكلىيور! (مۇئەللىم، تېز بولۇڭ. شۇئەيب ئاكا سىزنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ)». ئىككىمىز دەرھال شۇئەيب ئاكىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردۇق. كىرىشىمىز ھامان شۇئەيب ئاكا ئۈمىدكە قاراپ: «سەن چىقا بىلىرسىن (سەن چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ)» دەپ ئىجازەت بەردى. ئاندىن ئۇ خاس ئورۇندۇقىدىن قوزغىلىپ، بېرىپ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئۆز قولى بىلەن ھەم يېپىپ قويغاندىن كېيىن، مەن ئولتۇرغان ساپاغا كېلىپ، يېنىمدا ئولتۇردى. مەن ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا يېرىم يۈزلىنىپ، دىققىتىمنى بېرىپ تىك ئولتۇردۇم.

- ھوجام، سايد مەۋلانا سەنى ناسىل بىلىيور. سەن ئونا دىلەكچىمۇ ۋەرمىشتىن ئەجەبا؟ (مۇئەللىم، سەن سايىد مەۋلانەنى قانداق تونۇيسەن؟ كۆرۈشۈش ئىستىكىدە ئۇنىڭغا ئىلتىماس سۇنغانمىدىڭ يا؟) - شۇئەيب ئاكا

تولىمۇ ھەيرانلىق ھېس قىلغان تەرزدە سورىدى.

- ھايىر، ئۇ ئۇستادىن ئىسمى شەرىفىنى ئاركاداشلاردان دۇيدۇگۇمدان باشكا ھېچ بىلگىم يوك. ئابى (ياقەي، ئۇ پىر - ئۇستازنىڭ شەرەپلىك نامىنى ياتاقداشلاردىن ئاڭلىغىنىمدىن بۆلەك ھېچبىر تونۇشلۇقۇم يوق، ئاكا)،

- دەپ جاۋاب بەردىم سەممىيلىك بىلەن. ئەمەلىيەتتىمۇ، ياتاقداشلاردىن ساید مەۋلانەنىڭ كۆنىمىزدە ھايات ياشاۋاتقان مەنىۋى لىدەر (رەھبەر)لەر ئىچىدە، نۇرچىلار جامائىتىنىڭ بۈيۈك ئۇستازى سەئىد نۇرسىي ھەزرەتلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ۋە يۈز تۇرانە سۆھبىتىگە نائىل بولغان بىردىنبىر زات بولۇش سالاھىيىتى بىلەن تولىمۇ ئۇلۇغلىنىدىغانلىقى، ئۇ زات بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ ئىمكانسىز دېگۈدەك دەرىجىدە تەس ئىكەنلىكى ھەققىدە ئاڭلىغان ئىدىم.

ئۆزايدىن خوشاللىق ۋە شەرەپ تۇيغۇسى ھاياجانى «مانا مەن» دەپلا چىقىپ تۇرغان شۇئەيب ئاكا ئاخىردا: «ئۇستاد ساید مەۋلانانىن ئەلىنى ئۆپمەك ئىنسانا شانس ۋە جەمائەتىمىزە نۇسرەت گەتىرەجەكتىر، بىلىيورمۇسۇن، ھوجام! (بىلەمسەن مۇئەللىم، پىر ئۇستاز ساید مەۋلانەنىڭ قولىغا سۆيۈش ئىنسانغا ئامەت ۋە جامائىتىمىزگە بولسا، نۇسرەت ئېلىپ كېلىدۇ دېگىنە!)» دېدى ۋە ساید مەۋلانە بىلەن كۆرۈشۈشكە ئۆزىنىڭمۇ بىللە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

مەۋلانە ساید خوجىمىز بىزنى ئەنقەرەنىڭ «ئۇلۇس» ئاتىلىدىغان رايونىدىكى «سانايى خان (سانائەت بىناسى)» دەپ خېتى بار تۆرت قەۋەتلىك بىنا ئىچىدىكى نۇرچىلار نەشرىياتىنىڭ باشلىق ئىشخانىسىدا قوبۇل قىلدى. شۇئەيب ئاكا تۈركلەرنىڭ ئادىتى بويىچە بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ تۇرۇپ، مەۋلانەنىڭ قولىغا مۇھەببەت بىلەن سۆيۈپ پېشانىسىگە سۈردى. مەن يېڭىكەلداخۇن بۇنداق ئادەت ساھىبى بولمىغانلىقىم ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇيغۇر رەسمى بويىچە ئۇنىڭ قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ «ئەسسالام!» دېدىم ۋە قەددىمنى مۇناسىپ ئىگىپ تۇرۇپ، مەۋلانەنىڭ قولىنى سىقىپ كۆرۈشتۈم.

مەۋلانە سىققان قولۇمنى قويىۋەتمەي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. سىھھەتلىك دۇئاسىدىن كېيىن، ئۇ ئەرەب تىلىدا، مېنىڭ قەيەردە، نېمە ئوقۇغان، ئىلمىي مۇتالىئە ۋە تەھسىللىرىم نېقەدەر ۋە قانداق بولغان ۋە بولىۋاتقانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە سورىدى. مەن قىسقا ۋە مېغىزلىق قىلىپ جاۋاب بەردىم. لاپتىن خالىي بولغان، سەممىيەت بىلەن سۇغۇرۇلغان جاۋابىم مەۋلانەنى سۆيۈندۈردى بولغاي، ئۇ باش لىڭشىتقىنىچە، ماڭا قايتىدىن قول بەردى، مەن ئېھتىرام يۈزىسىدىن ئورنىمدىن دەس تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇزالتقان قولىنى تەكرار سىقىپ كۆرۈشتۈم.

- بۇ ھوجامىز بىزنىم گەرچەكتەن ئازىز مىسافىرىمىزمىش، شۇئەيب بەي (بۇ مۇئەللىم بىزنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئەزىز مېھمىنىمىز ئىكەن، شۇئەيب بەگ) - دېدى ئۇ تولىمۇ مەمنۇن بولغان قىياپەتتە. ئاخىردا ماڭا يۈزلىنىپ تۇرۇپ سورىدى: - فىداندا راھەتىن يەرىندەمى (كۆچەت كوچىسىدىكى مەدەنىيەت مەركىزىدە ئارامىڭ جايىدىمۇ)؟

- يەرىندەدىر، يەرىندەدىر، - مەن ئاغزىمنى ئۆمەللەپ بولغىچە تالىشىپ جاۋاب بەردى شۇئەيب ئاكا، - ئو بىزىم ئوسمانلىجا ئۆۋرەتمەنىمىز، چوجۇكلارىمىزا ئوسمانلىجا ئۆۋرەتىيور، راھەتى چوك ئىيى (ئۇ بىزنىڭ ئوسمانلىيچە ئوقۇتقۇچىمىز، بالىلىرىمىزغا ئوسمانلىيچە ئۆگىتىدۇ، ئارامى ناھايىتى ياخشى).

شۇ چاغدا شۇئەيب ئاكىنىڭ نېمە ئۈچۈن مەندىن تالىشىپ جاۋاب بەرگەنلىكى تا بۈگۈنگىچە مېنىڭ كۆڭلۈمگە بىر سىر سايىسىنى تاشلاپ كەلدى. كىم بىلىر، مېنىڭ 8 - دائىرىدە تەڭقىسلىق چېكىپ كېلىۋاتقانلىقىمدىن ئاز - تولا بولسىمۇ خەۋىرى باردۇر. شۇ سەۋەبتىن، مېنىڭ ئۇ سورۇندا ئۇنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان جاۋاب بېرىپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرەپ، ئاشۇنداق تالىشىپ جاۋاب بەرگەندۇر. مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئەرتىسى مەكتەپتىن كەلسەم، ياتىقىم ئەسلىدىكى «پۇتبول ئويناش كوچىسى»دىن

شۇ دائىرىنىڭ ئىچىدە، يېرىم قەۋەت ئۈستى بولغان «داۋەتلى پروفەسسۆرلەر دىنلەنمە ئەۋى (تەكلىپلىك پروفېسسورلار دەم ئېلىش ئۆيى)»گە يۆتكىلىپ قاپتۇ. دائىرە ئىشىكىدىن كىرىشىم هامان ياتاقداشلار ئورنىۋالدى:

- هوش گەلدىن بىزىم سايگىدەيەر ئابىمىز، ئازىز مىسافىر هوجامىز، گەل! مەۋلانامىزلا توكالاشان ئەلىنە سەۋمەمىزە ئىزىن ۋەر، گەل!(ئى، بىزنىڭ سۆيۈملۈك ئاكىمىز، مېهمان مۇئەللىمىمىز، خوش كەلدىڭ، كەل! مەۋلانىمىز بىلەن قول ئېلىشقان قولۇڭغا سۆيۈشىمىزگە رۇخسەت قىلغىن، كەل)

شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ ياتىقىم - راهەتگاهىم مەدەنىيەت مەركىزىمىزنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قېتىدىكى بالكونلۇق خاس خانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىلدى. بۇ قاتتا بىر دانە يۈز كىشىلىك ئىلمىي دوكلات زالى (كونفرانس سالونى) بىلەن پەقەتلا مېنىڭ ياتاقخانام بار. ياتاقخانامنىڭ شەرقىي تېمى قوش قانات دېرىزىلىك. شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ نۇرى هەممىدىن بۇرۇن مېنىڭ خانەمگە چۈشىدۇ. دېرىزىنىڭ ئالدى كەڭلىكى ئون ئۈچ مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئالتە مېتىر كېلىدىغان كەڭ بالكون. بۇ يەردىن باقساڭ دىكىمئەۋى ئېگىزلىكى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئېگىزلىك باغرىدا، پەلەمپەيسىمان قىلىپ سېلىنغان قىزىل ئۆگزىلىك قاتار - قاتار ئۆيلەر، ئەرتىگەن - ئاخشاملاردا تۇرخۇنلاردىن كۆتۈرۈلىدىغان ئىسلار ئانا يۇرتتىكى ئۇيغۇر ئۆيلىرىنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ...

*　*　*　*

دەرۋەقە، بۇ سەرگۈزەشتەمنى كەچۈرگىنىمگە شۇ تاپتا ئون يىلدىن ئېشىپ قالدى. هىجرەتلىك تۇرمۇشىنىڭ بېشىدا ئۆتكەن ئاشۇ يەكلىنىشلىك كۈنلەرنى ئېسىمگە ئالغىنىمدا، ئۇلار يەنىلا ئوخشىغان لەغمەنىنىڭ ئاچچىقسۇ ۋە تۇزلىرىغا ئوخشاش ئۆز ئەهمىيىتى بىلەن لەززەتلىك تۇيغۇ بېرىدۇ...

2010 - يىل 20 - ئاۋغوست، كاشغەر.

تۆرتىنچى باب

## ھىجرەتتە سۆيگۈ، ھىجرەتتە مۇھەببەت

ھىجرەتلىك تۇرمۇشنىڭ غۇربەتچى مۇساپىر ئىنسانغا ھە دېگەندىلا ئاتا قىلىدىغىنى مۇشەققەت بولۇش بىلەن بىر چاغدا، ئۇنىڭ مەزكۇر ئىنساننىڭ قەلبىدە ئويغىتىدىغان ئەڭ روشەن ۋە ئەڭ يارامىلىق بىلىك تۇيغۇسى ئالدى بىلەن، مۇھەببەت، خۇسۇسەن ئانا يۇرت مۇھەببىتى ۋە ۋەتەن سۆيگۈسى بولىدىكەن، دەپ قالدىم. ھالبۇكى، ھىجرەتنى نۇسرەتلىك قىلىدىغان ئامىللارنىڭ ئىچىدە، سۆيگۈ، مۇھەببەت بىلەن بويلىشالايدىغان يەنە بىر ھەل قىلغۇچ ئامىل، خورىماس كۈچ مەنبەسىنىڭ زادىلا يوقلۇقىنى چىندىن ھېس قىلغان يەنە بىرسى بارمىكىنە مەندەك؟!

قەيەرگىلا بارما ئالدى بىلەن، شۇ يەرنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسىنى، ياشام مۇھىتىنى ۋە ئادەملىرىنى ئۆز يۇرتۇڭ، ئۆز ۋەتىنىڭدىكىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ قالىدىكەنسەن؛ مەيلى سەن يۇرتۇڭدىن «چەتئەل دېگەن جەننەتمىش» دەپ ئاڭلاپ، رىغبەت بىلەن چىققان بولساڭمۇ، مەيلى بىراۋدىن ئازار يەپ، يامانلاپ چىقىپ كەتكەن بولساڭمۇ، ھەتتا «مۇندىن كېيىن ئالدىمنى قىلىپ سىيىپمۇ تاشلىماسمەنا!» دەپ قەسەم قىلىۋەتكەن بولساڭمۇ، كۆڭلەرنىڭ بىر كۆنىدە، يەنە ئاشۇ ئانا يۇرتۇڭغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، ئارمان بىلەن ئېغىر خۇرسىنىپ قالىدىكەنسەن، يەنىلا ئاشۇ تۇغۇلغان مەھەللە، كوي ـ كوچاڭنى سېغىنىپ، قەددىڭنى ئېگىپ، بوينۇڭنى تۆۋەن سالىدىكەنسەن،

بولۇپمۇ، باشقىلارنىڭ كۆكرىكىنى كېرىپ، ھاكاۋۇر كۆزىنى ساڭا مەنستىمەسلىك بىلەن تىكىپ تۇرۇپ، پەقەت سەنلا ھېس قىلىدىغان ئازارلىغۇچى «بىزنىڭ» تەلەپپۇزى بىلەن، سەندىن: «قانداق، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز قانداقراقكەن، كۆنۈپ قالغانسىز ـ ھە؟» دەپ سورىغان چاغلىرىدا؛ بولۇپمۇ باشقىلارنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى نېمە ئەمەلىي پائالىيەتلەر بىلەن قانداق سۆيۈۋاتقانلىقلىرىنى، قانداق قەدىرلەيدىغانلىقلىرىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەن چېغىڭدا:

### «شەھىد ئاكامنىڭ ئورنىغا ئالدىنقى سەپكە مەن بارىمەن، مانا!»

ئەسىرىمنىڭ بېشىدا تاپشۇرما قىلغىنىمدەك 1984 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 1985 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو قۇرۇلۇش باش شىركىتىنىڭ تەركىبىدە، ئىراق ئەرەب جۇمھۇرىيەتىگە بېرىپ، ئاباسىيە ۋە كېفىل توسمىلىرىدا، ئەرەبچە ـ خەنزۇچە تەرجىمانلىق قىلدىم.

بىز ئىراققا يېتىپ بارغان چاغ تېخى تۆرت مەۋسىمنىڭ باش باھارى بولۇشىغا قارىماي، ھاۋانىڭ ئىسسىقلىق دەرىجىسى 35 دىن ئېشىپ كەتكەنىدى. بۇ دېگەن نېمە تېخى؟! تومۇز ئايلىرىدا، ئەمەلىي ئىسسىقلىق دەرىجىسى 50 گرادۇستىن تۆۋەن بولغان كۈنلەر «ھاۋا سوۋۇن كۈنلەر» سانىلىدۇ. مۇنداق ئاي ـ كۈنلەردە، يار ـ يار ھارۋىنىڭ چارقىدەك يوغان قۇياش ئەتىگەن سائەت بەش ـبەش يېرىملاردىلا ئۇپۇقتىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، زېمىننى قىزدۇرۇشقا باشلايدۇ. بۇ زېمىندە، قىش پەسلىدە نادىرەن يامغۇر تېمىشىپ قويغاندىن باشقا، باھار ۋە ياز پەسىللىرىدە مۇتلەق ھۆل يېغىن بولمايدۇ. تومۇز كۈنلىرىدە، سائەت 11دىن چۈشتىن كېيىن سائەت 4 لەرگىچە دالىدىكى ئىش ئورۇنلىرىدا ئىشلەش مۇمكىن ئەمەس. كۈچ سەرپ قىلىپ ئىشلەش ـ ئەمگەك قىلىش ئەمەس، قۇياش ئاستىدا بەش مىنۇت جىم تۇرالمايسەن. ئۇيان ـ بۇيانغا ماڭماي، سەل ـ پەل جىم تۇرۇپ قالدىڭمۇ بولدى، قۇياش

نۇرى گەردىنىڭنى خۇددى بىرسى لومپا ئەينەك بىلەن قۇياش نۇرىنى جۇغلاپ تۇرۇپ، ئەتەي كۆيدۈرىۋاتقاندەك كۆيدۈرىدۇ. شۇ ھالدا ئەتراپىڭغا قارىساڭ، زېمىندىن «لاپ - لاپ» كۆتۈرۈلىۋاتقان ئىسسىق تازا قىزىتىپ، نان يېقىشقا تەييار قىلىنغان تونۇرنى ئەسلىتىدۇ كىشىگە. مۇشۇنداق چاغدا، كاللاڭغا كېلىدىغان بىرىنچى تەسىرات «بۇ قەدەر ئەجەللىك ئىسسىقتا بۇ ئەرەبلەر قانداق ياشايدىغاندۇ؟ بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى نېمە دېگەن ئوسال - ھە؟» بولىدۇ - دە، ئىختىيارسىز ھالدا، ئاشۇ تۆرت پەسلى ئېنىق يۇرتۇڭنى زارىقىش بىلەن ئەسلەپ قالىسەن: ئاھ، قەشقەرىيە! ئاھ، ئانا يۇرت!

بىراق، ئەرەبلەرنىڭ، ئىراقلىقلارنىڭ نەزىرىدە ۋە يۈرىكىدە بۇ زېمىننىڭ يەر شارى بويىچە ھېچ تەڭدىشى يوق ئىكەنلىكىنى سەزگىنىڭدە، ھەيران قالىسەن، ساۋاق ئالىسەن.

1984 - يىلى، «ئىراق - ئىران ئۇرۇشى» يەنى «ئىككى ئى ئۇرۇشى» تۆرتىنچى يىلغا قەدەم قويغان، بەلكى ئۇرۇش تازا قىيامىغا يەتكەن يىللار ئىدى. ئىراق ئايروپىلانلىرى تاكى تېھران ئەتراپلىرىغىچە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بەزى ھەربىي ئەسلىھەلەرنى بومباردىمان قىلىۋاتقان، ئىران ئاتقان باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار بولسا، باغدادنىڭ ئۇ يەر - بۇيەرلىرىگە چۈشۈپ پارتىلاپ، خەلقنى پاراكەندە قىلىۋاتقان خەۋەرلەرنى ئاڭلايتتۇق. توسما قۇرۇلۇش ئورنىمىز ۋە تۇرۇشلۇق مەھەللىمىز ئابباسىييات كۆۋرۈكىنىڭ يېنىدىلا بولغاچ، جەنۇبىي ئىراق باسرا ئالدىنقى سېپى تەرەپتىن كېلىدىغان ۋە ئۈستىگە ئىراقنىڭ دۆلەت بايرىقى يېپىلغان توپ - توپ شەھىدلەر ماشىنىلىرىنى ئەتىگەن - ئاخشاملىرى كۆرۈپلا تۇراتتۇق.

شۇنداق تومۇز كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى، توسما ئىش ئورنىمىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىغا ھەمراھ بولۇپ، بىر زۆرۈرىيەت بىلەن ئابباسىيە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە بېرىشقا توغرا كەلدى. چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەر بولغاندا، ئابباسىيە ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى جاسىم ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ،

بېجىرىدىغان ئىشىمىزنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ، قايتىپ چىقتۇق. ماشىنىمىز بىلەن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قورۇسىدىن چىقىپ، ئالاھەزەل 400 ـ 500 مېتىرچە ماڭغان ئىدۇق، مەن ھەمراھ بولغان ۋاڭ باشلىق مېنى نوقۇدى:

ـ ئا تەرجىمان، قارىغىنا! ئاۋۇ يەر نېمە ئىدارە ئىكەن؟ بىر مۇنچە ياشلار دۆلىشىۋاپتۇ ـ يا ئۇ يەرگە؟ نېمە ئىش بولغاندۇ، چۈشۈپ قاراپ باقمايلىمۇ؟

شوپۇر ماشىنىنى دەرھال توختاتتى. ئۇ چۈشمىدى، بىز ۋاڭ باشلىق ئىككىمىز چۈشتۇق. بېرىپ قارىساق، ئۇ يەر ناھىيىلىك ئەسكەرىي خىزمەت ئۆتەش شۆبە پونكىتى ئىكەن. ئۇ يەرگە دۆلىشىۋالغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ياشلار بولۇپ، ئەسكەر بولۇپ ئالدىنقى سەپكە بېرىشقا تىزىملىتىۋاتقانلار ئىكەن. شۇ ئاندا، پونكىتنىڭ ئىچىدىن بىر ياش بالا قولىدىكى نېمىدۇر بىر قەغەزنى يىرتىپ چۆرىۋېتىپ، غەزەبلەنگەن ھالدا غودۇڭشىغىنىچە قايتىپ چىقتى. ئارقىسىدىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم تاپان باستۇرۇپلا چىقىپ كەلدى،

ـ بۇلارغا نېمە بولغاندۇ، سوراپ باقسۇنا، ئا تەرجىمان! — ھەممىگە قىزىقىدىغان باشلىق ئاۋازىنى كۆتۈرۈپرەك ئەمىر قىلدى.

مەن بېرىپ، ھېلىقى ئارقىدىن چىققان ئوتتۇرا ياشلىق كىشى بىلەن ئەدەپلىك سالاملاشتىم ۋە ئۆزۈر بىلەن ئەھۋال سۈرۈشتۈردۈم.

ـ ئىسمىم ئابدۇسسەتتار، تىجارەتچىمەن، ـ دېدى ئۇ يېنىدىن «سومىر» ماركىلىق تاماكىنى چىقىرىپ، ئاۋۋال بىزگە تەڭلىدى، بىز باش چايقىغاندىن كېيىن، ئۆزى بىر تال تۇتاشتۇردى ۋە سۆزىدە داۋام قىلدى ـ ئۇ ھۈسەين، مېنىڭ كىچىك ئوغلۇم بولىدۇ. «يېشىڭ كىچىك ئىكەن» دەپ ئەسكەرلىككە ئالغىلى ئۇنىمىدى ئۇنى، شۇنىڭ خاپىلىقى.

مۇڭدىشىۋاتساق، «ھۈسەين» ئىسىملىك ئۇ يىگىت ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ

كىلىپ، بىز بىلەن ھەمسۆھبەت بولدى:

- مەن سىلەرنى تونۇيمەن، سىلەر جۇڭگولۇق. مېنىڭ سىلەر تۇرۇشلۇق ھەيدەرىي كەنتىدە بىر ئاغىنەم بار، ئىسمى ئەلىي. شۇنىڭكىگە ئويناپ بارغاندا، سىزنى كۆرگەنمەن تەرجىمان ئەپەندىم، دېدى ئۇ تېخچىلا خاپىلىقى يانمىغان قىياپەتتە - سىلەر دەپ بېقىڭلار، يېشىم ئۈچ ئاي كېمىيىپ قالغىنىغا مېنى ئەسكەرلىككە ئالمىسا بولامدۇ؟

- ئالدىنقى ئايدا، ئاكىسى ھەسەن باسرا ئالدىنقى سېپىدە شەھىد بولۇپ كەتتى. شۇندىن بۇيانەت، «مەن بېرىپ شەھىد ئاكامنىڭ قىساسىنى ئېلىپ كەلمىسەم، قانداقمۇ ئوغۇل بالا سانىلىمەن» دەپ، بۇ ئوغلۇم زادىلا ئولتۇرالماي قالدى، - دەپ چۈشەنچە بەردى قىرىق ياشلىق دادا ئابدۇسسەتتار - دېمىسىمۇ شۇ. ئوغۇل بالا دېگەننى ئاللاھ جەڭگە ياراتقان، ھۆسەيىننى بارغىلى قويسا بولاتتى. بىراق، يىگىتلا شەھىد چىققان ئۆيدىن، يالغۇز ئوغۇللۇق ئۆيدىن ئالدىراپ ئەسكەر ئالمايدۇ دەڭلار بۇلار. بۈگۈن ئۈچىنچى قېتىم ئىلتىماس سۇنۇشىمىز. ئالدىنقى ئىككى قېتىمدا، ھۆسەيىن ئۆزى كەلگەنىدى. بۈگۈن مەن بىللە كېلىپ، قەتئىي قوللايدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ، دېيىشىپ بەردىم. يەنە ئامال بولمىدى. «بالا تولۇق ئون سەككىز ياشقا كىرىپ باقسۇن، شۇ چاغدا بىر گەپ بولۇر» دەپ، ئىنتاك گەپ بىلەن رەت قىلدى.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، بۇ ئۇزۇن بويلۇق، گەۋدىلىك، بۇرۇتى يىڭىلا خەت تارتقان ياش ھۆسەيىن ئابدۇسسەتتار بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. كېيىنچە، ھېلىقى ھەيدەرىي كەنتىلىك ئاغىنىسى ئەلىي بىلەن، بەزىدە ئۆزى يالغۇز مېنى يوقلاپ كېلىدىغان بولدى، ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولۇشقا دادىسى نامىدىن تەكلىپ قىلغانمۇ بولدى، ئەمما مەن ئالدىراش بولغاچ، ئۆزرە ئېيتىپ بارالمىدىم.

ھۆسەيىن ياشتا كىچىك بولغىنى بىلەن پىكرى پىشقان يىگىت بولۇپ،

ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىش ئىنسانغا راھەت بېغىشلايتتى. بىز بىر مۇڭدىشىپ كەتسەك، فۇرات ۋادىسىدىن چىقىپ، تارىم ئويمانلىقىغىچە سۆزلەشمىگەن ماۋزۇيىمىز قالمايتتى. بىر كۈنى، گەپ يەنە ئىراق - ئىران ئۇرۇشى ئۈستىدە بولغاندا، مەن سەمىمىي ھالدا: «ئىراق، ئىران ھەر ئىككىسى مۇسۇلمان ئەللەر بولغاندىكىن، ئۇرۇشۇۋەرمەي، ئەمدى يارىشىپ قالسا بولاتتى» دېدىم. مېنىڭ بۇ قارىشىمغا نىسبەتەن ھۆسەين باشقا ئېتىرازدا بولمىدى. بىراق، مەن گەپ ئارىسىدا: «سىلەردە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ سۈرىيە، ئىئوردانىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانلاردا تۇغقانلىرىڭلار بار ئىكەن. ھالبۇكى، ھېچبىركىم بۇ ئۇرۇش ئاياغلاشقىچە بېرىپ، ئاشۇ تۇغقانلىرىنىڭ قېشىدا پاناھلىنىپ تۇرۇشنى خاھلىمامدۇ ئەجەبا؟» دەپ سورىۋېدىم، ئۇ:

- بۇ نېمە دېگىنىڭىز رائوپ ئاكا؟، - دېدى خۇددى مېنى ئەمدىلا كۆرىۋاتقان ئادەمدەك بېشىمدىن ئايىغىمغا باشقىدىن سىنچىلاپ قاراپ چىقىپ - سىز چاقچاق قىلىپ دېدىڭىزغۇ دەيمەن - ھە؟ بىر ئىنسان ئۆز ۋەتىنىنىڭ بېشىغا ئۇرۇش بالاسى كەلگەن چاغدا، ئۇنى تاشلاپ پاناھلىق ئىزدەپ باشقا يۇرتلارغا كەتسە، ئۇ قانداقمۇ ئىنسان بولسۇنكى!

كىچىك ھۆسەين مېنىڭ بۇ سوئالىم ئۈچۈن شۇ قەدەر تېرىكتى ۋە شۇ قەدەر خاپا بولدىكى، مەن شۇنداق سوئال سوراپ تاشلىغىنىم ئۈچۈن مىڭ پۇشايمان قىلىپ كەتتىم. دېمىسىمۇ، شۇ ۋاقىتلاردا ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى چاغلاردا بولمىسۇن، سەككىز يىللىق ئىراق - ئىران ئۇرۇشى پالاكىتى ئىچىدە قالغان ئىراقلىقلاردىن ئۇرۇش قاچاقلىرى بولۇپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ چېگرىسىغا بېرىۋالغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق بىر خەۋەر ئاڭلاپ باقمىدىم.

شۇ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ، ياتاق ئۆيۈمگە يېڭىلا قايتىپ كىرىپ تۇرسام، ئىشىك چېكىلدى. «تەفەددال (مەرھەمەت!)» دېدىم. ئىشىك ئېچىلىپ بىر ئەسكەر كىرىپ كەلدى ۋە «سالام، رائوپ ئاكا!» دەپ ھەربىيچە سالام بەردى. سىنچىلاپ قارىسام،

ھۆسەين ئابدۇسسەتتار شۇ. ھەربىي كىيىم ئۈنىڭغا ئاجايىپ ياراشقان، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى.

ـ ئاللاھ مۇرادىمغا يەتكۈزىدىغان بولدى، رائۇپ ئاكا، ـ دېدى ئۇ مەن قۇيۇپ بەرگەن بۇرتۇقال سۈيىدىن «بىسمىللاھ» بىلەن بىرنى ئوتلىۋېتىپ ـ بۈگۈن نەجەپكە بېرىپ ئىمام ئەلىي بىۋۋام بىلەن، كەربالاغا بېرىپ، ئىمام ھۆسەين بىۋۋام بىلەن خوشلىشىپ كەلدىم. («نەجەب شەھرىدىكى ئەلىي ئىبنى ئەبى تالىب قەبرىگاھىنى ۋە كەربالا شەھرىدىكى ھۆسەين ئىبنى ئەلىي قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلىپ كەلدىم» دېمەكچى) قايتاشىمدا، سىزگىمۇ بىر «خوش» دېگۈم كەلدى. ھەربىي گازارمىمىز ناسىرىيەدە بولىدىكەن. دېمەك، باسرا ئالدىنقى سېپى بىزنىڭ جەڭ مەيدانىمىز دېگەن گەپ دەڭە!

رۇخسارىدىن ئىمانى پاكىز، ئىشەنچ مەۋقەسى مۇستەھكەملىكى جۇللاپ تۇرىدىغان ئون سەككىز ياشلىق ئەرەب يىگىتى ھۆسەيىننىڭ شۇ تاپتا، مەمنۇنلۇقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ئىدى، قارىسام، شۇ تۇرۇقتا، ئۇ قايتىپ كېلەلمەسلىكى ئېھتىمال بولغان رەھىمسىز ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە ئەمەس، بەلكى مەشۇقەسى بىلەن ئۇچرىشىپ، ۋىسال شەربىتىنى ئىچىدىغان تويغا كېتىۋاتقان ياش يىگىتتەك بەھۇزۇر، راھەت ۋە ئىچ ـ ئىچىدىن خوشال كۆرۈنەتتى.

### «بۇ زېمىنغە تۈكۈرگىلى بولمايدۇ!»

مەن تۈركىيەگە بېرىپ، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورانتى (دوكتور ئاسپىرانتى) بولغىنىمدىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا. ئاشۇ يەردە ئوقۇۋاتقان بىر مۇنچە يۇرتداش (تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار بىر ـ بىرىنى تۈركچە يەرلىك شىۋە بويىچە، ‹ھەمشەھىر› دەپ ئاتىشىدىكەن) ياش ئوقۇغۇچىلار بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. شۇلارنىڭ ئىچىدە، «ئابدۇمېجىت مەمەتجان» ئىسىملىك خەلقئارا

مۇناسىۋەتلەر ئىلمى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىدا ئوقۇۋاتقان بىر يىگىت بولۇپ، يېڭى بارغان چېغىمدا، ئۇ مەن قىرىق يەتتە ياشلىق چار باش ئوقۇغۇچىغا، يۇرتداشلىق - قېرىنداشلىق كۆرسىتىپ، ھال - ئەھۋالىمدىن بەك خەۋەر ئالغان ئىدى.

- ئانا يۇرتتا، مېنىڭ بىر تاغام بار، بەك ئوخشايدىكەنسىز، - دەيتتى ئۇ پات - پات، - تارتىنماڭ، نېمە ئىشىڭىز بولسا، «ھايت» دېۋەتسىڭىز، ھايال ئۆتمەيلا، يېنىڭىزغا ئۈنىمىز.

ئەمەلىيەتتە، بۇمۇ يۇرت سۆيگۈسى، ۋەتەن مۇھەببىتىنىڭ تەبئىي ھاسىلى ئىدى. ئەمىسچۇ؟ تۈركىيەدە سەكسەن مىليون ئىنسان بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئابدۇمېجىت ئىنىمنىڭ تاغىسىغا ئوخشايدىغان ئادەم چىقماسمۇ؟ چىقىدۇ، بەلكى كۇرمىڭ! بۇ يەردىكى گەپ، ۋەتەندىن يېڭىلا كەلگەن، يېنىغا كەلسە، ئانا يۇرتنىڭ تۇپىسى «گۇپ - گۇپ» پۇراپ تۇرىدىغان مەن ھەمشەھىر ئۇ ئىنىمنىڭ كۆزىگە ئۆز تاغىسىدەك ئىللىق كۆرۈنگەن گەپ، خالاس!

1998 - يىلى، مارت ئېيىنىڭ باشلىرى ئىدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەر ئەتراپىدا، ئەنقەرە شەھىرىنىڭ مەركىزى «قىزىل ئاي مەيدانى» يېنىدىكى تۈمەر (تۈرك تىلى ئۆگىتىش مەركىزى)دىن دەرستىن يېنىپ چىقىۋاتسام، تېلېفون سايرىدى. ئالسام، ئابدۇمېجىت ئىنىم ئىكەن.ئۇ: «مۇئەللىم! پولۇ قىلغانىدۇق، شۇنداق ئوخشاپتۇ، قىسىنىپ قالدۇق. دەرھال كەلگەن بولسىڭىز» دېدى سەممىي ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا. كەچلىك تاماق ۋاقتىمۇ يېقىنلىشىپ قالغاچ، نىزىقاپ ئولتۇرماي، «ماقۇل» دېدىم ۋە دەرھال يولغا چىقتىم.

مەن تۇرۇشلۇق جاي قىزىل ئاي مەيدانىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە بىر كىلومېتىرچە كېلىدىغان «جەبەجى» (تۈركچە ‹دىكىم ئەۋى›، ئۇيغۇرچە ‹ماشىنىچىخانا›) ناملىق رايوندا. ئابدۇمېجىتلەر بولسا، قىزىل ئاينىڭ شەرقىي

شىمالىغا 5 ـ 6 كىلومېتىر كېلىدىغان «ئەتلىك» ئىسىملىك ئۇلتۇراق رايونىدا ئىككى ھەمشەھەر بىر كىرالىق ئۆيدە تۇراتتى.

كوچا ئاپتوۋۇزى بىلەن بېرىپ، ئەتلىك ئۇلتۇراق رايونى بېكىتىدە چۈشۈپ قالدىم. ئاندىن، ئابدۇمېجىتلار تۇرىدىغان بىنا بار كوچىغا قايرىلىپ، يولنىڭ ئوڭ قول تەرەپ چېتى بىلەن كېتىۋاتىمەن. كېتىۋېتىپ، تۇساتتىن نېمىشقىدۇر تۈكۈرگۈم كەلگەندەك بولدى، ئاڭلىق ـ ئاڭسىز ھالدا، يەرگە بىرنى تۈكۈردۈم. «تۈفى!» قىلغىنىمنى بىلىمەن، شۇ ئان ئارقامدىن كېلىۋاتقان 10 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا ئېتىلىپ كېلىپ، ئالدىمغا ئۆتۈپ، جىددىي ھالدا ۋارقىراپ سورىدى:

ـ ئابى! سەن بۇ يەرە تۈكۈردۈڭ دېيىلمى؟ (ھەي ئاكا! سەن بۇ يەرگە تۈكۈرۈپ قويدۇڭ، شۇنداقمۇ؟)

قارىسام، بۇ شاكىچىكنىڭ ئەلپازى بەكلا يامان، كۆزلىرىنى پولتايتىپ، كىچىكىنە مۇشتلىرىنى مەھكەم تۈگۈپ، چۆجە خورازدەك «ئېتىلىمەن» دەپلا تۇرۇپتۇ. ئەتراپىمغا قاراپ باقسام، بۇ 50 ـ 60 مېترنىڭ بېرىسىدە باشقا ئادەممۇ يوق، كوچا ئازادە ئىدى. نېمىشقىدۇر بۇ كىچىكىنە بىر بالا ئالدىدا، ئەيىبىمنى بويىنۇمغا ئالغۇم كەلمىدى.

ـ مەن تۈكۈمىدۇم!، ـ مەنمۇ بوش كەلمىگەن قىياپەتتە ۋارقىراپ جاۋاب بەردىم. بىراق، جىددىلەشكىنىمدىن ئۇيغۇرچە جاۋاب بېرىپ تاشلاپتىمەن. شاكىچىك دەرھال سېزىپ، سەل يۇمشىغان ئاھاڭدا دېدى:

ـ ھە، سەن ئورتا ئاسىيادان گەلەن مىسافىرمىشسىن دېيىلمى، ئابى؟ (ھە، سەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن مېھمان كىشىكەنسەن ـ دە، ئاكا)

ـ ئاما، سەن كىم ئولۇرسان ئول، ئابى، بىلمەن كەرەككى، بۇ زەمىنە مۇتلاكا تۈكۈرۈلمەز! (ئەمما، سەن كىم بولۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر شۇنى بىلىپ قويغىنكى، ئاكا، بۇ زېمىنگە مۇتلەق تۈكۈرگىلى بولمايدۇ!) ، ـ شاكىچىك

بىردەم تۇرنۋالغاندىن كېيىن، جىددىي ئاگاھلاندۇرغان قىياپەتتە داۋام قىلدى، - نىچىن، بىلىيورمۇسۇن؟ چۈنكى ئاياغىن ئالتىنداكى بۇ زەمىنىن ھەر يەرىندە ھەپ شەھىدلەر ياتىيور! كۇرتۇلۇش ساۋاشى دۆنەمىندە، يالنىز چاناك كالە ساۋاشىندا بابالارىمىز تام بەش يۈز بىن شەھىد ۋەرمىشلەر، ئابىجىم!(سەۋەبىنى بىلەمسەنكى، سەن دەسسەپ تۇرغان بۇ زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىدە يەكسان شېھىتلەر ياتىدۇ. ئازاتلىق ئۇرۇشى ۋاقتىدا، يالغۇز چاناق قەلئە ئۇرۇشىدىلا بوۋىلىرىمىز ساق بەشيۈز مىڭ شېھىت بەرگەنىكەن، جېنىم ئاكا!)

بولغان گەپ شۇ. ئەمدى، بۇ ھالدا، مەن نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟ قۇلىقىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم. يۈزۈم يال - يال ئوت ئېلىپ كەتكەندەك بولدى. دەرۋەقە، كەلسە - كەلمەس يەرگە تۆكۈلۈشقۇ دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرىدە شەرەپلىك ئىش ئەمەس. تازىلىق ئۆلچىمى نۇقتىسىدىن تۇرۇپ، ھەممە ئادەم ئەيىبلەيدۇ. بىراق، 9 - 10 ياشلىق بىر تۈرك بالىسىنىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ زېمىنىنى شۇ قەدەر ئادىي، ئەمما شۇ قەدەر ساپ ۋە شۇ قەدەر بىباھا ئاڭ ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان بىلىك تۇيغۇسى بىلەن ئەزىزلىشى ماڭا ئۇنتۇلماس بىر دەرس بولدى ئۆمرۈمدە.

ئاخىردا، ئابدۇمېجىتلارنىڭ كىرالىق ئۆيىگە سالام بىلەن كىردىم. پولۇ ھەقىقەتەن ئوخشاپتىكەن. دۇئادىن كېيىن، بۇ بالام دېمەتلىك دوستلىرىمغا يۇقىرىقى ئىبرەتلىك سەرگۈزەشتەمنى ئەينەن سۆزلەپ بەردىم...

**«مەسىلىنى قېيىداش، ئاغرىنىش ئەمەس، بىلىم - كۈچ ھەل قىلىدۇ، ئاخىر!»**

1996 - 1997 - يىللىرى مىسىردىكى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە بىلىم ئاشۇرغان ۋاقتىمدا، گەرچە مەن كەسىپ جەھەتتە، تىل – ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغۇچى بولساممۇ، مىسىرلىقلارنىڭ ياشاش پەسەپىسىگە، مىسىر زىيالىيلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىسلام ئەقىدىلىرىنى

زامانـىۋى ھاياتقـا قانــداق تەدبىقلاۋاتقانلىقىغـا ئالاھــدە دىققــەت قىلدىــم.

- بـۇ پەلسـەپە تەتقىقاتــى مەسىلىســى. بــۇ جەھەتتــە، ئالغـا ئىلگىرىلىمــدۇق ئەمـەس ئىلگىرىلىــدۇق ۋە ئىلگىرىلەۋاتىمىــز، ئەممـا قەدىمىمىــز ئىنتايىــن مىــس - مىـس، ئالغـا سىلجىشـىمىز تولىمـۇ ئاسـتا بولىۋاتقانلىقـى ئەمەلىيـەت، - دەپ جـاۋاب بــەردى قاھىــرە ئۇنىۋېرســتېتىدا ئــەرەب پەلسەپىســى بويىچــە دوكتــور ئاسـپىرانتلىقىدا ئوقۇۋاتقـان 37 ياشـلىق يىگـىت ئىھسـان شـاھىن.

مېنىــڭ ئــەرەب تىلــى ئۆگىنىــش ۋە قوللىنىــش مۇناســۋىتى بىلــەن، ئــەرەب زىيالىلىرى بىلەن بىۋاسـىتە ئارىلىشـىپ،بېرىش -كېلىش قىلىپ كېلىۋاتقىنىمغا 1978 - يىلــى بېيجىــڭ چەتئــەل تىللىــرى ئۇنىۋېرســتېتى ئــەرەب تىلــى فاكۇلتېتىغـا ئوقۇغۇچـى بولـۇپ، مىسـىرلىق مۇتەخەسسـىس مۇھەممـەد ئابدۇلباقىي مۇئەللىمدىــن ئــۇدا ئىككــى يىــل دەرس ئالغىنىمدىــن باشــلىغاندا ، ســاق ئوتتــۇز ئــۈچ يىــل بولۇپتــۇ. تەســىراتىمچە، ئەرەبلــەر، بولۇپمـۇ زىيالىــي ئەرەبلــەر «ئىنىنەل ئــەرەب تاجــۇل مۇســلىمىين» (ئــەرەب دېگــەن مۇســۇلمانلارنىڭ تاجــدۇر) دېگــەن گەپنــى بۇرنىنــى ئېگىــز كۆتــۈرۈپ تــۇرۇپ ئەزۋەلەشـكە ئامــراق، ئومۇمــەن ھــاكاۋۇر كېلىدىكــەن. ئەممــا، مــەن قاھىــرە ئۇنىۋېرســتېتىنىڭ ئوغــۇل ئوقۇغۇچــلار ياتــاق رايونــى بولغــان «مەدىنەتــۇت تۇلــلاب» (ئوغــۇل تالىبــلار شــەھىرى)دا تونۇشــقان مەزكــۇر ئىھســان شــاھىن بولســا، تولىمــۇ ســەمىمىي، ئاقكۆڭــۈل ۋە كەمتــەر زىيالىــي ئىــدى.

- ئەســلىڭ ئــەرەب ئەمەســمۇ - يــا، قېرىنداشــىم ئىھســان؟ - چاقچــاق ئارىــلاش ســورىدىم بىــر نــۆۋەت ئۇنىڭدىــن.

– نېمــە دېگىنىــڭ رائــوپ ئــاكا، ســاپ ئەرەبمــەن ئەلھەمــدۇ لىلــلاھ! - كەسـكىن جـاۋاب بــەردى ئىھســان، - يېرىــم چىلــەك سۇ بەكــرەك شالاقشــىيدۇ. ســەن تەســەۋۋۇر قىلغــان ھــاكاۋۇر زىيالىيــلار ئىلىمــدە كامالــەت تاپالمىغاچ شــۇنداق. ھاكاۋۇرلـۇق ئىنسـان ئۇچـۇن ئەيىبكــى.

مەن ئىھسان بىلەن 1996 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، مەكتەپ كۈتۈپخانىسىدا تونۇشۇپ قالغانىدىم. بىر ـ بىرىمىزنى «ئاكا، ئۇكا» دەپ ئاتاشقىدەك بولغىنىمىزدىن كېيىن، سۆھبەتلىرىمىز تۈتامى يوق غەيۋەت، شىكايەتلەرگە ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلىق ياشام پەلسەپىسى قاتارلىق جىددىي ۋە مۇزاكىرە، مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدىغان نۇقتىلارغا مۇجەسسەم بولۇپ قالاتتى تەبئىي ھالدا. مەن ئۇنىڭ 37 ياشقا كىرگىچمۇ ئۆيلەنمەي، تويى قىلماي، ئەرەب ئىسلام پەلسەپىسى تەتقىقاتىغا بارلىقىنى پىدا قىلىپ، چوڭقۇر ئىزدىنىۋاتقان ئىرادىسىگە، غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇسام، ئۇ مېنىڭ قورقماي، «ئەبگا ئۇيغۇر» دەپ ماۋزۇ قويۇپ ئەسەر يېزىپ، ئۆز مىللىتىم ۋۇجۇدىدىكى نۇقسانلارنى تەنقىدلەشتە كۆرسەتكەن جاسارىتىمگە قايىللىق بىلدۈرەتتى. (مەن «ئەبگا ئۇيغۇر» ماۋزۇلۇق تەنقىدىي رېئالىزم ئەسىرىمنىڭ كېيىنكى بەش بابىنى ئاشۇ قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ‹ئوغۇل تالىبلار شەھىرى› ناملىق ياتاق رايونىدىكى خانەمدە يېزىپ پۈتتۈرگەنىدىم. شۇ ئەسىرىمدە، بەزى ئەنئەنىۋى قاراشلار ۋە ئۇلاردىكى پاسسىپ تەرەپلەرگە تەنقىد يېزىشتا، ئالدى بىلەن، مۇشۇ ئىھسان قېرىندىشىمنىڭ سەممىي مەسلىھەتىگە مۇشەررەپ بولغان ۋە ئۇنىڭ ئىسلامىي ئىلمىي ئاساسقا ئىگە چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىغانىدىم)

ـ بىر مىللەت، بىر توپلۇم توغرا دۇنيا قاراشقا، دۇرۇس ھايات پەلسەپىسىگە ساھىب بولمىسا، ئۇ روناق تاپالمايدۇ، ـ دېدى ئىھسان بىر كۈنلۈك سۆھبەتتە.

ـ مەن بۇ يەردە، ئەرەبلەرنىڭ دۇنياغا قارىشى توغرا ئەمەس، مۇسۇلمانلار دۇرۇس ھايات پەلسەپىسىگە ساھىب توپلۇم ئەمەس دېمەكچى ئەمەسمەن. ئەمما، تۈپكى پەلسەپە نەزەرىيە ئاساسلىرى بىزدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ توغرا شەرھلەنمىگەچ، ئاۋام خەلق ئارىسىدا، بىر مۇنچە جاھىل ناچار ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرۈپ قويغانىكى، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ ئۇ ناچار ئادەتلەردىن ئۈزۈل ـ كېسىل قول ئۈزۈش ئەمەس، ئۇلارنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھ قىلىشىمىزمۇ ناھايىتى

تەسكە توختاۋاتىدۇ.

- كونكرېتراق قىلىپ، مىسال بىلەن چۈشەندۈرسەڭ قانداق؟ ، - سورىدىم ئۈنىڭدىن.

- مەسىلەن، ھورۇنلۇق. سەن بۇ مەسىلىنى مەزكۇر «ئەبگا ئۇيغۇر» سەرلەۋھىلىك ئەسىرىڭدە، «ھورۇن ئادەم زېمىنگىمۇ يۈك» دېگەن ئۇيغۇر خەلق ماقالى بىلەن باشلاپ، ئاجايىب مەنتىقلىق ۋە تولىمۇ قايىل قىلارلىق بايان قىلىپسەن. خۇددى سەنمۇ دېگىنىڭدەك، خەلقىمىز بۇ ھورۇنلۇق ئادىتىنى ئاشۇ «ھەر قانداق ئىنساننىڭ رىزقىنى ئاللاھ بېرىدۇ» دېگەن تۇرمۇش پەلسەپىسىدىن شاخلاندۇرۇپ چىقىلغان «ئاللاھ ئۆزىنىڭ ھېچبىر مۇسۇلمان بەندىسىنى ئاچ قويمايدۇ»، «مۇسۇلمان بەندىلەرنىڭ غېمىنى ئاللاھ قىلىدۇ» دېگەندەك نەزەرىيەلەرنىڭ ئەمەلىي ھاياتقا توغرا تەدبىق قىلىنماسلىقى نەتىجىسىدە شەكىللەندۈرۈۋالغاندۇر. بىزدىكى ھورۇنلۇقنىڭ نېقەدەر ئېغىرلىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئەرتە مەن سېنى بىر نەق مەيدانغا باشلاپ باراي، رائىپ ئاكا.

بۇ 1996 - يىلىنىڭ نويابىر ئېيى، مەن مىسىرغا كەلگىنىمگە ئەمدىلا بىر ئاي بولغان چاغ ئىدى. ئېھسان مېنى قاھىرەنىڭ «بۇئۇس» رايونىدىكى مىسىر فاتىمە سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان «ئەزھەر جامەسى» (جامىئەتۇل ئەزھەر) گە باشلاپ باردى. ئۇزاق ئەسىرلەر شاھىدى بولغان بۇ قەدىمىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن زىيارەت قىلدۇق. چۈش ۋاقتى بولغاندا، شۇ يەردە جامائەت بىلەن ناماز قىلدۇق. نامازدىن يېنىپ چىققاندىن كېيىن. ئېھسان مېنى چوڭ يولدىكى ئاپتوۋۇز بېكىتى تەرەپكە ئەمەس، ئەزھەر جامەسىنىڭ غەربىي تېمىغا يانداش بولغان، ماشىنا قاتنىمايدىغان بىر تار كوچىغا باشلاپ كىردى.

- مەن كورسەتمەكچى بولغان نەق مەيدانلارنىڭ بىرسى بۇ، - دېدى

ئىھسان كوچا ئاغزىدىن كىرىش بىلەن تەڭلا، ـ ماڭغاچ قارا بۇ يەرگە ۋە ئۆزەڭ خۇلاسە چىقىرىپ باق.

نويابىر ئېيى بولۇشىغا قارىماي، قاھىرەنىڭ ھاۋاسى يەنىلا ئىسسىق، ئېنىق ئېيتسامدە، شۇ كۈنىنىڭ ئىسسىقلىق دەرىجىسى يىگىرمە سەككىز گرادۇس ئىدى. تار كوچىغا 10 ـ 15 قەدەم ئىچكىرىلەپ كىرىۋىدۇق، قاڭسىق تەرەتخانا پۇرىقى كەلدى. «ئالدىمىزدا تەرەتخانا بار ئىكەن ـ دە» دەپ ئويلاپتىمەن. نەدىكىنى، ئادەملەر پىيادە ئۆتۈپ تۇرىدىغان مۇشۇ كوچىنىڭ ئۆزى تەرەتخانا ئىكەن گويا. چوڭ تەرەت ئۇ يەر – بۇ يەردە كۆرۈنىسىمۇ، جامەنىڭ تېمىغىلا يۆلەپ قويۇپ بېرىلگەن كىچىك تەرەت ـ سۈيدۈكلەر ئېقىن ھاسىل قىلىپ تۇرۇپتۇ. بەزى يەرلەردىن سەكرەپ ـ ئاتلاپ ئۆتتۇق. مەن چىدىيالماي، يانچۇقۇمدىن قولياغلىق چىقىرىپ، بۇرنۇمنى ئېتىۋالدىم. ئىھسان كۆنۈك بولسا كېرەك، مېڭىۋەردى. ئۇيان ـ بۇيانغا كىرىپ كېتىدىغان تارماقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئوق كوچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى كىلومېتىردىن ئۇزۇنراق كېلەتتى پەمىچە.

تەرەتخانا كوچىدىن چىققاندىن كېيىن، ئازادلىققا چىققاندەك بولۇپ ئەركىن نەپەس ئالدىم. شىمالغا بۇرۇلۇپ، ئالاھەزەل بەش يۈز مېتىرچە ماڭغان ئىدۇق، ئىھسان باشقا بىر پىيادىلار كوچىسىغا باشلاپ كىردى. بۇ ئاھالىلار ئولتۇراق مەھەللە كوچىسى ئىكەن. ئابايىقى كوچىدىن سەل كەڭرەك، ئەمما كوچا ئاپتوۋۇزى قاتنىمايدىكەن. تازىلىق ئەھۋالىغا قاراپ، بۇ كوچىنى «ئەخلەت كوچىسى» ياكى «چىۋىننىڭ ئۇۋىسى» دېسە بولىدىكەن، دەپ قالدىم. توپا يوللۇق، كۆپىنچىسى ئىككى ياكى ئۈچ قەۋەتلىك ئۆيلەر بىلەن تولغان بۇ كوچىغا ئەل ئۆمرىدە سۈپۈرگە تېگىپ باققاندەك ئەمەس. ھەر كىمنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر دۆلەڭ ئەخلەت. ئەخلەتنىڭ ئەتراپى چوڭ ـ كىچىك تەرەت بىلەن پۇركەنگەن. ئۆتۈپ كېتىۋاتساق، ئىككىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىدىنلا كوچىغا تاشلانغان ئەخلەتلەر يەرگە «پوك ـ پوك» چۈشۈپ

تۇرىدۇ. توپ - توپ ئىت - مۈشۈكلەر يېڭى تاشلانغان ئەخلەتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلجا تالىشىپ، بىر - بىرى بىلەن بوغۇشۇپ يۈرىدۇ. كوچىنىڭ بەدبۇيلۇقى يەنە مېنى ياغلىق بىلەن ئاغزى - بۇرنۇمنى ئېتىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. چىۋىن دېگەن شۇ قەدەر كۆپ ۋە ئۇ چىۋىنلەر شۇ قەدەر يوغان - بورداق. ئىشىك ئالدىلىرىدا، مىسىر كىنولىرىدىكىدەك ئالىپتە گۈزەل قىزلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. چىۋىنلەر ئۇ قىزلارنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىغا، قونۇپ، پەدازلىرىنى، چاچلىرىغا قونۇپ ئەتىرلىرىنى شوراپ - شۈمۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇكى، ئۇ ساھىبجامالارنىڭ پەرۋايى پەلەك. ماڭا چىۋىن قونسا، ئاچچىقىم كېلىپ، قولۇم بىلەن ئۇرۇپ، ياغلىقىم بىلەن قوروپ ماڭدىم. ئىھسان يەنىلا خىيالغا كەلمىگەندەك بىپەرۋا ۋە خاتىرجەم كېتىپ باراتتى. بۇ تار كوچىنىڭ ھاۋاسى چوڭ كوچىلارغا قارىغاندا يەنە ئىككى - ئۈچ گرادۇس ئىسسىقمىكىن دەپ قالدىم، مەن بۇرنۇمنى ياغلىق بىلەن ئېتىۋالغان بولغاچ، تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتتىم. ئاخىردا، ئاغزىم قۇرۇپ، تىلىم تامىقىمغا چاپلىشىپ كەتتى. ھاۋا يېتىشمىگەنلىكتىن، بېشىم قېيىپ، يۈرىكىم سېلىپ، كۆڭلۈم ئېلىشىشقا باشلىدى.

- يەنە قانچىلىك ماڭساق چىقىپ كېتىمىز بۇ ئەخلەتخانىدىن، ئىھسان؟
، - چىۋىن كىرىپ كەتمىسۇن دەپ، ئاغزىمنى بىر قولۇم بىلەن تۇسۇپ تۇرۇپ، تولىمۇ ئىتتىك سورىدىم.

- غەيرەت قىل، رائوپ ئاكا، يەنە مىڭ مېتىرچە ماڭساق، چوڭ كوچىغا چىقىمىز.

ئۇھ!...چوڭ كوچىغا چىققاندا، يوغان نەپەس ئېلىپ ئۇزۇن بىر «ئۇھ» دېدىم - دە، يولنىڭ چېتىدە زوڭزىيىپلا ئولتۇرىۋالدىم. بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن، ئېسىمگە كەلگەندەك بولدۇم. ئاندىن، قايتىش ئۈچۈن، كوچا ئاپتوۋۇزىغا چىقتۇق. كوچا ئاپتوۋۇزىنىڭ پەنجىرىسىدىن ئېنىق كۆردۈمكى، ھەر بىر كوچىنىڭ ئېغىزىدا دېگۈدەك يوغان - يوغان ئەخلەت ساندۇقلىرى بار

ئىكەن. «ئىھفىز نەزافەتى مەدىنەتەك» (شەھرىڭنىڭ تازىلىقىنى مۇھاپىزەت قىل!) دېگەن ئەمىر خەتلەر يېزىلغان ئەخلەت توشۇيدىغان قاسىماق ماشىنىلار ئۈيان – بۇيان مېڭىپمۇ يۈردۇ. مۇشۇ ئەھۋالدىمۇ، نېمە دېگەن مەينەت بۇ قاھىرە ـ ھە؟

ـ مەملىكىتىمىزنىڭ يۈزدە توقسان سەككىز پىرسەنت زېمىنى قۇملۇق. خەلقىمىز ئاشۇ چۆللەردە ياشاپ كەلگەن بەدىۋى ئەرەبلەرنىڭ ئەۋلادى، ـ دەپ چۈشەنچە بېرىشكە باشلىدى ئىھسان ياتقىقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئېغىر بىرنى خورسىنىپ قويۇپ، ـ چۆل ـ سەھرا دېگەندە ھەر ھالدا ئاسمان كەڭرى، زېمىن بىپايان. چېدىر ئۆيلەردىن چىقىپلا، ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىگە چوڭنى چىقىرىۋېتىپ، كىچىكنى قويىۋېتىپ يۈرۈۋېرىدىغان گەپ ئۇ چاغلاردا. شەھەرلەشتۈق ـ مەدەنىيلەشتۇق. دۇنيادا، شەھەرلىشىشنى ئەڭ بۇرۇن ئەرەبلەر باشلىغان. شۇڭا، شەھەرنى ئەرەبچە «مەدىنە» دەيدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى «مەدەنىيەتلىك جاي» دېگەن بولىدۇ، بۇنى سەن بىلىسەن. ئىسلام ئەقىدىسىدە، «ئەن نەزافەتۇ نىسفۇل ئىمان» (تازىلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر) دېيىلىدۇكى، مەينەت ئادەمنىڭ، تازىلىقنى سۆيمەيدىغان مۇسۇلماننىڭ ئىمانى كامىل بولمايدۇ ھەرگىز! بىراق، ھورۇنلۇقىمىزدىن، شۇنچىلىك ئاددىي، ئەمما شۇ قەدەر مۇھىم ۋە شۇ قەدەر ئەھمىيەتلىك ئىشنىمۇ بەجا كەلتۈرەلمەيۋاتىمىز تېخىچە .

ـ ھالبۇكى، ياۋروپاغا كېتىپ ياشىغىنىڭ يوقمۇ، ئەجەبا؟ ، ـ ئۈيلاپ ـ ئۈيلىماي شۇنداق سوراپ تاشلىغىنىمنى بىلىمەن، سوئالىمنىڭ «ئەجەبا»سى چىقىپ بولغىچە، ئىھسان بىز ئاكا ـ ئۇكا بولغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم شۇقەدەر غەزەب بىلەن قايناپ كەتتى:

ـ ھە،.. سەن مېنى ئۆز خەلقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىۋاتىدۇ، ئۆز ۋەتىنىدىن بەزگەن ئادەمكەن بۇ، دەپ ئۈيلاپ قاپسەن ـ دە، رائىۋپ ئاكا. خاتالىشىپسەن. مەن ساڭا سەن ـ بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمىزنىڭ

نېقەدەر كۆپلۈكىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بۈگۈنكى بۇ ئېكىسكۇرسىيىنى قىلدۇردۇم. مەن مىسىردىن باشقا يەرنىڭ ھاۋاسىدىن نەپەس ئالسام، تۇنجۇقۇپ قالىدىغان ئادەممەن. مەن شۇنى ئوبدان بىلىمەنكى، ئاللىكىملەرگە قېيداش، ئاللىكىملەردىن ئاغرىنىش، رېئاللىق بىلەن روبىرو بولالماي، قېچىپ كېتىش قاتارلىقلارنىڭ ھېچ قايسىسى ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. ھەر قانداق مەسىلىنى ھەل قىلالايدىغان بىرلا نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ بىلىمدۇر. ھەقىقەتنى، ئىلىم - پەننى دەسلەپ ئۆزەڭ بىل، ئاندىن ئۇنى خەلقىڭگە بىلدۈركى، مانا شۇ چاغدا، ھەر قانداق مۈشكۈل مەسىلىنىڭ ھەل بولمىغىنىنى كۆر!

مۇھاجىرەتلىك تۇرمۇش دېگەننىڭ غۇربەتچى مۇساپىر ئىنسانغا كۆرسىتىدىغانلىرى ھەمىشە ئۆرنەك ھاياتلا بولۇۋەرمەيدىكەن. كېيىن، مەن 1997 - يىلى 6 - ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا، قاھىرەنىڭ ئۆزىدىلا، «مىليوندىن ئارتۇق پەقىر ئىنسانلار ياشايدۇ بۇ يەردە» دەپ رىۋايەت قىلىنىدىغان «گورۇستانى قاھىرە» قاتارلىق ئىبرەتلىك ماكانلارنىمۇ تېنىم ئەمىنگەن ھالدا زىيارەت قىلدىم.

ئەمدى، نېمە دەي؟ قەدىمىي دىيار مىسىر يىلدا ياز بىلەن باھارلا بولىدىغان، ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدى توڭلىمايدىغان يۇرت ئىكەن. ئىھسان شاھىندەك ۋەتەن سەۋدالىرى بولغاچ، ئۇنىڭ كېلىچىكى ھېچ بولمىغاندىمۇ ئۇنىڭ ئۆتمۈشى قەدەر پارلاق بولىدىكەن، دەپ قالدىم ئۆز تەسىراتىمچە.

2010 - يىل 13 - ماي، بېيجىڭ.

بەشىنچى باب

# ئانا يۇرتتا راھەتلىك تەتىل

بېيجىڭدا ياشاۋاتقىنىمغا مۇشۇ 2011 - يىلى بىر كەم قىرىق يىل بولدى. ئۆزىمىزچە «كونا بېيجىڭلىق بولۇپ كەتتۇق» دەپ غۇرۇرلانغاندەك قىلىمىز - يۇ، بىراق، بېيجىڭلىقلار بىزنى كۆرسىلا، ئامراقلىق بىلەن يىركىنىشنىڭ ئارىسىدا قالغان بىر خىل ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن: «شىنجياڭرېن» (شىنجاڭلىق) دېيىشىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا ئەتەي قېشىمىزغا كېلىپ: «سىلەر شىنجياڭلىق ھە؟» دەپ سوراپ قويىدۇ. مۇنداق چاغلاردا، بىزمۇ سەۋرچانلىق بىلەن: «ھەئە، توغرا ئېيتتىڭ بېيجىڭلىق» دەپ، ئۇلارنىڭ سوئالىنى تەستىقلاپ بېرىمىز.

مەن مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇغۇچى بولۇپ كەلگەن ئاشۇ 1972 - يىللىرى مەكتىپىمىزنىڭ ئىچى ناھايىتى كەڭرى، نەچچە يەردە ئالمىلىق، شاپتۇللۇق بېغى بار ئىدى. مەكتىپىمىزنىڭ ئەتراپى بولسا، «ۋېيگوڭ سۈن» (ئۇيغۇر بەگ كەنتى) يېزىسى خەلقىنىڭ ئوتياش - چۆنەك تېرىيدىغان تېرىلغۇ يەرلىرى ئىدى. دەرستىن چۈشكەن چاغلاردا، مەكتەپنىڭ ئەتراپىدىكى كۆپكۆك مايسىلار بىلەن تولغان ئېتىزلىقلارنى، قارىغايزارلىق ئورمانلارنى سەير قىلساڭ، كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالاتتى. ھازىر بولسا، تەرەققىي قىلىپ، مەكتەپ ئىچىدىكى باغلارنىڭ ھەممىسى چوڭ - كىچىك يېڭى قۇرۇلۇشلار بىلەن تولۇپ كەتتى. مەكتەپ ئەتراپىدا بىر چامدام بىكار يەر

يوق، ئەڭ پاكىرى ئون تۆرت قەۋەتلىك بولغان ئېگىز بىنالار تىقىلىپ كەتتى. بىنالار ئېگىزلىگەنسېرى كوچىلار تار كۆرۈنىدىغان گەپكەن. كوچا - كويلارغا چىقساڭ، ماشىنىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن، ئۇلار چىقىرىۋاتقان كاربۇن تۆرت ئوكسىدى دەردىدىن بۇرنۇڭ ئېچىشىپ، بېشىڭ قايىدۇ. باغچىلارغا كىرسەڭمۇ، ساپ هاۋا، خىلۋەت جاي ئىزدەپ كىرگەن ئادەملەر سەل بولۇپ ئاقىدۇ.

بىراق، نىمىلا دېگەنبىلەن، بېيجىڭ جۇڭگونىڭ پايتەختى، ئاستانىسى. 16 مىليون مۇقىم نوپۇسلۇق ئىنسان ياشايدۇ بۇ شەهەردە. نوپۇس كۆپ بولغىنى بىلەن، جەمئىيەت تىنىچ، ۋەزىيەت مۇقىم، تىرىكچىلىك ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، مىدىرلاپلا تۇرغان ئادەم ئۆز چام - قۇدرىتىگە لايىق هەق قازىنىپ، كۈنىنى كۈن ئېتەلەيدۇ. شۇ تۈپەيلى ئۇنىڭ مەهلىيا قىلىش كۈچى جۇڭگودا تەڭداشسىز: هەممە ئادەم پايتەختكە تەلپۈنىدۇ، بىر كۋادرات مېتىرى يىگىرمە مىڭ يۈەنلىك ئۆيلەر «ئەرزان» سانىلىپ، «هايىنى هوي، تورپاقنى ئوي» دەپ بولغىچە سېتىلىپ بولىدۇ...

بىزنىڭ ئەقىدىمىزچە، ئىنسان ئۆزىنىڭ رىزقى چۈشكەن يەردە ياشايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، شۇنچە يىللار بېيجىڭدا ياشىغىنىم ئۈچۈن بەكمۇ خاپىلىقىم يوق، ئەمما ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن قەۋەتلا خوشالمەن. يىلدا ئۈچ ئاي تەتىلىمىز بار، بىر ئاي قىشتا، ئىككى ئاي يازدا. قىشتا، ۋاقىت قىسراق، مەنزىل ئۇزاقراق بولغاچ بارالمىساقمۇ، يازلىق تەتىلدە، ئانا يۇرتقا بېرىپ، ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ هال مۇڭلىشىپ كەلمىسەك، قېتىقىمىز ئۇيىمايدۇ. ياش ئۇلغايغانسېرى ئادەم ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىننى بەك سېغىنىدىكەن، چۈشەپ هارمايدىغان گەپكەن. پاكىتلىق تەسىراتىمچە، مېنىڭ قەشقەرنى سېغىنىشىم بىلەن ئۆرۈمچىدە يەرلىشىپ ئىشلەۋاتقان قەشقەرلىكنىڭ قەشقەرنى سېغىنىشى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ دېگىلى بولمىسىمۇ، ناهايىتى چوڭ پەرقلىنىدۇكى، مەن تەبىئىي

هالـدا بـەك سـېغىنىمەن!

ئوتتـۇز توققـۇز يـىلدىــن بۇيـان، بېيجىڭــدە ياشـاپ يوغـان ئىــش قىلىــپ كەتمىدىــم، بـالا ئوقۇتتۇم، ئەپەندىچىلىك قىلدىم شـۇ. مېنىــڭ قىلغىنىم ئۆرۈمچى ياكـى قەشـقەردىكى ئالـىي مەكتەپلـەردە، ئۇيغـۇر تىـل – ئەدەبىياتـى كەسـپى بويىچـە ئوقۇتقۇچىلىــق قىلغـان ۋە قىلىۋاتقانــلار بىلـەن ئوپئوخشـاش: مېنىــڭ كەسـىپىم چاغاتـاي ئۇيغـۇر تىـل – ئەدەبىياتـى، خىزمـەت ئوبيېكتىــم ئاساسـەن ئانا يۇرتتىــن كەلگـەن ئۇيغـۇر ئـەۋلادلار. ئەمما، مـەن بـۇ ئۇيغـۇر تىـل – ئەدەبىياتـى ئوقۇتقۇچىلىقىنــى ئـەرەب تىلـى ئورتـا هـال ساۋادى ۋە تـۈرك تىلـى يېتـىك سەۋىيىسـى ئاسـتىدا ئېلىــپ بارغىنىــم ئۈچـۈن، نەتىجىــدە مۇئەييـەن پەرقلەرنىڭ بولۇشـى تەبىئىـي. يەنـە بىــر تەرەپتىن، بىز ئوقۇتقـان، بىز تەربىيىلىگـەن ئەۋلادلار ئوقـۇش پۈتتۈرگەندىــن كېيىــن، ئانـا يۇرتقـا قايتىــپ، شـۇ يەرنىــڭ زىيالىيلىـرى قوشـۇنىغا قوشـۇلۇپ ئىشـلەيدىغان بولغاچ، يەنى بىزنىڭ خىزمـەت نەتىجىلىرىمىز ئانـا يۇرتتـا كۆكلـەپ مېـۋە بېرىدىغـان ئىـش بولغاچقـا، بىزنىــڭ تەتىللـەردە يۇرتقـا قايتىشــمىز هىجرەتتىكـى سـېغىنىش مۇھەببىتىنىــڭ هەيدەكچىلىكىــدە، بىرىپ تۇغقـان يوقـلاش بۇرچىدىن باشـقا، جەمئىيەت تەكشـۈرۈش، بېيجىڭـدە قىلىۋاتقان خىزمىتىمىزنىــڭ تۆۋەندە نەتىجە بېرىۋاتقـان ياكى بەرمەيۋاتقانلىقىنى تەھقىقلەش، يېڭـى خىزمـەت يۆنىلىشـلىرى ئۈچۈن ماتېرىيـال توپـلاش قاتارلىــق ۋەزىپىلەرنىمۇ ئـۆز زىممىســگە ئالغـان بولىــدۇ، دەپ قارايمـەن.

قىسقىسـى، مـەن بېيجىڭــدە، بىــر يىلــدا ئـون ئـاي مۇكەممـەل پـىلان بىلـەن سـىجىل ئىشـلەيمەن. ئىككـى ئـاي ئانـا يۇرتقـا قايتىــپ، كەلگۈسـى ئـون ئـاي ئۈچـۈن ئېنېرگىيـە توپلايمـەن. هـەر بىـر ئانـا يـۇرت سـەپىرىمنىڭ مـاڭا قانچىلىك كـۈچ، قانچىلىـك ئىلهام، قانچىلىـك رىغبـەت ۋە مـەدەت ئاتـا قىلىدىغانلىقىنى مەن ئۆزەمـلا بىلىمـەن. شـۇڭا، مـەن هـەر قېتىملىــق ئانا يۇرت سـەپىرىمنى ئالـدى بىلەن دەپتىرىمگـە، ئاندىـن يۈرىكىمگـە خاتىرىلـەپ ماڭىمـەن، مـەن بـۇ يـەردە، 2010 - يىللىــق ئانـا يـۇرت سـەپىرى خاتىرەمدىــن بىــر قانچـە ئۆرنـەك بەرگىــم كەلـدى:

## نېسىي قالغان زىيارەت

9 - ئىيۇل، جۈمە.

چۈشتىن كېيىن سائەت 2:30دا، ئوغلۇم قەيسەر مېنى بېيجىڭ خەلقئارا ئايرودرومى 3 - زالىغا ئەپچىقىپ قويدى. جۇڭگو خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانى بىلەن ئۈرۈمچىگە، ئاندىن قەشقەرگە بېرىپ، يازلىق تەتىلنى ئۆتكۈزۈپ كەلمەكچى. ئايروپىلانىنىڭ ئۇچۇش ۋاقتى 3:50 ئىدى.

ئوغلۇم مېنى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش ئورنىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ، قايتىپ كەتتى، ئايروپىلان كۈتۈش زالىدا ئولتۇرساق، توساتتىن يامغۇر يېغىپ كەتتى. «تەييۇەندىن كېلىدىغان ئايروپىلان يامغۇر سەۋەبىدىن ئۇچالماي، كېلەلمىدى» دېيىلىپ، يەتتە سائەت ساقلىدۇق. ئاخىر ئايروپىلانمۇ كەلدى. كەچ سائەت 10:30لاردا، ئورتاھال يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي ئۇچتۇق: يا بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم!

ئۈرۈمچى ۋاقتى بىلەن، يېرىم كېچە سائەت 12:30لەردە، ئۈرۈمچى دى ۋو پۇ خەلقئارا ئايرودرومىغا سالامەت قوندۇق ۋە ئەلھەمدۇ لىللاھ!

ئۈرۈمچى ئايرودرومىدا، ئابدۇقادىر جۈمە بىلەن شىرئەلى ئەلتېكىن ئىنىلىرىم كۈتۈۋالدى. ئۇلار شىرئەلىي ئەلتېكىننىڭ ماشىنىسى بىلەن چىققانىكەن. «بىزنىڭ ئۆيگىلا كېتەيلى» دېدى شىرئەلى.

ئابدۇقادىر جۈمە 2001 - 2006 - يىللىرى ئارىسىدا، بېيجىڭدا ئوقۇغان، شۇ تۈپەيلى تونۇشىمىز. ئۇ ھازىر ئۈرۈمچىدە ئەركىن كەسىپدار. ئۈرۈمچىگە كەلسەم - كەتسەم، ئۇزاق يولۇمنى قىسقا، ئېغىر يۈكۈمنى يەڭگىل قىلىپ بېرىدىغان سىرداش ئىنىم. ئەمما، شىرئەلى ئەلتېكىن بىلەن تۇنجى دىدارلىششىم بولغاچ. بىرىنچىدىن تارتىنىپ قالدىم، ئىككىنچىدىن يېرىم كېچىدە بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆيدىكىلەرنى بىسەرەمجان قىلغۇم كەلمىدى.

ـ مېنى مېھمانخانىغا ئاپىرىپ قويۇڭلار، ئىنىلىرىم، ـ سەممى تىلەك بىلەن ئېيتتىم.

ـ بۇ تۈن نىسپىدە ھېچيەردە ياتاق قالمايدۇ، ئابدۇرەئوپ ئاكا، باللىرىم تۇغقان يوقلاپ يۇرتقا كەتكەن، تارتىنماڭ، ئۆيۈم ئازادە، بەھوزۇر دەم ئالالايسىز.

يېڭى تونۇشۇۋاتقان بولغاچ، بەك دەتالاش قىلالمىدىم. ماشىنىسى بىلەن بېرىپ، ئۈچىمىز شىر ئەلىنىڭ ئىتتىپاق يولى كوچىسىدىكى ئۆيىدە قونۇپ قالدۇق، ياق، توغرىسى تۈنەپ قالدۇق.

ئويلىسام، بۇ بىر قىسمەت ئىكەن: 2008 ـ يىلى «دۇنيا مەھمۇد كاشغەري يىلى» بولدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، يازلىق تەتىل قىلىپ كەلگىنىمدە، ئۆزەم باشلاپ كەلگەن قىرىق نەپەر ئوقۇغۇچىم بىلەن بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىگاھىنى تاۋاپ قىلدىم. «پەخرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى» ناخشىسىغا ئاھاڭ ئىشلىگەن مەشھۇر كومپوزىتور تۇرسۇن قادىر، مەھمۇد كاشغەري بوۋىمىزنىڭ قىياسلىق پورترېتىنى تۇرغۇزغان داڭقلىق رەسسامىمىز غازىي ئەھمەد ۋە تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەري»نى يازغان ئاتاقلىق يازغۇچى پەرھات جىلان قاتارلىق كاشغەرىيشۇناسلارنى زىيارەت قىلدىم. ئەسلىدە، شۇ چاغدا، مەزكۇر «پەخرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى» ناملىق ناخشىنى ئەڭ گۈزەل ۋە مەردانە ئورۇنداش بىلەن يېتىك ئىقتىدار نامايەن قىلغان ياش ناخشىچى شىرئەلىي ئەلتېكىنىنىمۇ زىيارەت قىلماقچى بولغانىدىم. ئەمما، مەن ئىزدىگەن شۇ كۈنلەردە، ئۇ ئۈرۈمچىدە بولمىغاچ، زىيارىتىم نېسىي قالغانىدى. بۈگۈن مۇشۇنداق بىر پۇرسەت ئارقىلىق، نەقلەشتى ئاخىر.

ـ سىز بىر ناخشىچى بولۇش سالاھىيىتىڭىز بىلەن، ناخشا تېكىستى، ئاھاڭ ۋە ئۇنى ئورۇندىغۇچى ناخشىچى ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەت قانداق بولغاندا، ئاندىن ئۇ ناخشا ئەڭ ساز ۋە بەلەن ئورۇندىلىدۇ، دەپ قارايسىز؟ ـ

دەپ سورىدىم مەن ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، سۆھبەت ئارىسىدا.

- راستىمنى ئېيتسام، مەنمۇ مۇشۇ نۇقتىدا ئىزدىنىۋاتقان بىر ناخشىچى، - دېدى شىرئەلى ئىللىق چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ، - بىز ئۇيغۇرلاردا: «ماختالايدىغان ئادەم ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ. گەپ قىلالايدىغان ئادەم ناخشا ئېيتالايدۇ» دېگەن گەپ بار. راست بىز ھەممىمىز ناخشا ئوقۇيالايمىز. ئەمما، بەك ئۇزۇن مەزگىللىك بولمىسىمۇ، ئۆز تەجرىبەمدىن قارىغاندا، ناخشا ئېيتىش، يەنى بىر ناخشىنى سەھنىگە چىقىپ، خەلقنىڭ قۇلىقىغا ياققىدەك قىلىپ ئېيتىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس ئىكەن. بۇنىڭغا ئۆگىنىش كېرەك ئىكەن، بىلىم كېرەك ئىكەن.

- شىرئەلى ئەسلىدە راۋاپ كەسپىنى پۈتتۈرگەن، - ھەمسۆھبىتىم ئابدۇقادىر ئىنىم لوقما سالدى ۋە بۇ ئارقىلىق، شىرئەلىنىڭ ناخشىنى خەلققە ياقتۇرۇپ ئېيتالايدىغان بولۇش يولىدا، ھەقىقەتەنمۇ كۈچ سەرپ قىلغانلىقىدىن بېشارەت بەردى.

– شۇنداق، - ئابدۇقادىرنىڭ ئەسكەرتمىسىنى تەستىقلىدى شىرئەلى ۋە سۆزىدە داۋام قىلدى، - مەن سەنئەت ئىنستىتۇتىنى راۋاپ كەسپى بويىچە ئوقۇپ پۈتتۈرگەن. ئەمما، كېيىن ئۆزەمنىڭ ناخشا ئوقۇشلا ئەمەس، ئۇنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئورۇنداش جەھەتتىمۇ ئوبدانلا ئىقتىدارىم بارلىقىنى سەزدىم. كەسپداشلىرىم ۋە ئۇستاز ناخشىچىلارنىڭمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى، قوللىشى ۋە زور كۈچ بىلەن رىغبەتلەندۈرۈشى ئارقىسىدا، سەھنىلەردە يالغۇز ناخشا ئورۇنداشقا جۈرئەت قىلدىم. مېنىڭ تەسىراتىمچە، ئاھاڭ - كۈي تىلى ناخشا تېكىستىنىڭ مەزمۇنىغا ئەڭ مۇۋاپىق كەلگەن، ناخشىچى بولسا، تېكىست تىلىنىمۇ، ئاھاڭ - مۇزىكا تىلىنىمۇ ياخشى چۈشىنىپ، ئوبدان ئۆزلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ئۇ ئۆزىدىكى ناخشا ئورۇنداش ئىستىداتىنى جارىي قىلدۇرۇپ، غەزەل - ناخشىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتالايدىكەن.

- بۇ دېگەنلىرىڭىزنى بىرەر ئەمەلىي مىسال بىلەن ئوچۇقلاپ بەرسىڭىز بولۇرمۇ؟ - سورىدىممەن مۇئەييەن بىر نەزەرىيەنى بىر قانچە ئەمەلىي مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈشكە ئامراق مۇئەللىملىك كەسپىي ئادىتىم بويىچە.

- تامامەن بولىدۇ، - تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئېيتتى شىرئەلى، - «پەخىرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى» ناخشىسىنىڭ ئورۇندىلىش جەريانىنى مىسال قىلىپ ئېيتسام، ئالدى بىلەن مەن مەزكۇر ناخشىنىڭ تېكىستىنى كىچىكىمدىن تارتىپ بەكمۇ ياقتۇراتتىم. مەن سىزنىڭ «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان «مېنىڭ كاشغەرىي يىلىم» سەرلەۋھىلىك ئەدەبىي خاتىرىڭىزنى ئوقۇغانمەن. ئەدەبىي خاتىرىدىكى «كاشغەرىيشۇناس كومپوزىتور تۇرسۇن قادىرنى زىيارەت»تە دېگەنلىرىڭىز راست. تۇرسۇن قادىر ئەپەندىم ھەقىقەتەنمۇ تالانتلىق كومپوزىتور. ئۇ ئىجاد قىلغان ئاھاڭ - مۇزىكا مەزكۇر ناخشىنىڭ تېكىستىگە «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» دېگەندەك تولىمۇ ياراشقان. ئىپتىخارلىنىش، پەخىرلىنىش ئۇرغۇپ تۇرغان ناخشا تېكىستى، ھەر بىر پەردىسىدىن سۆيۈنۈش، غۇرۇرلىنىش ۋە مەردانىلىق بالقىپ تۇرىدىغان ساپ ئۇيغۇر ئاھاڭى ئەمەلىيەتتە، ھەر قانداق بىر ناخشىچىنى ھەقىقەتەنمۇ ھاياجانلاندۇرىدۇ. بىراق، ھاياجانلىنىش بىلەنلا مەسىلە ھەل بولمايدۇكى، بۇنىڭغا يەنە يېتىك ھالدىكى ئورۇنداش ئىقتىدارى ۋە ماھارىتى كېتىدۇ. بۇ يەردە، كەمتەرلىكنى قويۇپ تۇرۇپ، سەممىيەت بىلەن دېسەم، مەن مەزكۇر «پەخىرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى» ناخشىسىنى ئورۇنداشتا، پۈتۈن تىرىشچانلىقىم بىلەن، ئاشۇ زۆرۈر ۋە لازىملىق ئورۇنداش ئىقتىدارىنى ۋە ماھارىتىنى جايىدا ئىپادىلىيەلىدىم، دەپ قارايمەن.

شىرئەلى ئەلتېكىننىڭ بۇ بايانىدا لاپ ئەمەس، سەممىيەت بىلەن ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ جۇلالاپ تۇراتتى. مۇشۇ تەرىقىدە بىز تاكى تاڭ ئاقارغىچە مۇڭداشتۇق. سۆھبەت ماۋزۇيىمىز ناخشا، ناخشىچى ۋە ناخشا ئورۇنداش سەنئىتىدىن باشقا، سەنئەتكارلىق پەزىلىتى، ئىنسانلىق بۇرچى ۋە

ئۆگىنىش روھى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولدى. ھېس قىلدىمكى، شېرئەلى ئەلتېكىن ئۇنىۋېرسال بىلىم دائىرىسى خېلى كەڭرى، قىزىقىش دائىرىسى كەڭ، ئۆگىنىش روھى كۈچلۈك، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق، خەلق، مىللەت ئالدىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلىش ئېڭى مەزمۇت يېتىلگەن بىر غايىلىك ياش ئىكەن. خەلقنى تەربىيەلىگۈچى سالاھىيىتىمىز جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەن مۇئەللىم ئابدۇرەئۇپ بىلەن ناخشىچى شېرئەلى ئوخشاشلا مەدەنىيەت ـ مائارىپ تەبىقەسىگە مەنسۇپ ئىسانلارمىز. ئەمما بىز مۇئەللىملەر بىر باب سۆزلەپ ئاران ئۇقتۇرىدىغان مۇئەييەن ئۇقۇم، مۇئەييەن روھنى ناخشىچىلارنىڭ بىر مەيدان ناخشا بىلەنلا ئۇقتۇرۇپ، ئۇقتۇرۇپلا ئەمەس، ئادەمنى ھاياجانلاندۇرۇپ، ھەمىشە شۇ ناخشىنى ئوقۇغۇسى كېلىدىغان قىلىپ قويىدىغان ئىقتىدارىغا ۋە ماھارىتىگە ئاپىرىن ئېيتقۇم كېلىدۇ.

ـ نەشىر قىلىنغان «مۇقام ئىشقى» ماۋزۇلۇق DVD پىلاستىنكىنى ئەسىرىگىزنى ئېلىپ، ناخشىلىرىگىزنى ئاڭلىدىم، مۇبارەك بولسۇن!، ـ دېدىم چىندىن قايىللىق كۆڭلۈم بىلەن، ـ بۇ ئۇيغۇر مۇقامى ناخشىلىرىنى ياش ئەۋلادلار ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇشقا تۆھپە قوشۇدىغان تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئەمگەك بولۇپتۇ.

ـ سىزنىڭ ياقتۇرغانلىقىڭىز، ياراتقانلىقىڭىزدىن مەمنۇن بولدۇم، ـ دېدى شېرئەلى جاۋابەن، ـ سىز تۈزگەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق كىتاب مۇقام تېكىستلىرىنى ئۆگىنىپ، شېئىرلارنىڭ مەزمۇننى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشتە بەك ئەسقېتىۋاتىدۇ.

بىز بىر ـ بىرىمىزنى ئەمگەكلىرىمىز بىلەن سەممىي مۇبارەكلەشتۇق، يېڭىدىن يېڭى پىلانلىرىمىز ۋە ئىزدىنىشلىرىمىز بىلەن رىغبەتلەندۈرۈشتۇق. بۇ ئارقىلىق، كۆڭۈللىرىمىز ئۆزئارا ھۆرمەت، ئىززەت ۋە سەممىي دوستلۇق چېرىغى بىلەن مەزمۇت يورۇدىكى، بۇ ھال مېنى ئانا يۇرتتا ئۆتكۈزىۋاتقان تەتىلىمنىڭ تۇنجى كۈنىدىلا، مەمنۇنىيەتلىك راھەت پەيزىگە چۈمدۈردى.

## مانا، قەشقەر! مانا، ھېيتگاھ!

15 ـ ئىيۇل، پەيشەنبە.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچى ۋاقتى 2:30 لەردە، قەشقەر ئايرودرومىغا يېتىپ كەلدىم. ھەر كەلگەن چېغىمدىكىگە ئوخشاشلا ئاكا ـ ئۇكىلىرىم ۋە ماڭا ئوخشاش ئاقباش بولۇپ كەتكەن قەدىناس ئاغىنىلىرىمدىن بولۇپ، بەش ـ ئالتەيلەن ئالدىمغا چىقىپتۇ. قەشقەر ئايرودرومى بىلەن شەھەر ئىچىنىڭ ئارىلىقى دېگەن بەش كىلومېتىرمۇ كەلمەيدۇ. تاكسىغا ئولتۇرساق. 15 مىنۇتقا قالماي، «غىررىدە» ئەكىرىپ قويىدۇ. شۇڭا ھەر كېلىدىغاندا: «ئالدىمغا چىقىپ، ئاۋارە بولماڭلار، ئۆزەم كىرىمەن ئۆيۈڭلەرگە» دەپ تۇرىمەن. ئەمما، ئالدىڭغا ھېچكىم چىقماي، سەپەر سومكىلىرىڭنى يېتىم ـ يېسىرلەرچە ئۆزەڭ سۆرەپ يۈرگەندىن، «خوش كەلدىڭ!» دەپ بىرسى ئالدىڭدا پەيدا بولۇپ، يۈك ـ تاقلىرىڭنى كۆتۈرۈشۈپ بەرسە، ئانا يۇرت سۆيگۈسى قەلبىڭدە جۇش ئۇرۇپ، باشقىچە خوش بولۇپ قالىدىكەنسەن.

يىللاردىكىگە ئوخشاش يەنىلا، قەشقەر تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئولتۇرۇشلۇق كىچىك ئىنىم يالقۇننىڭ ئۆيىگە چۈشتۈم. مەن بۇ ئۆي ۋە ئۇ ئورۇنلاشقان جاينىڭ مۇھىتىنى بېيجىڭدىكى خىزمەتداشلىرىمغا: «بىزنىڭ قەشقەردىكى ئۆيىمىز يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىلەن تام خوشنا» دەپ داڭقلاپ كېتىمەن ۋە سۆيۈنگەن ھالدا مۇنداق تەسۋىرلەپ بېرىمەن:

قەشقەر تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى ۋىلايەتلىك پاتكوم ئىدارىسى دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان «تەنتەربىيە يولى»نىڭ جەنۇب تەرەپ لېۋىگە جايلاشقان. قورۇدا شەرقتىن غەربكە سوزۇلدۇرۇپ سېلىنغان تۆرت قەۋەتلىكتىن ئىككى بىنا بار. ھەر بىنادا ئۈچ بۆلەك، ھەر قەۋەتتە ئىككىدىن ئائىلە. شۇنداق بولغاندا، ھەر بىنادا يىگىرمە تۆرتتىن ئائىلە بولۇپ، پۈتكۈل قورۇدا جەمئىي قىرىق سەككىز ئائىلە

ئولتۇرىدۇ. قورۇنىڭ شەرقىي چۆرە تېمى جاھانغا داڭقدار يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى قورۇسى بىلەن لەۋلىشىپ تۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ گۈزەل ئەگمىلىك تۆمۈر دەرۋازىسى ئۇنىڭ شىمال تەرەپ ئالدىدىن ئۆتۈدىغان «تەنتەربىيە يولى»غا قارىتىپ ئېچىلغان. دەرۋازىدىن كىرىشكىلا ئوڭ قول تەرەپ ماشىنا توختىتىش مەيدانى؛ سول تەرەپ بولسا، بېدىشلىك ئۈزۈمزارلىق ۋە تۈرلۈك مېۋىلىك باغچا. ئومۇمىي كۆلىمى ئاز كەم ئىككى مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بۇ قەبرىگاھتا. 11 - ئەسىر ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ ئەبەدىيلىك يەرلىكى بولغان كۆك گۈمبەزلىك قەبرىسى رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان بۆككىنە يېشىل بوستانلىق بىلەن ئورۇلۇپ تۇرىدۇ. مەزكۇر قەبرىگاھ قورۇسى پۈتكۈل قەشقەر بويىچە دېگۈدەك يېشىللىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى، گۈل - گىياھلىرى ئەڭ مول، مۇھىتى گۈزەل – كۆركەم ۋە مەھلىيا قىلارلىق بولغاچ، گۈزەل مۇھىتنى سۆيىدىغان، سالقىن - سۆرۈن ھاۋالىق لەۋەن ماكانغا كۆيىدىغان قۇچقاچ، تۇمۇچۇق، سوپىسوپىياڭ، كەپتەر قاتارلىق ئۇچار قۇشلارنىڭ ئارامگاھى، سەيرگاھى ۋە سايراگاھىدۇركى، ئۇلار بۇ يەرگە دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىدىن ئالاھىدە زىيارەت ئۈچۈن كېلىپ تۇرىدىغان تۈرلۈك ئىرق ۋە تۈرلۈك دىندىكى كىشىلەرگە بۈيۈك ئەجداد، دۇنياۋى ئالىم يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ تەرىپىنى قىلىپ، خەندان ئورۇپ سايراپ تۇرىدۇ.

يۈسۈف خاس ھاجىپ قەبرىگاھى قورۇسىنىڭ قىيپاش قارشىسى يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە، ئالدى خېلى كەڭرى مەيدانلىق، گۈللۈك ۋە پونتان كۆلچەكلىرى بار ئالىپتە قۇرۇلۇش «قەشقەر پەن - تېخنىكا سارىيى» قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. مەزكۇر پەن - تېخنىكا سارىيى زامانىۋى كۆلەملىك قۇرۇلۇش بولۇپ، ئۇنىڭدا كىنوخانىلار، كۇتۇپخانىلار ۋە ئۇسسۇل، تۈرلۈك تەنتەربىيە گۇمپىلىرى ئۆگىنىش - ئۆگىتىش ئۆرۇنلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولغاندىن باشقا، ئۇنىڭ ئاستى قەشقەر شەھىرى بويىچە ئەڭ چوڭ يېمەك - ئىچمەك بۇيۇملىرى يەر

ئاستى تاللا بازىرى. ساراي قورۇلۇشىنىڭ شىمال ۋە غەرب تەرىپى قەشقەر شەھىرى ئىچىدىكى بوستانلىق ـ «قەشقەر خەلق باغچىسى»غا تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

قەشقەر تەنتەربىيە كومىتېتى قورۇسىنىڭ غەربىي تېمى بولسا، «قەشقەر ئاممىۋى ساغلاملىق تەنتەربىيە مەيدانى» بىلەن لەۋلىشىپ تۇرىدۇ. مەزكۇر مەيداندا، ئۆلچەملىك ئىككى دانە ۋاسكىتبول مەيدانى، بىر دانە ۋالىبول مەيدانى ۋە بىر دانە پەي توپ مەيدانى بولغاندىن باشقا، مەيدان ئەتراپى تورنىك، يۈگۈرۈپ چېنىقىش ئەسلىھەسى، قول ـ پۇتلارنىڭ پەيلىرىنى سوزۇش، بەل ـ يانپاشلارنىڭ مۇسكۇللىرىنى چېنىقتۇرۇش ئەسلىھەسى قاتارلىق خاس چېنىقىش سورۇنلىرىدا بولىدىغان تەنھەرىكەت ئەسلىھەلىرى بىلەن ئورالغان. ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى، بولۇپمۇ كەچقۇرۇنلاردا، بۇ يەر ئۆز رىغبىتى بويىچە تەنھەرىكەت قىلىدىغانلار ياكى بالا ـ چاقىلىرىنىڭ تەنھەرىكەت ئەسلىھەلىرىدە ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەچ، بىر چەتتە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىدىغانلار بىلەن تولۇپ كېتىدۇ.

مەنمۇ ئادەتتە، كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئىنىم بىلەن ياكى ئۇنىڭ باللىرى – مېنىڭ جىيەنلىرىم بىلەن چىقىپ، مۇشۇ ئاممىۋى چېنىقىش مەيدانىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىدىغانلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كەتكەنگە ئامراق. بەزىدە، مۇندىن قىرىق ـ ئەللىك يىللار بۇرۇن باشلانغۇچ ياكى ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان، ئەمدىلىكتە قېرىپ ئاق چاچ ، ئاق ساقال بولۇپ كەتكەن بوۋاي ساۋاقداشلىرىمىز ياكى كۆمۈش چاچلىق موماي ساۋاقداشلىرىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىغان ھاللارمۇ بولىدۇ. مۇنداق چاغلاردا، ئالتۇن تېپىۋالغاندىن چارە خوشال بولۇپ كېتىسەنكى، شۇ ئان قىرىق – ئەللىك يىللىق تارىخنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ، ئۆتكەن ئاچچىق ـ تاتلىق كەچۈرمىشلىرىڭ ھەققىدە مۇڭدىشىپ، راسا بىر يۈرەكتىن چىقىۋالىسەن. بىزدەكلەر ئۈچۈن، ئانا يۇرت زىيارىتىنىڭ پەيزى، قىممىتى ۋە لەززىتىمۇ دەل

مۇشۇ يەردە!

بىز قەشقەرلىكلەر ھېيتگاھنى بەك چوڭ بىلىمىز. «ھېيتگاھ» دېگەن سۆز قەشقەرلىكلەرنىڭ لۇغىتىدە كەم دېگەندىمۇ ئىككى خىل مەنىسى بار. «مەن نامازنى ھېيتگاھتا ئوقۇدۇم» دېگەندە، ئۇنىڭ مەنىسى «ھېيتگاھ جامەسى» دېگەن بولىدۇ؛ «بىز ھېيتگاھتا كۆرۈشەيلى» دېگەندە بولسا، ئۇ «ھېيتگاھ مەيدانى» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ. قەشقەرىيلەرنىڭ نەزەرىدە، ھېيتگاھ مەيدانى خەنزۇلارنىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدىن، ئورۇسلارنىڭ كېرىمىل مەيدانىدىن ھېچ قېلىشمايدۇ. شۇڭا بىزدەك مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان قەشقەرلىكلەر يۇرتقا قايتىپ، ھېيتگاھ مەيدانىدا مەيدىمىزنى كېرىپ، غۇرۇر بىلەن بىردەم مېڭىۋالساق، خۇددى ئۇنى بەرپا قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قۇرۇلۇشلارنى ياسىغان مىمارلاردەكلا خوشال بولۇپ كېتىمىز.

بۇ سەپەر قەشقەرگە كېلىپمۇ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىنلا، ھېيتگاھقا قاراپ يول ئالدىم. تەنتەربىيە كومىتېتى قورۇسىدىن چىقىپ، غەربكە قاراپ يۈز - يۈز ئەللىك قەدەم ماڭساق، «جەنۇبىي ئازاتلىق يولى»غا چىقىمىز. ئۇ يەردىن شىمالغا بۇرۇلۇپ، كوچا بويلاپ سەككىز – توققۇز يۈز قەدەمچە ماڭساق، ھېيتگاھ مەيدانىغا يېتىپ بارىمىز. ھېيتگاھ مەيدانى «شىمالىي ئازاتلىق يولى»نىڭ غەربىي قانىتىغا جايلاشقان. ئېگىز ۋە گۈزەل نەقىشلىك ئالىپتە دەرۋازىسى كۈن چىقىشقا قارىتىپ ئېچىلغان ۋە ئۇزاق ئەسىرلەرنىڭ يادنامىسى بولغان ھېيتگاھ جامەسى مەزكۇر كەڭ قۇچاقلىق ھېيتگاھ مەيدانىغا نۇر چېچىپ تۇرغاندەك ئىللىق، نۇرانە ۋە پارلاق كۆرۈنىدۇ ئىنسانىنىڭ كۆزىگە. ئەتراپى ئۇيغۇر مىمارچىلىقىنىڭ ئەۋرىشكىلىرىدىن ئۆرنەك كۆرسىتىدىغان بىنالار بىلەن ئورالغان بۇ ھېيتگاھ مەيدانى بىزلەر ئۈچۈن قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزى، كۆزى ۋە ئۇنىڭ نەق ئۆزى سانىلىدۇ.

«مانا قەشقەر، مانا ھېيتگاھ!» دېدىم مەيدانىغا قەدەم قويۇش بىلەن تەڭ سۆيۈنۈش ئىچىدە ئۆز ئۆزەمگە. شۇ ئان ۋۇجۇدۇمنى ۋىسال شاتلىقى

بىلەن تويۇنغان ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى قاپلاپ، يۈرىكىمنى تولىمۇ راھەتلىك سوقتۇردى...

## «لەۋچۇك» ئەمەس، «ئۈيۈتماش» بولسۇن!

23 - ئىيۇل، جۈمە.

ئەتىگەن، ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت سەككىز يېرىمدە، تەكلىپلىك مېھمان سالاھىيىتىم بىلەن، «قەشقەر شەھەرلىك غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى»غا قاتناشتىم. يىغىن مەن يۇقىرىدا تەسۋىرلەپ ئۆتكەن قەشقەر شەھەرلىك پەن - تېخنىكا سارىيى بىناسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋەت يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىندا، قەشقەر شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تاگنۇرى خانىم مۇھىم يوليورۇق بەردى. شەھەرلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ۋە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم سۇلتان قاتارلىقلار نۇقتىلىق سۆز قىلىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئەھۋالىنى يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا دوكلات قىلدى. ماڭا ئوخشاش قەشقەرگە تۇغقان يوقلاپ كەلگەن تەكلىپلىك مېھمان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە فولكلورى تەتقىقاتى بويىچە ئاتاقلىق ئالىم ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندى ئۆزى ئۈرۈمچىدە قاتناشقان مۇناسىۋەتلىك يىغىنلار ئارقىلىق ئىگىلىگەن باشقا ۋىلايەت، شەھەرلەرنىڭ مەزكۇر خىزمەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئاساسىدا، قەشقەرنىڭ غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتى بويىچە ئىشلەشكە تېگىشلىك ئەمەلىي ۋە جىددىي ئىشلىرى توغرىسىدا مۇھىم تەكلىپلەرنى بەردى. قەشقەرنىڭ فولكلور، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئومۇمىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى خىزمىتى ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم ئەھلىلىرىدىن ئابلىز ئۆمەر، ھاجى مىرزاھىد كەرىمى،

ئۆمەر ئوسمان شىفائىي، ئابدۇلباقى ھاجى، تۇرسۇن قادىر، ئابلىكىم روزى ۋە چىمەنگۈل ئاۋۇت قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن قىزغىن پىكىر بايان قىلىپ، ماۋزۇيىمىزدىكى خىزمەتنى ئەمەلىي ئۆنۈمگە ئىرىشتۈرۈش ئارزۇسىنى ۋە ئىرادىسىنى بىلدۈرۈشتى. يىغىن قىزغىن كەيپىياتلىق ۋە ئەمەلىي پىكىرلىك ياخشى ئۆتتى مېنىڭچە،

ئەڭ مۇھىمى، ئانا يۇرتتا، شۇ قەدەر كۆپ ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە ھۈنەر ـ كەسىپ ساھىبلىرى بىلەن يەپ – ئىچىش سورۇنىدا ئەمەس، بەلكى رەسمىي كۆنتەرتىپلىك ئىلمىي مۇھاكىمە مەيدانىدا دەرقەمتە بولۇش، ئۆز خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى قوغداش مەسىلىسىدە، ئاساسىي قاتلامدىكى ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلىرى بىلەن ئىچەكىشىپ مۇڭدىشىش مېنىڭ ئۈچۈن، تەتقىقات مېگەمنى تېخىمۇ ئاچىدىغان، ئىزدىنىش قەلىمىگە يەنىمۇ كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلايدىغان تولىمۇ ئەھمىيەتلىك كەچۈرمىش ۋە قىممەتلىك خاتىرە بولدى.

چۈش ۋاقتى بولغاندا، يىغىن رىياسەتچى پەن ـ تېخنىكا سارىيى بىناسىنىڭ شەرق تەرەپ قىيپاش قارشىسىدىكى «رۇسلان» رېستورانىدا چۈشلۈك تاماق بەردى. تاماق سورۇنىمۇ ئىلمىي مۇھاكىمە مەيدانى بولۇپ كەتتى ئۇ كۈنى. تاماق تارتىلىپ، ئوخشىتىپ قىلىنغان قەشقەر لەگمۇسى داستىخانغا قويۇلغاندا، مۇشۇ تاماقنى قىلىش سەنئىتى بويىچە كەسىپ ۋارىسى ئۇنۇۋانىغا مۇشەررەپ بولغان مۇھەممەتئىمىن ئاخۇن ئۇستام: «مەن مۇشۇ غىزايىمىزنىڭ ئىسمىنى ‹ئۇيۇتماش› دەپ ئاتىساق دەيمەن، قانداق قارايسىلەر؟» دەپ سورىدى داستىخان ئەھلىدىن. مىنۇت تىمتاسلىقتىن كېيىن، سورۇن گويا قازان قاينىغاندەك قايناپ كەتتى: ھاجى مىرزاھىد كەرىمىي، ئۆمەر ئوسمان شىفائىي قاتارلىق ئەپەندىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن پىكىر بايان قىلىپ: «تولىمۇ جايىدا ئىسىم بولۇپتۇ، ھەقىقەتەنمۇ ماش ئۇنىدىن ئۇيۇتۇلغان غىزاغۇ بۇ، شۇنداق بولسۇن، بارىكاللاھ!» دېيىشتى.

دەرۋەقە، بىرەر ئىسىم ـ نامنىڭ قويۇلۇپ مۇقىملىشىشى ئاداققىي جەھەتتە

بىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىمىزنىڭ بىكىتمىسى ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىدۇ. ئەمما، خەلقىمىزنىڭ، خۇسۇسەن ھۆنەر ـ كەسىپ ئىگىلىرىمىزنىڭ ئۆز كەسپىگىلا ئەمەس، ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى ئىپادىلەيدىغان ئۆز تىلىمىزغىمۇ ساھىب چىقىپ، كەسپىي نام ـ ئاتالغۇلاردىن تارتىپ، بارلىق سۆز ـ كەلىمىلەرنىڭ تىلىمىزغا ئەپ ۋە قۇلىقىمىزغا چۈشىنىشلىك بولۇشىنى خاھلىشى ۋە بۇ خىل كۆڭۈل ئارزۇسىنى پىكىر بىرلىكى بىلەن دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشى مەن ئۆز ئۆمرىنى خەلقىمىزنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان بىر ئىنسانى بەكمۇ تەسىرلەندۈردىكى، شۇ ئان ھاياجان بىلەن قوشۇلۇپ ۋارقىراپ ئېيتتىم:

ـ شۇنداق، «لەگپۇڭ» ئەمەس، «ئۇيۇتماش» بولسۇن!

## زەمىندىكى ئالتۇن زېھنىيەت

23 ـ ئاۋغۇست، دۈشەنبە.

چۈشتىن كېيىن سائەت 2 لەردە، مېنىڭ بالا ئاغىنىلىرىم توقۇزاق ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئەخمەتجان جۇمە ۋە ئابدۇخېلىل توختى مۇئەللىملەرنىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن، توقۇزاق ناھىيە زەمىن يېزىسىغا بېرىپ، يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارى ئابدۇرەھمجان ئوسمانىنىڭ ھەمراھلىقىدا، «سېتىلە ‹سەييىدلەر›» كەنتىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرى «ئۇلۇخان پاچچىم ‹ئۇلۇغخان پادىشاھىم› مازىرى بىلەن «ئۇلۇخان پاچچىم قەبرىگاھى مەسجىدى»نى تاۋاپ ۋە زىيارەت قىلدۇق.

ئانا يۇرتىمىزنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى بويىچە مول بىلىملىرى بىلەن تونۇلغان جامائەت ئەربابى بۇرادىرىم ئابدۇلقەييۇم تەۋەككۇل ھەمراھىم ئىدى. بىز بارساق، سېتىلە كەنتىدىن ئابدۇللاھ قارىھاجىم قاتارلىق كەنت ئۆلەما ـ مويسىپىتلىرى ۋە ئوقۇتقۇچى –ئوقۇمۇشلۇق زاتلاردىن بولۇپ، 60 ـ 70چە كىشى مەزكۇر مازارلىق ۋە مەسجىدنىڭ ئالدىدىكى كۆل بويىدا بىزلەرنى ساقلاپ

تۇرغانىكەن. دەسلەپ «ئۇلۇخان پاچچىم»مازىرىنى تاۋاپ (ئەتراپىنى ئايلىنىپ كۆرۈش) قىلدۇق ۋە مەزكۇر مازارلىقنى بىسىپ ياتقان ئەھلى قۇبۇرلار (مەرھۇم ۋە مەرھۇمەلەر) روھىغا دۇئالار قىلدۇق. ئارقىدىن، ئۆز زامانىسىدا، مەزكۇر مازار ۋە مازارلىقنى تاۋاپ قىلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەت ۋە ناماز قىلىشى ئۈچۈن ياسالغان، قۇرۇلۇش تارىخى بۈيۈك قاراخانىيلار دەۋرىگە بېرىپ تاقىلىدىغان «ئۇلۇخان پاچچىم قەبرىگاھى مەسجىدى»نى زىيارەت قىلدۇق. بۇ مەسجىد مۇشۇ يېزىدىكى مۇھىم قەدىمي مەدەنىيەت ئىزى سانىلىشقا ھەقلىق بىر قۇرۇلۇش ئىكەن. زىيارىتىمىز جەريانىدا، مەزكۇر مەسجىدنىڭ 10 ـ نۆۋەتلىك خاتىپى بولغان ئابدۇللاھ قارىھاجىم چۈشەندۈرگۈچىمىز بولدى.

تاۋاپ ۋە زىيارەتلەردىن كېيىن، بۇ قەدىمي جاينىڭ جەنۇب تەرىپىدە، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان يولنىڭ بويىدىكى مەھەللە ئۆيلىرىدىن كەڭ ھويلا ـ ئاراملىق بىر قورۇدا، سۆھبەت يىغىنى بولدى. سۆھبەت يىغىنىغا، يېزا پارتكوم سېكرېتارى ئابدۇرەھىمجان ئوسماندىن باشقا، ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابلىز تۇرسۇنمۇ قاتناشتى. يىغىنغا زەمىن ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئابدۇغېنى قادىر رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا ئالدى بىلەن، زەمىن ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، تەتقىقاتچى يالقۇن ئابلەت مۇئەللىم نۇقتىلىق سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە، يىللاردىن بۇيان مەزكۇر قەدىمجاينىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىپ چىقىش مۇددىئاسىدا ئېلىپ بېرىلغان خىزمەتلەر ھەققىدە، «خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەرنى توپلاش، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ـ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە تارىخقا ھۆرمەت، ئەمەلىيەتكە ئىززەت قىلىش ئاساسىدا دوكلات يېزىپ، مۇناسىۋەتلىك يۇقىرى ئورگانلارنىڭ تەستىقىغا سۇنۇش» دېگەن تەرتىپ بويىچە، سىستېمىلىق بايان بەردى. ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابلىز تۇرسۇن ۋە ئابدۇللاھ قارىھاجىم قاتارلىقلار قوشۇمچە قىلدى. ئاخىردا، يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارى ئابدۇرەھىمجان ئوسمان خۇلاسە سۆزى سۆزلىدى. ئۇ سۆزىدە

مۇنداق دېدى: «مەن بۇ زەمىن يېزىسىغا سېكرېتار بولۇپ كەلگەندىن بۇيان، بىر تەرەپتىن ناھىيىمىزنىڭ ھاكىمى ئەنۋەر تۇرسۇن ۋە ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ئەمەتجان ئابدۇرەھىم قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ يېزا - كەنتلىرىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداش ھەققىدە بەرگەن يوليورۇقلىرىدىن ئىلھاملانسام، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ يېزىدىكى خەلقنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆز يۇرتىنى سۆيۈش، ئۆز دىيارىنىڭ گۈل - گىياھلىرىدىن تارتىپ تام كېسەكلىرىگىچە ھەر نەرسىسىنى ئەزىزلەش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتىلىش روھىدىن تەسىرلەندىم. خۇسۇسەن، سېتىلە كەنتىدىكى ئاددىي دېھقاندىن تارتىپ، مۇئەللىم - خانىم ۋە خاتىپ - ئىمامغىچە ھەممە ئادەمنىڭ مەزكۇر «ئۇلۇخان پاچچىم «ئۇلۇغخان پادىشاھىم» مازىرى بىلەن «ئۇلۇخان پاچچىم قەبرىگاھى مەسجىدى» نىڭ تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ بىزنىڭ بۇ كەنتىمىز ۋە يېزىمىزنىڭ تارىخى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى ھەققىدىكى پىكىر - ئىنكاسلىرى مېنى سۆيۈندۈردى. مېنىڭ چۈشەنچەمچە، خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر - ئىنكاسلىرىنى يۇقىرىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈش، ئەھمىيەتلىك ۋە ئەمەلىي قىممەتلىك پىكىر - تەلەپلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىش بىز يېزا كادىرلىرىنىڭ باش بۇرچى سانىلىدۇ. مەن مۇشۇنداق چۈشەنچە ئاساسىدا، مەزكۇر قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىمىزنىڭ دىققەت ئېتىبارىغا ئېرىشىشى ۋە ئۇنىڭ ھەقلىق سالاھىيەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم ۋە كۆرسىتىۋاتىمەن. مەن بىزنىڭ خەلقىمىزنى سۆيىدىغان، مەدەنىيىتىمىزگە كۆيىدىغان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىلىم ئادەملىرىنىڭ يېزىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى، مىڭ يىللار مابەينىدە دىيارىمىزنى زىننەتلەپ كەلگەن قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرىمىزغا قەدەم بېسىپ بېقىشىنى، شۇ ئارقىلىق، كومپارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئۇپرىماس نۇرى ئاستىدا، كۈندىن كۈنگە گۈللىنىۋاتقان يېزىلىرىمىزنىڭ يېڭى قىياپىتىنى كۆرۈپ، داستىخانلىق

ھوزۇرىمىزدا مېھمان بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن!»

يېزا پارتكوم سېكرېتارى ئابدۇرەھمجان ئوسماننىڭ مېغىزلىق، مەزمۇنلۇق ۋە ھالال سۆزلىرى گۈلدىراس ئۇزۇن چاۋاكلار بىلەن ئالقىشلاندى.

ئانا يۇرتقا زارىقىپ ئۇزاقتىن كەلگەن مەن تەكلىپلىك زىيارەتچى مۇشۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە بىۋاسىتە نەق مەيداندا ئاڭلىغانلىرىم ئاساسىدا، مۇنداق تونۇشقا كەلدىم: «توقۇزاق (توقۇز ساك)»، «ئوغۇساق (ئوغۇز ساك)»، «ئىنىساق (ئىنى ساك)»، «تۆگەساق (تۆگە ساك)» قاتارلىق قەدىمىي ساكلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىنىۋاتقان بۇ زېمىندە، قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ بولۇشى ۋە تېپىلىشى تەبىئىي ئەھۋال. ئەمدى، زەمىن يېزا سېتىلە كەنتىدىكى ئاددىي پۇقرا، ئاۋام خەلقلەرنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى بىلەن، ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزا ـ كەنتلەردە يۈز كۆرسىتىۋاتقان ئاسفالت يول، مۇنچا ۋە سۇلۇق ھاجەتخانىلىق قىلىپ ياسىلىپ قەد كۆتۈرۈۋاتقان رەت ـ رەت ئولتۇراق ئۆي، بىر ـ بىرىدىن كۆركەم ۋە ئازادە مەكتەپ ۋە ئۇن بەش مىڭ مولۇق ياڭاقلىق باغ بەرپا قىلىش قاتارلىق يېڭى ۋە زامانىۋى قۇرۇلۇشلار قاتاردا، ئۆز مەھەللە ـ كويلىرىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئاسراش، قوغداش ۋە ئۇنى ساياھەت نۇقتىسى قىلىپ ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئارزۇسىدا بولۇشى بولسا، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقان زامانىمىز دېھقانلىرىنىڭ دەۋرگە مۇناسىپ ھالدىكى يېڭىچە ئاڭ ـ تونۇشىنى، ئالتۇن زېھنىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان تولىمۇ قىممەتلىك ۋە ھەقىقەتەنمۇ بارلىق ئىمكان بىلەن قىزغىن قوللاشقا تېگىشلىك بىباھا پىكىر ـ تەلەپتۇر.

زىيارەت ئاخىرلاشقاندا، يېزا پارتكوم سېكرېتارى ئابدۇرەھمجان ئوسمان بىزنى ناھىيە بازىرىغىچە ئۇزىتىپ باردى. ئايرىلىش ۋاقتىدا، ئاساسىي قاتلامدا ئىشلەپ بارغان ھېچقانداق بىر ياساق ـ جابدۇقسىز تەبىئىي كۆرۈنۈشلۈك بۇ يېرىم كۈنلۈك زىيارەتنىڭ مېنىڭ يۈرىكىمگە زەمىن خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىق

ئارمانىنىڭ مۇھەببەت ئوتىنى سىلىپ قويغانلىقىنى روشەن ھېس قىلدىم.

* * * *

ئۇندىن باشقا، 28 - ئىيۇل (چارشەنبە) كۈنى يوپۇغا ناھىيىسىدىكى «داۋاكۆل سەيلىگاھى»نى سەيلە - ساياھەت قىلىپ، تەكلىماكان قۇملۇقى بويلىرىنىڭ ئۆزگىچە خاس بولغان گۈزەل مەنزىرىسىنى ھوزۇر بىلەن كۆرۈپ، راھەتبەخش ئاپتاپلىرىدا كۆيۈپ كەلدىم. 9 - ئاۋغۇست (دۈشەنبە) كۈنى دولان دىيارى مەركىتىكە بېرىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ پىر - ئۇستازلىرىدىن ئامانىسا خانىم نەفسىسىنىڭ يۇرتى «غاز كۆلى يېزىسى»نى زىيارەت قىلىپ، شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى تەتقىقاتىم ئۈچۈن، يېڭىدىن يېڭى كۈچ ئېلىپ كەلدىم.

29 - ئاۋغۇست كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. تونۇش بىلىشلەر كۆرۈپ: «ئوبدانلا قارىداپ، ساغلام چىراي بولۇپ قاپسىز، خۇددى يازلىق داچىلارغا بېرىپ، دېڭىزغا چۆمۈلۈپ ياشاپ كەلگەن ساياھەتچىلەردەك» دېيىشتى. ئاڭلاپ خوشال بولدۇم. چۈنكى ئۇلار ھەقلىق ئىدى. شۇڭا: «دېمىسەڭلەرمۇ، مەن ئانا يۇرت قوينىدىكى بەخت دېڭىزىغا چۆمۈلۈپ كەلدىم» دېدىم مەمنۇنىيەت بىلەن.

2011 - يىل 31 - يانۋار.

ئالتىنچى باب

# ھىجرەتتە بىباھا ئىمكان

مەن ھېلىقىدەك ئۆز ئۆمرۈم ياشامدىغان ئۈچۈن باشتىلا بىر ئۇلۇغۋار پىلاننى تۈزۈۋېلىپ، شۇ پىلان بويىچىلا ئىش قىلسام دەيدىغان ۋە «قىلىمەن» دېگەن ئىشىنى روياپقا چىقارمىسا، زادىلا ئۇنىمايدىغان قالتىس جاسارەتلىك ئىنسان قاتارىغا كىرەلمىسەم كېرەك. ئەمما، مۇھىت ئىمكانى، ھاياتلىق مۇمكىنچىلىكى يار بەرسىلا، ئۆمرۈمنى ئاشۇ ئىمكانلار دائىرىسىدە قەدىرلەپ ۋە گەۋدىلەندۈرۈپ ياشاشقا يېتەرلىك شىجائەت كۆرسىتەلەيدىغانلاردىنمەن دەيمەن ئۆزەمچە. مۇشۇنداق خۇي - تەبىئەت ۋە خاراكتېر بىلەن ياشاپ كەلگەن مۇھاجىرەتلىك ھاياتىمدا، ھىجرەتنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلىدىغان ئىمكانى ئۆز يۇرتىدىكى ئىمكانلاردىن سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە مول ۋە كەڭ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، تەڭداشسىز دەرىجىدە قىممەتلىك بولىدىكەن، دەپ قالدىم.

### «لۇتپۇللاھ مۇتەللىپ مەڭگۈ ئۆچمىگۈدەك ئۈلگە بولسۇن!»

باشتا تاپشۇرما قىلغىنىمدەك، 1972 - يىلى، يىگىرمە ئىككى ياشلىق مەن بېيجىڭغا ھىجرەت قىلىپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردىم. «ئوقۇشقا كىرىش تەربىيىسى» دېگەندەك رەتتىكى زورۇر پائالىيەتلەرنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، رەسمىي دەرسكە چۈشۈپ كەتتۇق. كەچقۇرۇن كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن، سائەت

يەتتىدىن توققۇزغىچە ئۆزىمىزگە تەئەللۇق سىنىپىمىزغا بېرىپ، كوللىكتىپ ھالدا، «كەچلىك ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش» قىلاتتۇق. مۇنداق چاغلاردا، دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىمىز نۆۋەتلىشىپ، سىنىپىمىزغا كېلىپ، ئىختىيارى ھەمسۆھبەتتە بولاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر ئاخشىمى ئىدى، ئەدەبىي تەرجىمە ئوقۇتقۇچىمىز ماشۇجىن مۇئەللىمنىڭ بىزگە بايان قىلغان سۆھبىتى ھېلىھەم ئېسىمدە:

- مەن لۇتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان ماشۇجىن بولىمەن، - دېدى ئۇ ھەر قايسىمىز بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن، - سىلەر ل. مۇتەللىپنىڭ مىللەتداشلىرى، يۇرتداشلىرى. سىلەرنى كۆرۈپ، بەك خوش بولدۇم. پايتەختكە ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگىنىڭلەرگە قۇتلۇق بولسۇن!

ئۇ ئۇيغۇرچىنى خۇددى بىراۋغا كىتاب ئوقۇپ بېرىۋاتقاندەك، ھەر بىر كەلىمىنى ئايرىم - ئايرىم قىلىپ، ئۆزىگە خاس بولغان بىر خىل تاكىسۇق تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتى. ئەمما، چىراي ئىپادىسى ۋە سۆز - جۈملىلەرنى مارجاندەك تىزىپ ئېيتىشتىكى ئەستايىدىللىقى ئۇنىڭ سەمىمىلىك بىلەن تويۇنغان قەلب - يۈرىكىنى تەرجىمان بولۇپ چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى گويا. ھەممىمىز ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھەيران - ھەس بولغان ھالدا، خۇددى ماگنىت تېشىغا تارتىلىپ چاپلىشىپ قالغان تۆمۈر پارچىلىرىدەك قېتىپ ئولتۇرۇپلا قالدۇق. ئەمىسچۇ؟ بىر خەنزۇ ئادەم سېنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىڭدىن بولغان بىر ئىلىمپەرۋەر ئوتيۈرەك ئىنسانىنى شۇ قەدەر سۆيسە. ئۇنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى سەندىنمۇ بەكرەك بىلسە؛ ئۇ يازغان شېئىرلارنى شۇ قەدەر ئەزىزلىسە ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇنىغا ئەدىبلەرگە خاس ئىلمىيلىك بىلەن چوڭقۇر چۆكسە، ئاندىن ئۇلارنى دۆلەت تىلى بولغان خەنزۇ تىلىغا ئۆرۈسە، سەن تەسىرلەنمەي تۇرالامسەن ئەجەبا!؟

- باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، - دېگەن ئىدى ماشۇجىن مۇئەللىم شۇ كۈنى يارىشىملىق قول ھەرىكىتى بىلەن جىددى قىياپەتتە، - ل. مۇتەللىپ

ھەممىدىن تولا ئۆگىنىش ـ ئوقۇشنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ زۆرۈر ۋە ئەڭ مۇقەددەس پائالىيەت ئىكەنلىكىنى؛ ئىنساننىڭ ياشلىق مەزگىلىنىڭ بولسا، ئۆگىنىش ـ ئوقۇشنىڭ تېپىلماس ۋە بىباھا پۇرسەت چېغى ئىكەنلىكىنى ئەڭ چوڭقۇر چۈشەنگەن ۋە بۇ چۈشەنچىنى زاماندىشلىرىغا، ئەۋلادلارغا تولۇقى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە سەممىيەت ۋە جىددىيەت بىلەن تىرىشقان ئىنسان ئىدى. ئۇنىڭ بۇخىل ئالتۇندەك ئېسىل ئىدىيىسى ۋە ئالماستەك قىممەتلىك ئېگى ئۆزىنىڭ «يىللارغا جاۋاب»، «ياشلىق ئۆگەن»، «بىز شىنجاڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى»، «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى» قاتارلىق نادىر شېئىرلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندۇر. ھالبۇكى، سىلەر لۇتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ روھىدىن ئۇبدان ئۆگىنىشىڭلار، ئەلا ئۆگىنىش نەتىجەڭلەر ئارقىلىق، ئۇ ئۈتۈپ ئۈرەك ئەجدادىڭلارنىڭ ئىزىنى بېسىشىڭلار ۋە ئەمەلىي تۆھپەڭلەر ئارقىلىق، ئۇنىڭ ياش غۇنچە گۈلىنى ئېچىلدۇرۇشۇڭلار كېرەككى، ل. مۇتەللىپ سىلەرنىڭ ئەبەدىيلىك ئۆگىنىش ئۈلگەڭلەر بولسۇن!

ماشۇجىن مۇئەللىمنىڭ خىتاپنامە خاراكتېرىدىكى بۇ تەۋسىيەسىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز بەك خوش بولدۇق، بەكمۇ ھاياجانلاندۇق. ھاياجانلاندۇقلا ئەمەس، بەلكى ھەيران ـ ھەس قالدۇق. ئەمىسچۇ؟ 1966 ـ يىلى باشلانغان ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئانا يۇرتىمىزدا، لۇتپۇللاھ مۇتەللىپلەرنىڭ ھەيكەللىرىنى چېقىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغان، پائالىيەتلىرىنى كىنو سىنارىيەلەشتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى «ئەكسىيەتچى ئىلىم نوپۇزلۇق قارا يىپىلار» قىلىپ ئايرىپ، كوچىلاردا سازايى قىلدۇرۇپ، ئاممىۋى كۈرەشكە تارتىپ مۇشتلاپ ـ ئۇرۇپ، قەددىنى كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتكەن تۇرسا، ئۇ يەردە، «ل. مۇتەللىپنىڭ ‹ياشلىق ئۆگەن› دېگەن شېئىرى ياخشى. ئۇ بىزنىڭ ئۈلگىمىز» دېيىش ئىمكانىمىز يوق بولدى ـ دە! ئەمما، مانا بۈگۈن بۇ يەردە ـ پايتەخت بېيجىڭدا، سىنىپ تەربىيەچىلىرىمىزدىن بىرى بولغان ماشۇجىن مۇئەللىم بىزنىڭ يۈرىكىمىزدىكى گەپلەرنى دېدى، دېگەندىمۇ چىن

دىلدىن يۇخادىن چىققۇدەك قىلىپ دېدىكى، بېيجىڭ دېگەن بولىدىغان يەر ئىكەن جۇمۇ!؟

مانا بۇ بىزنىڭ پايتەخت بېيجىڭدىكى تۇنجى تەسىراتىمىز ـ شۇ قەدەر تەبىئىي، شۇ قەدەر نەق. بولۇپمۇ كىچىكىمدىن لۇتپۇللاھ مۇتەللىپ ھەيرانىسى بولغان مەن بېيجىڭدا، پىكىر ـ تەپەككۇر ۋە ئىلمىي پائالىيەت قىلىش جەھەتتە شۇ قەدەر كەڭ ئىمكانلار ساھىبى بولىدىغانلىقىمدىن سۆيۈنۈپ، تېرەمگە پاتماي قالغاندەك بولۇپ كەتتىم. شۇ كېچىسى، ئۇن يىللار ئىلگىرى مەن ئوقۇغان قەشقەر 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى چۈشەپتىمەن. ئەنە، مەكتەپنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشكىلا پىششىق خىشلىق، ئىككى تەرىپى ئاكاتسىيلىك خىلى كەڭ مەيدان، مەيداندىن ئۆتۈپ، چىرايلىق پەلەمپەيلەر بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلىۋاتىمىز. ئالدىمىزدا، ئالدىغا يارىشىملىق ئۇيغۇرچە پېشايىۋاي چىقىرىلغان ئوقۇتۇش بىناسى. ئۇنىڭ قوش قاناتلىق كەڭ كىرىش ئىشىكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، بادام دوپپىلىق لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قولىدا بىر كىتاب بار پۈتۈن بەدەن ھەيكىلى غەيۇر ۋە جاسارەتلىك تۇرۇق بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بوينۇمىدا قىزىل گىلاستۇك. ھەيكەلنىڭ ئالدىدىن پىئونىرلارچە سالام بېرىپ ئۆتىۋاتىمىشمەن... ھەي... قانداق گۈزەل چاغلار ئىدى ـ ھە ئۇ!

شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتچان گەپ ـ سۆزلىرى ۋە ھوسۇللۇق ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق يېتەكلەپ، بىزنىڭ پىكىر ـ تەپەككۇر ئۇپۇقىمىزنى كەڭ ئاچقان ماشۇجېن مۇئەللىم بىلەن ئىجىل ـ ئىناق ئۇستاز ـ شاگىرت بولۇپ قالدۇق. ئۇنىڭ ھەيدەكچىلىكى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن سىنىپىمىزدا، «ل.مۇتەللىپ ئەدەبىيات كۇرژوكى» قۇرۇۋالدۇق. كۇرژوك ئەزالىرى قەرەللىك سۆھبەت يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇراتتۇق. بەزى شەنبە ـ يەكشەنبە ۋە بايرام كۈنلىرى تەكلىپ بىلەن، ماشۇجېن مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە باراتتۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ ل.مۇتەللىپ شېئىرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىنى زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى. ھەمىشە بىزنى ل.مۇتەللىپنىڭ

«يىرتىلسا كالىندارنىڭ بىر ۋارىقى، تۆكۈلىدۇ ياشلىقتىن بىر تال يوپۇرماق» دېگەن ئۆلۈمسىز بېيىتى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئويۇنپەرەسلىك قىلماي، ھەر بىر مىنۇت ـ سېكونتنىمۇ ئىسراپ قىلماي، جان جەھلىمىز بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى.

ئىمكانىيەت قوينى جۇڭگودىكى ھەر قانداق يەردىن سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە كەڭ بولغان بېيجىڭ مۇھىتى بىزنى ئاقىبەتتە، بىلىم قۇرۇلمىسى نىسبەتەن كەڭ ۋە پىششىق، پىكىر ـ تەپەككۇرى نىسبەتەن ئەركىن، ئويغاق ۋە ئويناق قىلىپ تەربىيلەپ چىقتى. 1975 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگىنىمىزدە، مەن ئوقۇغان ئون ئۈچ ئوقۇغۇچىلىق 72 ـ يىللىق يۈكسەك سىنىپتىن ئون نەپىرىمىزنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، مەركىزىي تەرجىمە ئىدارىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى قاتارلىق نوپۇزلۇق ئىلىم ئورگانلىرىغا تەقسىم قىلدى. شىنجاڭ گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ پېنسىيونېرى خالىدە ئىسرائىل، شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى قۇربان ياسىن ۋە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى تۇرۇپ بارات قاتارلىقلار مېنىڭ شۇ زاماندىكى ئىپتىخارلىق ساۋاقداشلىرىم بولىدۇ.

ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئۆز مەكتەپ، ئۆز فاكۇلتېتىمغا ئېلىپ قېلىنغاندىن كېيىنمۇ، ماشۇجېن مۇئەللىمنىڭ«ل. مۇتەللىپ سىلەرنىڭ ئەبەدىيلىك ئۆگىنىش ئۈلگەڭلەر بولسۇن!» خىتابىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. ئوقۇغۇچى ئەۋلادلارنى ل.مۇتەللىپنىڭ «ئىجاد ـ يىللارنى قېرىتىدۇ، دەپ بېرىمىز جاۋاب» روھى بويىچە يېتەكلەپ، تىل، ئەدەبىيات ۋە تەرجىمىچىلىك ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشى ساھەسىدە، بىر قەدەمدە بىر ئىز چىقىرىپ، بىجانىدىل ئىشلەپ كەلدىم. ئەدەبىيات ۋە يېزىقچىلىققا ئاشىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە، ل.مۇتەللىپ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان كۈنلەرنى ئاساسەن ئەس ـ يادسىز ئۆتكۈزۈۋەتمىدۇق. چوڭراق قىلغىنىمىز 1995 ـ يىلى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ تەشكىللىشىدە ئۆتكۈزۈلگەن «لۇتپۇللاھ

مۇتەللىپ ۋاپاتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» بولۇپتۇ. كېلەر يىلى، يەنى 2012 ـ يىلى، مەكتىپىمىزدە، «لۇتپۇللاھ مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈشنى پىلانلاۋاتىمىز.

زامان ياخشى، نىيەت خالىس، ئىمكانلىرىمىز تەل. ھالبۇكى، تىرىشساقلا، ھەر قانداق ئىشنى قىلالايمىز بۇ يەردە.

## بېيجىڭدە ئەلىشىر نەۋائىي تەنتەنىسى

2011 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، پايتەخت بېيجىڭدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى باشچىلىقىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان «بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى غۇرۇر بىلەن خاتىرىلەيمىز» ماۋزۇلۇق بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى داغدۇغىلىق ۋە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا، بېيجىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىدارە ئورگانلاردا ئىشلەۋاتقان كادىرلار، ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئانا يۇرتىمىزدىن بېيجىڭغا خىزمەت بىلەن كەلگەن يۇرتداشلىرىمىز ۋەكىللىرىدىن بولۇپ ، جەمئىي 200 گە يېقىن كىشى ئىشتىراك قىلدى.

بۇ نۆۋەت بېيجىڭدا ئېچىلغان بۇ ئەلىشىر نەۋائىي تەنتەنىسى يىغىنىنىڭ مەكتەپلەر تەتىل قىلغان بىر چاغ بولۇشىغا قارىماي، بۇ قەدەر داغدۇغىلىق قىلىپ ئۆتكۈزۈلۈشى مۇنداق بىر ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن بولغانىدى.

بۇلتۇر، يەنى 2010 ـ يىل 9 ـ ئايدا، جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى ئۈرۈمچىدە ھەيئەتلەر يىغىنى چاقىرىپ،

بۇ يىل، يەنى 2011 ـ يىل 10 ـ ئايدا، بېيجىڭدە، ئەلشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچىدىغانلىقىنى ۋە شۇ مۇناسىبەت بىلەن، ئوتتۇز توملۇق ئەلشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى نەشىر قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ھاياجان ئىچىدە، بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ قۇتلۇق خوشخەۋەرنى مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزدۇق. ھەممەيلەن بىزگە ئوخشاشلا شادلىنىپ، قايىنام تاشقىنلىققا چۆمدى. شۇ ئارىلىقتا، مەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى تەتقىقاتى» دەرسىنى سۆزلەۋاتقان ئۇيغۇر تىل ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2007 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى:

ـ مۇئەللىم، بىز بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان ئاشۇ خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا جۆر بولۇپ، سىنىپ بويىچە بىر خاتىرىلەش پائالىيىتى قىلساق قانداق؟، ـ دەپ مەسلىھەت سورىدى.

ـ ياخشى گەپ، بىزمۇ ئۇ مۆھتەرەم بوۋىمىزنىڭ 570 ياشقا كىرگەنلىكىنى خاتىرىلەيلى، ئەمىسە.

ـ قاچان خاتىرىلىسەك بولۇر؟

ـ نەۋائىي بوۋىمىز بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ئاشۇ 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خاتىرىلىسەك، قانداق؟

ـ بولىدۇ. ئەمىسە، پۈتۈشتۇق.

بولۇنغان گەپ شۇ. ئوتتەك قىزغىن پىكىرلىك ۋە چەپدەس ئىنكاسلىق ياش ئەۋلادلىرىمىز ئۇيغۇر فاكۇلتېتى رەھبەرلىكىگە دەرھال دوكلات يازدى. توغرا ئىشنى، ياخشى پائالىيەتنى پائال قوللاشنى ئۆزلىرىگە بۇرچ بىلىدىغان فاكۇلتېت رەھبەرلىكى: «ياخشى ئويلاپسىلەر، بۇ پائالىيەتنى بىر سىنىپ نامىدىن ئەمەس، پۈتۈن فاكۇلتېت نامىدىن قىلايلى. ياخشى تەييارلىق قىلىڭلار» دەپ يوليورۇق بەردى ۋە ئۆزلىرى باش بولۇپ، مەكتەپ مەمۇرىيىتىگە دوكلات

يېزىپ، ئىزىن - ئىجازەت ۋە پائالىيەت مەيدانى ئېلىپ بەردى.

ئىككى يۈز كىشىلىك كۆلەمدىكى بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈش دېگەننى ئاسان دېسە ئاسان، تەس دېسە، تولىمۇ بەسى مۈشكۈل بىر ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دېگەن قىشلىق تەتىلنىڭ دەل كىندىكى. قىزغىنلىقتا، «ھە، شۇنداق قىلايلى!» دەپ بەك ۋارقىراپ قويۇپ، ۋاقتى كەلگەندە، تەتىل قىلىپ ئانا يۇرتقا قايتىشۋاتقانلارنى كۆرۈپ، ئاتا - ئانا، ئۇرۇغ تۇغقانلارنى سېغىنىش ئوتىنىڭ كۆيدۈرۈشىگە بەرداشلىق بېرەلمەي: «دادامدىن تېلېفون كېلىپ قالدى. ئانامنىڭ مىجەزى يوق بولۇپ قاپتۇ» دەپ ئۆيگە تىكىۋېتىپ، قاتنىشىدىغان ئادەم ئاز، پائالىيىتىمىز چۆپچۆل بولۇپ قالامدۇ؟

ئۇنداق بولمىدى. دەل ئەكسىچە، «ئەلشىر نەۋائىي بوۋىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزىمىز» دەپ، ھەتتا 2010 - يىل 9 - ئايدا ئوقۇشقا كىرگەن ۋە يېڭى، ماكان، يېڭى مۇھىت تۈپەيلى ئانا يۇرت ۋە ئاتا - ئانىسىنى ئەڭ سېغىنىپ كېتىدىغان 2010 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن قىز - يىگىتلەر تەتىلدە ئۆيلىرىگە قايتمىدى. بەزىلىرى 9 - فېۋرال ئەلشىر نەۋائىي تۇغۇلغان كۈنى تەنتەنىسىنى قىلىۋېتىپ، ئاندىن قايتىدىغان بولۇشتى. يەنە بىر مۇنچەيلەن، تەتىل قىلىپ دەسلەپ ئۆيگە كېتىپ، 9 - فېۋرال كۈنىگە ئۈلگۈرۈپ قايتىپ كەلدى. باق، قېرىنداشىم ۋە پەخىرلەنكى، مانا بۇ بىزنىڭ بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىمىز!

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بولغانىكەن، ئۇنىڭدا ئەلشىر بوۋىمىزنىڭ ھاياتى ۋە ئەمگەكلىرىگە تالىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنغان ۋە ئالىي بىلىم يۇرتىدىكى ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ يارىتىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ قايىللىقىغا مۇيەسسەر بولغىدەك ئىلمىي ماقالىلەر ئوقۇلۇشى كېرەك. بىز بۇنىڭغا ئەستايىدىل تەييارلىق قىلدۇق: ئوقۇتقۇچىلارمۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ بەس - بەستە ماقالە ماۋزۇلىرىنى بېكىتىشتى، ئەستايىدىل ئىزدىنىپ تەتقىقات ماقالىلىرى يېزىشتى.

ئاندىن، بىز بۇ پائالىيەتنى ئانا يۇرتىمىزنىڭ تۈز ئىچىگە ئالغان كەڭ جەمئىيەتكە ئىشىكى داغدام ئېچىۋېتىلگەن ئومۇمخەلق پائالىيىتى قىلماقچى بولدۇق. چۈنكى، ئەلىشىر ئىبنى غىياسىددىن نەۋائىي ھەممە ئۇيغۇرنىڭ بوۋىسى. شۇنداقكەن، ھەممە ئۇيغۇر بۇ يىلنىڭ بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋائىي 570 ياشقا كىرگەن قۇتلۇق يىل ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. شۇ مۇددىئادا، بىر تەكلىپنامە ئىشلىدۇقكى، شۇ خىلدىكى تەكلىپ - دەۋەتنامىلارغا ئۆرنەك بولغىدەك. بىز بۇ تەكلىپنامىنى جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام جەمئىيىتى رىياسەتچىلىكى ئەمەلدارلاردىن تارتىپ، ھەر قايسى چوڭ گېزىت - ژۇرناللار تەھرىر بۆلۈمىدىكى ئىلمىدارلارغىچە تارقاتتۇق: «ئىمكانىڭلار بولسا، كېلىڭلار، ئۇيغۇر نەۋائىينىڭ بەش يۈز يەتمىش يېشىغا بىرلىكتە تەنتەنە قىلايلى» دېدۇق.

مەزكۇر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈچۈن تارقاتقان تەكلىپنامىنىڭ باش بېتىگە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھايات ۋاقتىدا سىزىلغان سىزما رەسىمىنىڭ باش قىسمى چۈشۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئاستىغا «بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى غۇرۇر بىلەن خاتىرىلەيمىز» دېگەن خاتىرىلەش كۈنى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماۋزۇسى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ۋە ئېنگلىزچە يېزىق بىلەن دۇرۇس ئىملالىق قىلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ ئاستىغا تەكلىپ سۆز تېكىستى يېزىلدى. تەكلىپنامەنىڭ ئارقا يۈزىگە بولسا، ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگان مىلادىيە 1551 - يىلى، ئۆزىنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق مەشھۇر تارىخ كىتابىغا تاشقا مۆھۈر باسقاندەك قىلىپ يېزىۋەتكەن «نەۋائىينىڭ ئاتاسى ئۇيغۇر باخشىلاردىن ئەردى، ئاتىنى ‹غىياسۇددىن كىچىكىنە› دەر ئەردىلەر - يەنى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ دادىسى ئۇيغۇر زىيالىلىرىدىن بولۇپ، ئىسمى غىياسىددىن كىچىكىنە ئىدى» دېگەن ھۆججەت ئۆزىنىدىسى يۇقىرىقى ئۈچ خىل يېزىقتا بېرىلدى. ئۇنىڭ ئاستىغا بولسا، «بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر

نەۋائىي مىلادىيە 1441 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، قەدىمىي خۇراسان دۆلىتىنىڭ پايتەختى ھىرات شەھىرىدە، غىياسىددىن كىچىككىنە ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەيىن»دە: «‹تور› - - ‹تورغا چۈشمەك› تىكى تور؛ ‹تۇر› - - تەلەپپۇزى يۇقىرىقىدىن تارراق بولۇپ، قۇش ئولتۇرىدىغان ياغاچنى بىلدۈرىدۇ؛ ‹تۆر› - - تەلەپپۇزى يۇقىرىقىدىن تارراق بولۇپ، ئۆينىڭ تۆرىنى بىلدۈرىدۇ؛ ‹تۈر› - - تەلەپپۇزى ھەممىدىن تار بولۇپ، ‹تۈرمەك› پېئىلىنىڭ بۇيرۇق شەكلى ھېسابلىنىدۇ» قاتارلىق مول پاكىتلار ئارقىلىق، ئۆز تىلىنىڭ ئۇنداق «ئو، ئۇ» ئىككىلا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشى بولغان ئۆزبەك تىلى ئەمەس، بەلكى «ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ» بولۇپ، جەمئىي تۆرت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشى بار مۇبارەك ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتكەندۇر» دېگەن ئاخىرقى يەكۈن ۋە كەسكىن ھۆكۈم خاراكتېرلىك بىر ئابزاس بېرىلگەن بولدى.

ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بىزنىڭ بۇ تەكلىپنامىمىزدا، قىلماقچى بولغان ئىشىمىز، يەتمەكچى بولغان مۇددىئايىمىز بىر قاراشتىلا بىلىنگىدەك بولدىكى، ئەلىشىر نەۋائىي مىللىي كىملىكى جەھەتتە، ھېچقانداق بىر ئىنتاڭلىقتىن ئىز - ئەسەر يوق، ھەر قانداق بىر غۇدۇق - بۇدۇق قۇسۇرغا يول يوق بولغان مۇبارەك ئۇيغۇر ئىنسانىدۇر. ئۇنى تونۇش، ئۇنىڭدىن تانماسلىق بىزنىڭ پەرزىمىزدۇر. ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بولسا، بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز ۋە بىزنىڭ باش تارتىپ بولماس قەرزىمىزدۇر.

شۇنداق قىلىپ، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىمىز تەكلىپنامىدا دېيىلگەن بويىچە، 9 - فېۋرال كۈنى چۈشتىن كېيىن بېيجىڭ ۋاقتى دەل ئۈچتە باشلاندى. ئالدى بىلەن، ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور، دوكتور لېتىپ توختى ئەپەندى دۆلەت رەھبەرلىرىمىزدىن بولغان مۆھتەرەم ئىسمايىل تىلىۋالدى ئەپەندىم مەزكۇر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

ئۇچۇن ئەۋەتكەن تەبرىك خېتىنى يۇقىرى ئېنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇپ ئۆتتى. تەبرىك خېتىنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق: «مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 9 ـ فېۋرال ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى رىياسەتچىلىكىگە:

بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىدە، بارلىق يۈرەك قېنىنى ئۇيغۇر شېئىرىيەتى ئۇچۇن بېغىشلىغان. بىز ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلانماي تۇرالمايمىز. ئەلىشىر نەۋائىي شېئىرلىرى ئەينى چاغدىلا دۇنيادا شۆھرەت قازانغان بولۇپلا قالماستىن، بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە تېخىمۇ نۇرلىنىپ، شېئىرىيەت ئاسمىنىدا چولپاندەك پارلاپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەلقىمىز قەلبىگە ئورناپ كەتكەن. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيەتىنىڭ بايراقدارى. شۇڭا، يىغىن قاتناشچىلىرى ۋە بارلىق دوستلارنىڭ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئۆرنەك قىلىپ، نەۋائىيدەك ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، خەلقىمىزنى ياخشى مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىرىدا، بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا، مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىگە تىلەكداشمەن. يولداشلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتلىرىگە ئۇتۇقلۇق تىلەيمەن. ئىسمائىل تىلىۋالدى. 2011 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى.»

تەبرىك خەت ئوقۇپ بولۇنغاندا، يىغىن قاتناشچىلىرى ئۇزۇنغا سوزۇلغان گۈلدىراس ئالقىشلىرى بىلەن، سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز ئىسمائىل تىلىۋالدى ئەپەندىمنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ھەمنەپەس بولغانلىقىغا قارىتا چىن يۈرىكىدىن

ئۇرغۇغان ھاياجانلىق سۆيۈنۈشىنى ۋە سەممىي رەھمىتىنى بىلدۈرۈشتى. ئارقىدىن، يىغىن رىياسەتچىسى تەرىپىدىن تەييارلانغان، بۈيۈك ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ئۇ ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ مەملىكىتىمىزدە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىنى سۈرەتلىك پاكىتلار بىلەن جانلىق تەسۋىرلەيدىغان ئۇزۇن مىنۇتلۇق مەخسۇس فىلىم يىغىن ئەھلىنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلدى. ئاندىن، ئىلمىي ماقالە ئوقۇش باشلاندى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن بەش يېرىمغىچە ساق ئىككى يېرىم سائەت داۋاملاشقان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇۋاتقان دوكتور، ماگىستىر ئاسپىرانتلىرى ۋە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى، شۇنداقلا بېيجىڭدىكى باشقا ئىدارىلەردا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ ئۇن نەپەر تەتقىقاتچى ئۆزلىرىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش ئاساسىدا تەييارلىغان «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر مائارىپ ـ مەرىپەتچىلىكىگە قوشقان تۆھپىسى ھەققىدە»، «بابۇر نەزەرىدىكى ئەلىشىر نەۋائىي»، «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئانا تىلنى ئۇلۇغلىشى ھەققىدە»، «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان بۈيۈك تۆھپىسى»، «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ‹فەرھاد ۋە شىرىن› داستانى ۋە ئۇنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە»، «نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ ‹مەجالىسۇن نەفايىس› ناملىق ئەسىرى ھەققىدە»، «ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدىكى ئاسترونومىيىلىك بىلىملەر توغرىسىدا» قاتارلىق ماۋزۇلار بىلەن يېزىلغان ئۇن پارچە ئىلمىي ماقالە ۋە شېئىر ـ غەزەللىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. بېيجىڭدىكى دۆلەتلىك كۇتۇپخانا خادىمى، تەتقىقاتچى گۈلنىگار ئەسقەر خانىم «دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قىممىتى» ماۋزۇسىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ كېلىپ، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «غەرايىبۇس سىغەر»، «نەۋادىرۇش شەباب»، «بەدىئۇل ۋەسەت» ۋە «فەۋائىدۇل كىبەر» تۆرت چوڭ دىۋاندىن تەركىب تاپقان «خەزائىنۇل مەئانى» ناملىق شاھ ئەسىرىنىڭ

بۈيـۈك بوۋىمىـز مەھمـۇد كاشـغەرىينىڭ «دىۋانـۇ لۇغاتىـت تـۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانـى) ناملىـق شـاھ ئەسـىرى قاتارىـدا، «دۆلەتلىـك بىرىنچـى دەرىجىلىـك قوغدىلىدىغان ئەسـەر» بولـۇپ باھالانغانلىقىنـى ئېيتقىنىدا، يىغىن ئەھلـى غۇرۇر ئىلكىـدە قىزغىـن ئالقىـش ياڭراتتـى. پېقىـر ئابدۇرەئـوپ پـولات تەكلىماكانىينىڭ «قـوش تىلچىلىـق تەتقىقاتىنىـڭ سەركەردىسـى ئۇيغـۇر نەۋائىـي» ماۋزۇلـۇق ئىلمـي ماقالىسـىمۇ، پـات ـ پـات ياڭرىغـان گۈلدىراس ئالقىشـلار بىلـەن ئوقۇلـۇپ تـۈردى...

مانـا بـۇ – بـۇ يىـل بـاش باھاردىـلا بېيجىڭـدا ياڭرىغـان ئەلىشـىر نەۋائىـي تەنتەنىسـى.

بۈيـۈك تۆھپىـكار ئەجدادلارنـى ھەمىشـە ئەسـلەش خەلقىمىزنىـڭ ئـۇدۇم ئەنئەنىسـى!

**ئۆزىنىڭ بوۋىسىنى «بوۋام» دېيەلمەسلىك ئىمكان مەسلىسىمۇ ياكى...**

ئىنسـان ئـۆز كۆڭلىگـە پۈككـەن بىـر ئىشـنى ئاشـۇ ئارمـان قىلغىنىـدەك پېچىمـدە ئەمەلىيلەشتۈرەلىسـە، بـەكلا خـوش بولـۇپ قالىدىغـان گەپكـەن. مەزكـۇر 9 ـ فېۋرال «بۈيـۈك ئۇيغـۇر مۇتەپەككـۇر شـائىرى ئەلىشـىر نەۋائىـي تۇغۇلغانلىقىنىـڭ 570 يىللىقىنـى غۇرۇر بىلـەن خاتىرىلەيمىـز» ماۋزۇلۇق ئىلمي مۇھاكىمـە يىغىنىنـى چەندىكىـدەك ئۆتكـۈزۈپ، ئالـدى بىلـەن، ئۆزىمىـز كـۆپ خوشـال بولـدۇق، خوشـال بولدۇقـلا ئەمـەس، مەمنۇنلـۇق قايىنىمىغـا چۈمۈلـدۇق گويـا. «ئۆزىمىـزلا خوشـال بولـۇپ ئولتۇرمايلـى، خوشـاللىقىمىزنى، شـادلىقىمىزى قېرىنداشـلىرىمىز بىلەنمۇ ئورتاقلىشـايلى» دەپ ئويلىـدۇق ۋە ئۇ پائالىيىتىمىزنىڭ جەريانىنـى رەسـىملىك قىسـقا خـەۋەر، ئومۇمىيەتلىـك تونۇشـتۇرما ۋە ئەدەبىـي ئاخبـارات شـەكىللىرىدە يېزىـپ، ئانـا يۇرتىمىزدىكـى بىـر قانچـە تـور بېكەتلـىرى ۋە گېزىـت ـ ژۇرناللارغـا ئەۋەتتـۇق. نەتىجـىدە، بىـر قانچـە خەلـق باشـقۇرغان تـور

بىكەتلىرى ئېلان قىلىپ بەردى، سۈيۈندۇق. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى باشقۇرغان ئاساسلىق گېزىتلەردىن پەقەت بىردانىسىلا بىر قىسقا خەۋىرىمىزنى ئېلان قىلىپ بەردى، شۇنىڭغىمۇ شۈكرى قىلدۇق. ئەمما، خەۋەرنىڭ ماۋزۇسى ۋە تېكىستى ئىچىدىكى «ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي» دېگەن بىرىكمە تەركىبىدىن «ئۇيغۇر» دېگەن ئېنىقلىغۇچى سۆزنى چىقىرىۋېتىپ، ئەلىشىر نەۋائىينى مىللەت تەۋەلىك يوق ناچىنسى قىلىپ قويغانلىقىغا بەكلا خاپا بولدۇق، ئۆكۈندۇق.

ئاڭلىساق، 10 - ئايدا ئېچىلىدىغان خەلقئارالىق يىغىنىمۇ ئەلىشىر نەۋائىينى «ئۇيغۇر» دېمەيدىغانلارنى قاتناشتۇرۇپ، «ئۇيغۇر» دېگۈزمەي ئاچارمىش. نېمە دەيلى ئەمدى؟ ئەلىشىر نەۋائىينى بىز بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئۆزىمىزچە تالىشىپ ياكى ھەۋىسىمىز كېلىپ «ئۇيغۇر» دېۋالمىدۇق. بەلكى، مۇندىن 510 يىل بۇرۇن يېزىلغان مەشھۇر تارىخ كىتابى «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر كوراگان كاشغەرىي شۇنداق دېگەن، بەش ئەسىردىن بۇيان، پۈتكۈل جاھاندىكى ئىلىم ئەھلى «ھەق راس» دېگەن. ھالبۇكى، مېنىڭچە، بۈگۈنكى مەدەنىيەت دۇنياسىدا، ھەر قانداق بىر مىللەت ۋە بىر قەۋم خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ بوۋىسىنى «بوۋام» دېيەلمەسلىك ياكى دېمەسلىك ھېچقانداق بىر ئىمكان مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي ۋىجدان مەسىلىسى، خالاس!

بىزنىڭ ئەقىدىمىزچە، ھەقىقەت بەزىدە ئېگىلىپ، پۈكلىنىپ، بىزە – پىشكە خارلىنىپ قالسىمۇ، ھەرگىزمۇ سۇنۇپ كەتمەيدۇ ئاداققىي جەھەتتە. شۇڭا، قېيداپ ئولتۇرمىدۇق. بار ئىمكانلىرىمىزدىن تۈزۈتسىز پايدىلىنىپ، يەنە ئۆز پائالىيەتلىرىمىزنى قىلىپ تۇردۇق. مۇشۇ 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان «بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى قۇتلۇقلاش شېئىر - نەسر دېكلىماتسىيە قىلىش مۇسابىقىسى»

ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتتە، ئاساسى پەن سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىغا ئوقتىلىق سەھنە - مەيدان بېرىلدى. ئىككى يېرىم سائەت داۋاملاشقان بۇ خاتىرىلەش پائالىيىتىدە، ئەۋلادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۆرنەك ھاياتى ۋە ئۆلمەس ئەمگەكلىرىنى قايىللىق بىلەن مەدھىيەلەپ يازغان بىر - بىرىدىن رەڭدار ۋە بىر - بىرىدىن مەنىدار شېئىر ۋە نەسىرلىرىنى مەغرۇر ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇپ، ئاق بالداق ئېتىلغاندەك قويىۋەتتىلەر!

مەن بۇ يەرگە، شۇ قېتىملىق پائالىيەتتە، فاكۇلتېتىمىز 2009 - يىللىق سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئالمجان توختى ئۆزى ئاھاڭغا سېلىپ، دۇتار بىلەن ئوقۇغان بىر لەۋەن ناخشىنىڭ تېكىستىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ قويدۇم. ھوزۇرلانغايسىزلەر، دىلكەش قېرىنداشلىرىم.

**ئۇيغۇر نەۋائىي**

(ناخشاتېكىستى)

(ئەلىشىر نەۋائىي تەۋەللۇتىنىڭ 570 يىللىقىغا ئاتاپ)

مىلادىيە بىر مىڭ تۆرت يۈز قىرىق بىردە،
خۇراساننىڭ پايتەختى ھىرات شەھرىدە.
كۆز ئاچتى دۇنياغا ئەلىشىر نەۋائىي،
غىياسۇددىن ئىسىملىك ئۇيغۇر ئۆيىدە.

لاپ گەپ ئەمەس بۇ ئۆزىمىزچە دېۋالغان،
جاھان تونۇق ئېنىق ھۆججەت ئاساسى بار،

دەيدۇ «تارىخى رەشىدىي»[1] زەر نامىنى،
«مىرزا ھەيدەر كوراگان» دەپ ئىمزاسى بار.

نەقرات:
نەۋائىي، نەۋائىي، ئى، ئۇيغۇر نەۋائىي،
باشقىلارنىڭ بولماغاي ساڭا دەۋايى!

ئۇنىڭسىزمۇ «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين»[2](2) ،
شاھىدلىقتا بەجايىكى ئابىدە تاش.
شەرھلەنگەن تۆرت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش،
نەۋائىينىڭ كىملىكىگە بولۇپ قانداش.

ئەلىشىر ئىبنى غىياسۇددىن نەۋائىي،
ئىپتىخارلىق بوۋىسىدۇر ئۇيغۇرلارنىڭ ،
بۈيۈك مىراس ئەمگەكلىرى ئالەمشۇمۇل.
خەزىنىسى جەسۇر روھى ئەۋلادلارنىڭ.

نەقرات:
نەۋائىي، نەۋائىي، ئى، ئۇيغۇر نەۋائىي،
ساڭا دىلدىن مۇجەسسەم ئەلنىڭ دۇئايى!
2011 - يىل 9 - ئاپرىل، بېيجىڭ.

---

(1) مىلادىيە 1551 - يىلى، مىرزا ھەيدەر كوراگان تەرىپىدىن يېزىلغان مەشھۇر تارىخ كىتابى. ئۇنىڭدا: «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ دادىسى ئۇيغۇر زىيالىلىرىدىن بولۇپ، ئىسمىنى ‹غىياسۇددىن كىچىكىنە› دەر ئەردىلەر» دېيىلگەن.

(2) بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي تەرىپىدىن 1499 - يىل يېزىلغان مەشھۇر تىلشۇناسلىق ئەسىرى. ئۇنىڭدا، ئەلىشىر نەۋائىي تىلىنىڭ پەقەت «ئو، ئۇ» ئىككىلا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشى بار ئۆزبەك تىلى ئەمەس، بەلكى «ئو، ئۇ ئۆ، ئۈ» بولۇپ ساق تۆرت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشى بولغان ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكى ئېنىق قەيت قىلىنغاندۇر.

## يەتتىنچى باب

# مەملىكەت ئىچىدىكى ئۈنىۋېرسىتېتلىرىم

مېنىڭ بۇ ئەدەبىي خاتىرەم ئۈنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىسى بولۇش شاراپىتىگە نائىل بولغان ياكى ئۈنىۋېرسىتېتتا ئوقۇشقا قەتئىي بەل باغلىغان ياش ئەۋلاد قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن، رىغبەت ئۆرنىكى ياكى ئىبرەت مىسالى قىممىتىدىكى مۇئەييەن رول بىلەن ئەسقاتسا، دەپ ئارمان قىلىمەن.

خوش، مەن ھازىر بىر ئۈنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىسىمەن. قىسمەت ـ دە بۇ، بىر ئۆمرۈم ئۈنىۋېرسىتېتلەر قورۇسى ئىچىدە، دەسلەپ ئوقۇغۇچى بولۇش، ئاندىن ئوقۇتقۇچى بولۇش، يەنە ئوقۇغۇچى بولۇش، ئارقىدىن يەنە تەكرار ئوقۇتقۇچى بولۇش بىلەن ئۆتۈپتۇ ۋە ئۆتۈۋېتىپتۇ. ئوقۇتقۇچى بولغان ئۈنىۋېرسىتېت ئىككى بولسىمۇ، مەن ئوقۇغۇچى بولغان ئۈنىۋېرسىتېت بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۈنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ چەتئەل تىللىرى ئۈنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ ئۈنىۋېرسىتېتى، مىسىر ئەزھەر ئۈنىۋېرسىتېتى، قاھىرە ئۈنىۋېرسىتېتى، تۈركىيە ئەنقەرە ئۈنىۋېرسىتېتى ۋە غازىي ئۈنىۋېرسىتېتى بولۇپ يەتتىگە يېتىپتۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىقى ۋە ئوقۇتقۇچىلىقى ساھەسىدە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىرىم بىلەن ئۆز ئەمەلىيىتىمدىن ئۆتكۈزگەنلىرىم ئوخشاشلا نىسبەتەن كۆپ بولغاچ، ئالغان تەسىرات ۋە ساۋاقلىرىمۇ نىسبەتەن مول بولدى. ئەھمىيەتلىك يېرى، مەزكۇر تەسىرات ۋە ساۋاقلار مېنىڭ تۈرلۈك مۇھىت ۋە ھەر خىل شەرت ـ شارائىت دائىرىسىدە، ئۆزۈمنى تونۇشۇمنى

ۋە ئەمەلىي رېئاللىق ئاساسىدا، ئۆزۈمنى چۈشىنىشىمنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىلمىي ھاياتىمنى نىسبەتەن ھوسۇللۇق قىلدى، دەپ قارايمەن. يەنە بىرسى، مەن ئوقۇغۇچى بولۇپ ئۇنىۋېرسىتېت دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلگىنىمدە، يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرىپ قالغانىدىم. شۇنداق بولغاندا، يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن يەتتە ئۇنىۋېرسىتېتتە، ئەڭ ئېزى ئۈچ ئاي، ئەڭ جىقى بەش يىل ئاساسەن قېرى ئوقۇغۇچى بولۇپ ئوقۇپتىمەن. كىم بىلىر، ئادەم قېرىغانسېرى جېنى تاتلىقلىشىپ، بەلەنرەك ياشىغۇسى كەلگەندەك، قېرى ياشتا ئوقۇغانسېرى ئوقۇش - ئۆگىنىش لەززەتلىك بىلىنىپ، تىرىشىپ ياخشى ئوقۇپ كېتەمدۇ - قانداق، ئەيتاۋۇر، ھەممە ئۇنىۋېرسىتېتتە، «تىرىشچان ئوقۇغۇچى» نامىنى قالدۇرۇپ، ئىرپانخۇمار ۋۇجۇدۇمنى ئىلىم بىلەن تولدۇرۇپ ۋە تويۇندۇرۇپ كەلدىم. شۇڭا، بۇ يەردە، كۆز - كۆز قىلىش، داملىتىش مۇددىئاسىدا ئەمەس، بەلكى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە تەسىراتلارنى ئورتاقلىشىش ئارزۇسىدا، ئالدى بىلەن، مەملىكەت ئىچىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىم ھەققىدىكى بىر قانچە خاتىرەمنى مۇنداق بايان قىلىپ باققۇم كەلدى:

## ئۆگىنىشتە قىزىقىش، تاللاش ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى

بالىلىق چېغىمدا ئىجتىمائىي پەنگە بەكرەك قىزىقاتتىم ياكى تەبىئىي پەنگىمۇ؟ ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئەمما، كىتاب ئوقۇشقا قىزىقاتتىم. كىتابتىن ئوقۇپ بىلگەنلىرىمنى قېرىنداشلىرىمغا، ئاغىنىلىرىمگە سۆزلەپ بېرىشكە ئامراق ئىدىم. باشلانغۇچ مەكتەپتە، تىل قائىدە دەرسىدىنمۇ، ھېساب دەرسىدىنمۇ ئوخشاشلا ئەلا نومۇر ئالاتتىم. ئوتتۇرا مەكتەپتە، مەيلى ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، خېمىيە ۋە فىزىكا بولسۇن، ماڭا دەرسلەرنىڭ ئۆگەيى يوق ئىدى. دەرستىن سىرتقى ئىلمىي پائالىيەت گۇرۇپپىلىرىدىن ئەدەبىيات كۇرژۇكىغىمۇ، توك ۋە رادىئو ھۈنەرلىرىنى ئۆگىتىدىغان فىزىكا كۇرژۇكىغىمۇ قاتنىشاتتىم، تام گېزىتلىرىگە ئۈزۈلدۈرمەي شېئىر - نەسىرلەرنى يامان ئەمەس

ئەپلەشتۈرۈپ يېزىشلىرىمنى كۆرگەن ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىم «سەن ئالىي
مەكتەپتە ئەدەبىيات ئوقۇساڭ بولغۇدەك» دېسە، ئۆزۈمنىڭ جىمغۇر، نىسبەتەن
تەمكىن خۇسۇسىيەتلىك، تەجرىبە تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەش - ئورۇنلاشتىكى
ئەستايىدىللىقىمنى، ماتېماتىك ۋە خېمىيە - فىزىكىلىق فورمۇلالارنى ئاسانلا
يېشىۋېتەلەيدىغانلىقىمنى كۆرگەن ئوقۇتقۇچىلىرىم «سەن كەلگۈسىدە ماتېماتىكا
ئىلمىنى ياكى فىزىكىنى كەسىپ قىلساڭ بولىدىكەن» دەپ تەۋسىيە قىلاتتى.
دادام رەھمىتى بولسا: «سەن دوختۇر بول ئوغلۇم» دەيتتى. شۇ چاغدىكى
رىغبىتىمدە، دادامنىڭ گېپىگە كىرىپ، تىبابەت كەسپىدە ئوقۇپ، دوختۇر
بولغۇم بار ئىدى. 1966 - يىلى، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپ
ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتساق، ھېلىقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاتلىق
سىياسى قالايمىقانچىلىق گۈلدۈرلەپ باشلىنىپ كەتتى. شۇندىن كېيىنكى
ساق ئالتە يىل ناياپ ئۆمرىمىز مائارىپ - مەرىپەت ئاياغ ئاستى قىلىنغان
داۋالغۇش يىللىرىدا ئىسراپ بولۇپ كەتتى. 1972 - يىلى، مەركىزىي
مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە تەرجىمانلىق كەسپى»گە
قوبۇل قىلىندىم. تەرجىمانلىق كەسپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەندىم. 1975
- يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگىنىمدە، تەشكىلنىڭ تەقسىماتى بىلەن، ئەدەبىيات
دەرسى ئوقۇتقۇچىسى بولدۇم. ئىككى يىلغىچە «ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن
تاللانمىلار» دەرسىنى سۆزلىدىم. 1978 - يىلىغا كەلگەندە، تەشكىل ماڭا
چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە نەۋائىي ئەسەرلىرى تەتقىقاتى
بىلەن شۇغۇللىنىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ، بېيجىڭ چەتئەل تىللىرى
ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەرەب تىلى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى.

بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم شۇ: مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە قايسى كەسىپنىڭ
ئوقۇغۇچىسى بولۇشۇمۇ، قايسى دەرسنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇشۇمۇ مېنىڭ
قىزىقىشىم ، مېنىڭ شەخسىي رىغبىتىم ۋە مېنىڭ ئۆزلۈك تاللىشىم بىلەن
بولغان ئەمەس. ئەمما، ماڭا قايسى كەسىپنى ئۆگىنىش نېسىپ بولسا، رازىلىق

بىلەن قوبۇل قىلدىم، كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەندىم، بىرىلىپ، ئەستايىدىل ئۆگەنگەچ، ئەلا نەتىجە قازاندىم. شۇڭا، مەن ئادەتتە، «ئىنسان پەقەت ئۆزى ئەڭ قىزىققان پەن ـ كەسىپنى ئۆگەنگەندىلا، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ» دېگەن ھۆكۈمگە تازا قايىل ئەمەسمەن. مەن ئۆز كەچۈرمىشلىرىم ئاساسىدا، ئىنساندا «ئۆگىنىش ـ ئوقۇش مەدەنىي ئىنسان بولۇپ ياشاشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈر شەرتى» دەپ قارايدىغان ئاڭ ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى بولسىلا، ئۆزىگە نىسبەتەن بولغان ھەر قانداق پەن ۋە كەسىپنى چىن يۈرىكى بىلەن بېرىلىپ، تىرىشىپ ئۆگەنسە، ئوخشاشلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىكەن، دېگەن ئەمەلىي يەكۈنگە ئىگە بولدۇم...

توغرا، بىر پەننى، بىر كەسىپنى ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئىنساندا قىزىقىش، ھەۋەس ۋە رىغبەت بولۇش كېرەك. ئەمما، بۇ خىل قىزىقىش شۇ ئىنساننىڭ بۇ دۇنيا ياشامغا قىزىقىشى، نەتىجىلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە تەلپۈنۈشى ۋە ئېتىبارلىق مەدەنىي ئىنسان بولۇپ ياشاشقا نىيەتلىنىشىنى ئاساس قىلغان بولۇشى لازىم مېنىڭچە. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن، تۈرلۈك تۈمەن مۇھىت ـ ئىمكانلار ۋە خىلمۇ خىل سىناق ـ ئىمتىھانلار بىلەن تولغان، ئەمما گەردىشى ھامان سەن ـ بىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قانداق بىر شەخسنىڭ ئىرادىسى بويىچە چۆرگىلىمەيدىغان بۇ دۇنيادا، بار ئىمكاندىن، مەۋجۇد مۇھىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۆمۈر مۇساپىسىدە ياخشى نەتىجىلىك، ئەھمىيەتلىك ۋە مۇئەييەن قىممەت ـ ئېتىبارلىق بولغان مەدەنىي ھاياتقا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئەقىل يېشىغا يەتكىنىمدىن بۇيان، مېنىڭ دۇنيا قارىشىم شۇ: ئىنسان بۇ دۇنياغا مۇشۇنداق بىر ئىنسان سۈپىتى بىلەن تۆرەلگەنىكەن، ياشىشى كېرەك، ياشىغاندىمۇ ئىنسانغا مۇناسىپ رەۋىشتە ياخشى ياشىشى كېرەك. شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، ياشاش، ياشىغاندىمۇ بار ئىمكان بىلەن ياخشى ياشاش ھەر قانداق ئىنسان ئۈچۈن بىر مەجبۇرىيەتتۇر.

ھالبۇكى، ياشام مەجبۇرىيىتىنى جايىدا ئادا قىلىپ، ياخشى ياشاشنى ئويلىغان ئادەم ئالدى بىلەن جەزمەن ئۆگىنىشى كېرەككى، ئۆگىنىش تېگى – تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر قانداق بىر ئىنسان ئۆچۈن باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچ ۋە زۆرۈر مەسئۇلىيەتتۇر.

شۇنداق، ئۆگىنىش – ھەر قانداق ئادەم بۇ دۇنيادىكى ياشام يولىدا دۇچ كېلىدىغان تۇنجى ئۆتكەلكى، بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەلىسەڭ، تاللىنىپ ياشاپ قالىسەن؛ ئۆتەلمىسەڭ، شاللىنىپ سەپتىن قالىسەن: بوۋاقنىڭ ئانىنى ئېمىشنى بىلىشى ئۆگىنىشكە باغلىق؛ سەبىي بالىنىڭ ئۆمىلەشنى، مېڭىشنى بىلىشمۇ ئوخشاشلا ئۆگىنىشكە تالىق. ئەقىل يېشىدىكى ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ، كامالەت تېپىپ، يېتىك بىر مەدەنىي ئىنسان بولۇپ ياشيالىشى ئاداققىي جەھەتتە يەنىلا ئۆگىنىشكە قاراشلىق.

ئۆگىنىش ئەمەلىيەتتە، ئىنسانلىق ياشام بىلىكلىرىنى بىلىشنى، تۇرمۇش ھۈنەر – سەنئەتلىرىنى پەم قىلىشنى ۋە ھاياتلىق تېخنىكىسىنى ئىدراك قىلىشنى، شۇ ئارقىلىق، دۇنيا ھاياتىنى ھەقلىق رەۋىشتە مەنىدار قىلىشنى ئۆزگە مەزمۇن قىلىدۇكى، ئۆگىنىش – ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنى چۈشىنىشى، ئۆزىنىڭ نەرخ – باھاسىنى بىلىشى، ئاندىن دۇنيانى، دۇنيا ياشامىنى بىلىپ يېتىشىنىڭ مۇتلەق زۆرۈر قاتتىق دېتالى؛ ئۇنىڭغا، يەنى ئۆگىنىشكە مۇجەسسەمدۇر دۇنيادا ياشاشنىڭ، ھايات كۆچۈرۈشنىڭ پۈتكۈل چارىسى، تەدبىرى ۋە ھەممە ئامالى.

مېنىڭ دۇنيا قارىشىم ۋە ياشام چۈشەنچەم مۇشۇنداق بولغاچ، مەن تەۋە بولغان تەشكىل مېنى قايسى پەن، قايسى كەسىپنى ئۆگىنىشكە بۇيرىسا، بويۇن تولغاپ باقمىدىم. «ئۆگەن!» دېگەننى، مەيلى ئۇ ماتېرىيالىزمغا ئائىت بولسۇن ۋە مەيلى ئۇ ئىدېيالىزمغا خاس بولسۇن، (ئۇلارنى مىڭلىغان ئالىملار ئىز بېسىپ ئۆگىنىپ، ئۆگىتىپ ۋە تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئىلىم ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ)، رەت قىلماي ئۆگەندىم. ماڭا نېسىپ

بولغان ھەر قانداق ئۆگىنىش ۋاقتىنى مەدەنىي ئىنسانلىق مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىشنىڭ غەنىمەت پۇرسىتى بىلىپ، ھەرگىز بوشقا ئۆتكۈزىۋەتمىدىم. شۇنچە كۆپ ئۇنىۋېرسىتېتلاردا، مەيلى تىل ئۆگىنەي، مەيلى ئەدەبىيات ئۆگىنەي، مەيلى تېكىستشۇناسلىق كەسپىنى ئۆگىنەي ۋە مەيلى ماركسىزملىق پەلسەپە ئۆگىنەي ياكى ئىسلام دىنى تەلىماتلىرى (ئۇسۇلۇددىن) ئۆگىنەي، ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ ئاساسىي بىلىم قىسمىنى ئۆگىنىشكە ئەڭ ئەھمىيەت بەردىم. مەن بىزنىڭ بوۋايلار ھەمىشە دەيدىغان: «ئىلغىدا گۆش بولسا، بىر كۈنى ئەسقاتىدۇ» دېگەن ئاتا سۆزىنىڭ بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئۆز ئەمەلىيىتىم مىساللىرى بىلەن ئىسپاتلاپ چىقتىم. كۆپ خىل پەنلەر بويىچە ئۆگىنىپ ھاسىل قىلغان ئاساسىي بىلىملەر جۇغلانمىسى مېنىڭ تىل تەتقىقاتى ئىشىمدىمۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەت خىزمىتىمدىمۇ، تېكىستشۇناسلىقتىمۇ ۋە تەرجىمىچىلىكتىمۇ ئوخشاش نەرق ۋە ئوخشاش قىممەت بىلەن ئەسقېتىپ، ئەمگەكلىرىمنى پۇچەك ئەمەس، بەلەن مېغىزلىق ۋە ۋەزنىلىك قىلدى.

## «تىلىمىز ئاسان كېلىدۇ» بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدىكەن

خاتىرەمنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا، ھىجرەتلىك تۇرمۇشىنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلىدىغان ئىمكانىنىڭ نىسبەتەن كەڭ ۋە پۇرسەتلىرىنىڭ نىسبەتەن مول بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدىم. ئەمما، بۇ پەقەت نىسبەتلەشتۈرۈپ قاراش ئاساسىداچىقىرىلغان يەكۈن، خالاس. ئەمەلىيەتتە، ھەر قانداق بىر ئىنسان ئۆچۈن، بولۇپمۇ بىزدەك قېرىنداشلىق مۇھىتىدا ياشاۋاتقان ئادەملەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، تاللاش ئىمكانى ھەرگىزمۇ چەكسىز بولمايدۇ، ئەكسىچە ھامان چەكلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئۆگىنىشتە، كەسىپ تاللاشتا، ھە دېسىلا تاللىق باغقا كىرىۋالماي، «ياپسام تۇتارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ» دەپ ئىككىلىنىش كوچىسىدا بىھۇدە لەلەگىشىپ يۈرمەي، نېسىپ بولغان ھەر قانداق بىر كەسپىي ئۆگىنىش پۇرسىتىنى ئوخشاشلا چىڭ تۇتقان ئەۋزەلدۇر، مېنىڭچە.

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمدەك، 1975 ـ يىلى، ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىسى بولدۇم، شۇندىن باشلاپ، 1978 ـ يىلغىچە، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن تاللانمىلار» دەرسىنى سۆزلىدىم. «قۇرۇق نەزەرىيەنىلا سۆزلەيدىكەن، ھېچبىر يازغان نەرسىسىنى كۆرمىدۇققۇ بۇ ئادەمنىڭ؟» دېگەن پىچىر ـ پىچىر گەپلەر قۇلىقىمغا كىرىپ نېرۋامنى غىدىغلىغاچ، ئەدەبىي ئىجادىيەت يېزىقچىلىقى بىلەنمۇ ئاكتىپ شۇغۇللاندىم ۋە بىر قانچە يىل ئىچىدىلا، ئون نەچچە پارچە ھېكايە، نەسىر ۋە زىيارەت خاتىرىسى يېزىپ ئېلان قىلىپ، ئاخىرىدا، «كور خېرىدار» ماۋزۇلۇق بىر ھېكايىلار توپلىمى نەشىر قىلدۇرۇپمۇ ئۈلگۈردۈم.

شۇنداق پەيزىم بىلەن يېزىقچىلىق قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تەشكىل مېنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى دەرسىنى سۆزلەشكە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، بېيجىڭ چەتئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا ـ ئافرىقا تىللىرى فاكۇلتېتىغە كىرىپ، ئەرەب تىلى ئۆگىنىشكە بۇيرىدى. بېيجىڭ چەتئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئارىلىقى بەش يۈز مېتىرچە كېلىدىغان، ئارقا دەرۋازىلىرى بىر ـ بىرىگە قىيپاش قارىشىپ تۇرىدىغان خوشنا مەكتەپلەر ئىدى. 1978 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن تارتىپ، ئەرەبچە ئۆگىنىشنى «بىسىللاھ» بىلەن باشلىۋەتتىم.

مەن ئۇيغۇر بولغاندىكىن، ھەر قانداق بىر ئىشقا دۇچ كەلگەندە، ئۇيغۇرچە تەپەككۇر قىلىمەن ـ دە. باشتا، «بىزنىڭ تىلىمىز دېگەن ھەر قانداق مىللەتنىڭ سۆز ـ كەلىمىلىرىگە ئاسان كېلىدىغان قايماقتەك ئەۋرىشىم تىل. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىكىمىزدە ‹ئەلھەمدۇ›نى ئۆگەنگەن، ‹كەلىمە تەمجىد›نى يادا ئوقۇيالايمىز، تىلىمىزدا، ئەرەبچىدىن كىرگەن سۆزلۈكلەرمۇ كۆپ. بۇ ھالدا، ئەرەب تىلى دېگەننى بىرەر يىلدىلا تەتۈر سويىۋېتىدىغان بولۇپ كېتىمەن چوقۇم» دەپ ئويلاپتىمەن. بىراق، يېرىم يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنداق «تىلىمىز ئاسان كېلىدۇ» بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدىغانلىقىنى، تىل سوستاۋىمىزدا ئاز ـ تولا ئەرەبچىدىن كەلگەن كىرمە سۆزلەرنىڭ بولۇشى،

تەلەپپۇزدىكى قىسمەن ئوخشاشلىق دېگەنلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە، بىز ئۈچۈن چوڭ سۆزلىگىدەك ئەۋزەللىك، ئارتۇقچىلىق بولالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بىر يىل ئەمەس، ئىككى يىل ئۆگىنىپ - ئوقۇپمۇ، ئەرەب تىلى بىلمىدە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى بىمالال ئوقۇپ، راھەت تەپسىر ئېيتالايدىغان بولۇش سەۋىيىسىگە يېتەلمىدىم. بۇ ھالدا، مېنىڭمۇ جەھلىم قاتتى، قەتئىي نىيەتكە، يېڭىباشتىن غەيرەتكە كېلىپ، تىرىشىپ -تىرمىشىپ، تاكى 1982 - يىلى 7 - ئايغىچە ساق تۆرت يىل ئۆگەندىم ئۇ ئەرەبچىنى. ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن تەسىراتىم شۇ بولدىكى، ئەرەبچىنى ئۇنداق ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۆگىنىۋالغىلى، لۇغەت ۋاراقلاپلا بىلىۋالغىلى بولمايدىكەن. مەكتەپكە كىرىپ، ئۇستاز تۇتۇپ، ئاساسىي فونېتىكىسىدىن باشلاپ، پۈتكۈل گراماتىكىسىنى يېتەرلىك ۋاقىت سەرپىياتى بىلەن تەپسىلىي ئۆگەنگەندىلا، ئاندىن ۋەسىقىلىرىمىزدىكى ئەرەبچە تەركىبلەرنىڭ تەتقىقات ھۆددىسىدىن چىقىش سەۋىيىسىنى ياراتقىلى بولىدىكەن.

يەنە بىرسى، ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى سالاھىيىتىممۇ، بىر مۇسۇلمان زىيالىيسى بولۇش سالاپىتىممۇ ئوخشاشلا مېنى ئەرەبچىنى نىسبەتەن پىششىقراق ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلدى. ئەمىسچۇ؟ ئولتۇرساق - قوپساق ئېغىزىمىزدىن كېلىش مەنبەسى قۇرئان كەرىم بولغان سۆز - كەلىمىلەر، بىرىكمىلەر، ھەتتا جۈملىلەر چىقىپلا تۇرسا، بىزنىڭ كىشى ئىسىملىرىمىزمۇ ئاساسەن ئەرەبچە ئېتىمولوگىيىلىك ئايرىم سۆز ۋە قوشما سۆزلەردىن تەركىب تاپقان تۇرسا، بۇلارنى دادىغا يەتكۈزۈپ ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈش بىزنىڭ بۇرچىمىز ئەمەسمۇ - ئەجەبا؟!

ئاندىن، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئۇنىڭ تېكىستلىرى مېنى ئەرەبچىنى بار ئىمكان بىلەن ياخشى ئۆگىنىشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئەمىسچۇ؟ ئامانىنساخان نەفسىي قاتارلىق ئىلىمسۆيەر ئەجدادلىرىمىز رەتلەپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگەن، تۇردى ئاخۇن ئاكا قاتارلىق سەنئەتخۇمار بوۋىلىرىمىز

بىرگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئۈچ مىڭ بەش يۈز مىسراغا يېقىن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى تېخىچە ھەتتا ئۇقۇلغۇ (ترانسكرىپسىيە) جەھەتتىنمۇ بىرلىككە كەلمىگەن ھالەتتە تۇرسا، بىزنىڭ ئۇلارنى ئاشۇ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان كلاسسىك شەكلى بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي، مەدەنىي ۋە مىللىي قىممىتىنى، شۇنداقلا، لېكسىكولوگىيىلىك ۋە تېكىستولوگىيىلىك ئالاھىدىلىك - ئۆزگىچىلىكلىرىنى دادىغا يەتكۈزۈپ شەرھلەش بىزنىڭ باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتىمىز ئەمەسمۇ - ئەجەبا؟!

تۆرت يىللىق جاپالىق ئەرەب تىلى ئۆگىنىشى ئارقىلىق ئىگە بولغان بىلىك ئاخىرقى ھېسابتا مېنى كۆپ راھەتلەندۈردى. نىسبەتەن يېتەرلىك دەرىجىدىكى ئەرەب تىلى بىلىمى مېنى «چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن - ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق ژىرىك خاس ئەسەرلەرنى تۈزۈپ ۋە يېزىپ چىقىشقا كېتىدىغان سەۋىيە كاپالىتى بىلەن تەمىنلىگەندىن باشقا، كۆندىلىك فولكلورىستىك سالام - سەھەت سۆزلىرىمىزنى توغرا - دۇرۇس ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈشتىن تارتىپ، مۇندىن بەش - ئالتە يۈز يىللار بۇرۇن يېزىلغان ئەدەبىي، ئىلمىي ۋە دىنىي ۋەسىقىلىرىمىزنى راۋان ئوقۇپ تەپسىر ئېيتىشقىچە بولغان تولىمۇ زۆرۈر ۋە ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىقتىدار ساھىبى قىلدى. بۇ ھالدا، مەن: «بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مۇبارەك ئىسمىنى بىردەم ‹ناۋايى›، يەنە بىردەم ‹نەۋايى› قىلىپ يېزىش توغرا ئەمەس ئىكەن. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەسلىي ئەرەبچىدە ‹نەۋائىييۇن› ئوقۇلۇپ، ‹ناۋا قىلغۇچى، كۈيلىگۈچى› ئۇقۇمىنى بېرىدىغان سۈپەت سۆز ئىكەن. شۇڭا، ئىسىملاردىن سۈپەت ياساش قوشۇمچىسى ‹ي›نىمۇ چۈشۈرۈپ قويمىغان ھالدا، ‹نەۋائىي› قىلىپ دۇرۇس يازايلى» دېسەم، ئىلىم ئەھلى قايىل بولۇپ، ئىلىك ئالىدىغان بولدى.

ئەرەب تىلىنى بىجانىدىل ئۆگىنىپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئوقۇتۇشىنىڭ ھۆددىسىدىن چەندىكىدەك ياخشى چىقىۋاتقانلىقىمدىن سۆيۈنگەن تەشكىل مېنىڭ: «مەزكۇر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئوقۇتۇشىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، مەكتەپ بويىچە ئالاھىدە ۋە سەرخىل دەرسلەردىن قىلىش ئۈچۈن، پارس تىلى ئۆگىنىشىم لازىم بولىدىكەن، پۇرسەت يارىتىپ بېرىلسە» دېگەن ئىلتىماسىمنى ھايال قىلماي تەستىقلىدى. نەتىجىدە، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى پارس تىلى كافېدراسى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئاچقان مەخسۇس كۇرسقا كىرىپ، 1988 - يىلى 9 - ئايدىن 1989 - يىل 7 - ئايغىچە، بىر يىل پارس تىلى ئۆگەندىم.«سودا نەشرىياتى» تەرىپىدىن 1981 - يىلى نەشر قىلىنغان 2620 بەتلىك «پارسچە - خەنزۇچە لۇغەت»نىڭ تۈزگۈچىلىرىدىن بىرى بولغان ئاتاقلىق پارس تىلى مۇتەخەسسىسى زېڭ يەنشېڭ ئەپەندى بىزنىڭ باش مۇئەللىمىمىز ئىدى. تەسىراتىمچە، يېتەرلىك ئەرەب تىلى بىلىمى ئاساسى بولغان ھالدا پارس تىلى ئۆگەنسە، كۆپ ئاسان بولىدىكەن. بىر يىللىق ئوقۇش - ئۆگىنىش ئارقىلىق، پارسچە كەسپىي كىتابلارنى كۆرۈپ چۈشىنەلەيدىغان بولدۇم. پارس تىلى ئۆگەنگەندىن كېيىن، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئاسمىنىدا ئۇچۇشقا زۆرۈر بولغان ئىككى قانات تەل بولۇپ، مېنى راھەت پەرۋاز قىلىش ئىمكانىغا مۇيەسسەر قىلدى. نەتىجىدە، يۇزلىگەن كلاسسىك ۋەسىقىلەرنى ئوقۇپ مۇتالىئە قىلىش ئاساسىدا، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان» ۋە «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى» قاتارلىق نۇپۇزلۇق كەسپىي خاس ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلىدىم.

ئەڭ مۇھىمى، ئۇستاز تۇتۇپ، ئىلىپبەسىدىن باشلاپ ئەستايىدىل ئۆگەنگەن ئەرەب ۋە پارس تىلى بىلىمى مېنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىۋاتقان ۋە ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا، فونېتىك ئۆزگىرىش

ھاسىل قىلىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن كىرمە سۆزلەرنىمۇ پەرق ئېتەلەيدىغان ۋە ئۇلاردىكى فونېتىك ۋە مورفولوگىك ئۆزگىرىش جەريانىنى ئىلمىي رەۋىشتە، قايىل قىلارلىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان قىلدى. ئالايلۇق، تا ھازىرغىچە ئېسىمدىن كەتمەيدۇ، بىر قېتىملىق «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتى» دەرسىنىڭ مۇزاكىرە ۋاقتىدا، ئوقۇغۇچىلىرىمدىن ۋەزنىلىكرەك مۇنداق ئىككى سوئال چۈشتى: 1 ـ بىر قىز ئوقۇغۇچىم مۇنداق سورىدى: مۇئەللىم، بىزنىڭ مەھەللىدە بىر موللام بار. ئۇ: «قىزلىرىمىزغا ‹گۈلنار› دەپ ئات قويمايلى. چۈنكى، ‹نار› دېگەن ‹دوزاق› دېگەن بولىدۇ. ‹گۈلنار› دېمەك ‹دوزاقنىڭ گۈلى› دېمەكتۇر، مۇسۇلمان قىزلىرىمىزغا ‹گۈلنار› دەپ ئىسىم قويۇش ھارامدۇر»دەپتۇ. سىزنىڭچە، ئۇ موللامنىڭ گېپى توغرىمۇ؟

مەن مۇنداق جاۋاب بەردىم: مېنىڭچە، ئۇ موللامنىڭ گېپى خاتا. چۈنكى، «گۈلنار» بىرىكمە سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن تارتىپ ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئېنىقلانغۇچى «گۈل» بىلەن ئېنىقلىغۇچى «نار (nar)»دىن تەركىب تاپقان پارسچە ئىزافەتتۇر. «نار (nar)» سۆزى پارسچىدا: «ئانار كەلىمىسىنىڭ قىسقارتىلمىسى» دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئەينى زامانلاردا «گۈلى نار» تەلەپپۇز قىلىنغان بۇ بىرىكمە سۆز كېيىنچە، سۆزلەرنىڭ زىچلىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، خۇددى «ساھىبى جەمال» (جامال ئىگىسى) بىرىكمىسى كېيىنچە، «ساھىبجامال» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولۇپ قالغاندەك، «گۈلنار» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپ، ئۆز زامانىسىدىكىگە ئوخشاشلا «ئانار گۈلى» ئۇقۇمىدا قوللىنىلغان. ئەڭ مۇھىمى، ئەرەبچىدىكى «دوزاق» ئۇقۇمىدىكى «نار» سۆزى تەركىبىدىكى «ئا» تاۋۇشى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، «نار (na:r)» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. «گۈلنار»دىكى «نار» بولسا، ئۇيغۇرچىدا، قىسقا سوزۇق تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنىپ، «ئانار» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇكى، «گۈلنار» دېمەك «ئانارگۈل، ئانارنىڭ گۈلى» دېمەكتۇر.

2 ـ بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى مۇنداق سورايدۇ: مۇئەللىم، بۇ يەردە ئۇزۇن

سوزۇق تاۋۇشنىڭ گېپىنى قىلساڭىز، باش بوغۇمدىكى «ئا»نى ئۇزۇن سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىدىغان «قا:تاڭشىماق» دېگەن بىر سۆز ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ.بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى چۈشەندۈرۈپ قويساڭىز قانداق؟

مەن مۇنداق جاۋاب بەردىم: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، «qa:tangshimaq(قاتاڭشىماق)» دەپ، باش بوغۇمدىكى «ئا» تاۋۇشىنى ئۇزۇن سوزۇق «ئا:» تاۋۇشى تەلەپپۇز قىلىدىغان كەلىمە ئەسلىدە، پارس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن «كاردان» سۆزىدىن تەلەپپۇز ئۆزگىرىشى قىلىپ شەكىللەندۇر. پارس تىلىدا، «ئىش بىلىدىغان، تەجرىبىلىك» ئۇقۇمىدا ئىشلىتىلىدىغان «كاردان» كەلىمىسى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، دەسلەپكى چاغلاردا ئوخشاشلا «ئىش بىلىدىغان ئىنسان، كەسىپ ماھىرى، تەجرىبىلىك ئادەم» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ ئۆزلىشىپ كەتكەن، ھەتتا، ئۇيغۇرلاردا، «ئىشنى كارداندىن سورا، ئاشنى بارداندىن» دېگەن ماقالمۇ پەيدا بولغان. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، «كاردان»دىن ياسالغان «كاردانشاماق» پېئىلى «قېرىپ قالماق، قېرىپ كەتمەك» ئۇقۇمىدىمۇ ئىشلىتىلگەنلىكى كۆرۈلىدۇكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، كۆپىنچە باغۋەنچىلىك ئاتالغۇسى قىلىپ قوللىنىلىدىغان مەزكۇر «قاتاڭشىماق» كەلىمىسى چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىكى «كاردانشاماق»تىن كەلگەندۇر، يەنە دېسەك، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئىشنى كارداندىن سورا، ئاشنى بارداندىن» دېگەن ئاتا سۆزى ھازىرقى تىلىمىزدا، «ئىشنى كا:داڭدىن سورا، ئاشنى با:داڭدىن» دەپ، باش بوغۇمى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق شەكىلدە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەھمىيەتلىك يېرى، بۇ يەردىكى «كاداڭ(ka:dang)»، «قاتاڭ(qa:tang)» ۋە «باداڭ(ba:dang)» سۆزلىرىنىڭ باش ـ ئاياغ ئىككى بوغۇمىدىكى فونېتىك ئۆزگىرىشلەر، يەنى بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن «ن» تاۋۇشىنىڭ ئۇزاق ئىستېمال جەريانىدا، «ڭ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقى، بوغۇم ئاخىرىدىن «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بولسا، ئەسلىدىكى قىسقا سوزۇق

تاۋۇشلۇق بوغۇمنى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇمغا ئايلاندۇرۇۋېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزگىچىلا خاس بولغان بىر تىل ئادىتى ۋە تىپىك ئالاھىدىلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ يەردە، بەك كەسپىي گەپلەرنى قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆزۈمگە ھاي بېرىپ، مۇشۇنچىلىك مىسال بىلەن كۇپايىلەندىم. قىسقىسى، ئەرەب ۋە پارس تىلى ئاساسىي بىلىملىرى مېنى شۇغۇللانغان ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمەتلىرىم بويىچە ئىقتىدار دەسمىرى جەھەتتىن بىھاجەت قىلىپ، ئەمگەك نەتىجىلىرىمنى مىسلىسىز دەرىجىدە جانلاندۇرغىنى، مېنى ئۇيغۇر ۋەسىقىشۇناسلىقى ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى تەتقىقاتى ساھەسىدە، يېڭىدىن يېڭى سەمەرەلەر بىلەن تارتۇقلاپ، سۆيۈندۈرگىنى ۋە ھاياجانلاندۇرغىنى راستتۇر.

## بىر تەۋسىيە ۋە بىر تەجرىبە

مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن بەش يىل ئوقۇيدۇ. مەن ئوقۇتقۇچى بولغاندىن بۇيان، مېنىڭ دەرسىمنى ئاڭلىغان ئالتە قارار ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى. مەن ئىلىم يېتەكچىسى بولغان چاغلاردا، ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن خاس بەت ئېچىپ، بەش يىللىق ئوقۇش -ئۆگىنىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي خاتىرىلەپ، ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ھەر قايسى پەنلەرگە بولغان قىزىقىش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ باققانمەن. قاراتمىلىقى بولغان ھالدىكى ئىز بېسىپ كۆزىتىش ۋە تەپسىلىي خاتىرىلىشىم ئاساسىدىكى پاكىتلاردىن خۇلاسەم شۇكى، ئېنگلىز تىلى بىلەن تۈرك تىلىغا ئىزچىل قىزىقىدىغانلار توقسان پىرسەنتتىن ئاشىدۇ؛ خەنزۇ تىلى دەرسى بىلەن تەرجىمە دەرسىنى قىزىقىپ ئۆگىنىدىغانلار ئەللىك پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئىزچىل قىزىقىدىغانلار ۋە ئوقۇتقۇچىغا ماسلاشقان ھالدا،

نورمال ئۆگىنىدىغانلار يىگىرمە پىرسەنتتىن ئوتتۇز پىرسەنتكە ئاران يېتىدۇ؛ «ماركسىزملىق پەلسەپە» قاتارلىق ئومۇمىي زورۇر پەن دەرسلىرىگە بېرىلىپ قىزىقىدىغانلار بەش پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدۇ. «ئوقۇش يوتتۇرۇش ئىلمىي ماقالەمنى تىل ھەققىدە يازسام بولۇرمۇ ياكى ئەدەبىيات توغرىسىدا يازسام بولۇرمۇ؟ ھېچ بىلەلمەيۋاتىمەن - يا؟» دەپ، ماقالە ماۋزۇسىنى تاپشۇرۇشقا بىر نەچچە كۈن قالغىچىلىكمۇ بىر يەرگە كېلەلمەي، لاغايلاپ يۈرۈپ كېتىدىغانلار ئەللىك - ئاتمىش پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ، ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپىدە ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرىۋېتىپمۇ، تولۇق ئىملالىق خەت يازالمايدىغانلار بولسا، يۈزدە توقسان پىرسەنتتىن تۆۋەن چۈشمەيدۇ.

مۇشۇ ئەھۋالدا، ئۈچ ئۇنۋېرسىتېتتا سەككىز يىل ئوقۇغان بىر مويسىپىت ستۇدېنت بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن، ماڭا سىرداش بولۇشنى خاھلايدىغان ياش دوستلىرىمغا، ماڭا ئىشىنىدىغان، ماڭا چىن يۈرەكتىن ئوقۇغۇچىلىرىمغا مۇنداق مەسلىھەتلىك تەۋسىيەدە بولغۇم كېلىدۇ:

ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپى ئون مىليونلۇق ئۇيغۇر مىللىتىنى مىللىي كىملىكىنى ساقلىغان ھالدا تەرەققىي قىلىش ئىمكانىغا ئىگە قىلىدىغان مەدەنىيەت بىلىملىرى كەسپلىرىنىڭ ئىچىدە، ھەقلىق يۇسۇندىكى ئەڭ مۆتىۋەر كەسپتۇركى، جەزمەن يۈرىكىڭلار بىلەن بېرىلىپ ياخشى ئۆگىنىڭلار. كامىل ئىمان بىلەن شۇنداق دېگۈم كېلىدۇكى، ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ ئۆمرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆمرى بىلەن باراۋەردۇر؛ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆمرى بولسا، يەر شارىنىڭ ئۆمرى بىلەن بالانىستۇر، مۇقەددەس ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات كەسپى ئەمەلى ياشامدا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي كىملىك باش بەلگىسى بولغان تىل - يېزىق مەدەنىيىتىنى گۈللىنىش ئۇل - ئاساسى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ؛ تىل - يېزىق مەدەنىيىتى بەرق ئۇرۇپ راۋاجلانغاندىلا، ئاندىن ئومۇمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. مەن ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپىنى مانا شۇنداق ئانا

مۇھەببەت بىلەن ئۆگەنگەنمەن. مېنىڭ ئەقىدەمچە، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپىنى مۇشۇنداق ئەلا تونۇش ۋە مۇشۇنداق يۈكسەك مۇھەببەت بىلەن ئۆگەنگەندىلا، ئاندىن چەندىكىدەك ئەھمىيەتلىك، قىممەتلىك ۋە زور نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ.

ئاندىن، مۇئەييەن بىر كەسىپكە دائىر، بەلگىلىك بىر پەنگە ئالاقىدار بولغان تۈرلۈك ئاساسىي بىلىملەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىش بىلەن بىر چاغدا، ئۆگەنگەننى ئۆز ۋاقتىدىلا ئىشلىتىپ بېقىش، يەنى ئۆگىنىشنى ئىشلىتىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش بەك مۇھىم ئىكەن، بۇ ـ مېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت ھاياتىمدا ئۆز ئەمەلىيىتىم ئارقىلىق ھاسىل قىلغان بىر تەجرىبەم دېيمەن ئۆزۈمچە.

ئالايلۇق، سىياسەت دەرسى. سىياسەت دەرسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاممۇۋى زۆرۈرىيەت دەرسى سانىلىدۇكى، ئۇنى ئىجتىمائىي پەن ئوقۇغۇچىلىرىمۇ، تەبىي پەن ئوقۇغۇچىلىرىمۇ جەزمەن ئۆگىنىشى كېرەك. بىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىدىكى بىر دۆلەتتە ياشاۋاتقان ئىكەنمىز، ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي ياشام پرىنسىپ ۋە ئۆلچەملىرىنى پىششىق بىلىشىمىز زۆرۈر. ئەگەر بىز «بىزنىڭ كەسپىمىز تىل ـ ئەدەبىيات، سىياسەت ئەمەس» دەپ، سىياسەت دەرسىنى ياخشى ئۆگەنمىسەك، بىزنى باشقۇرىۋاتقان، بىزنى ئىدارە قىلىۋاتقان دۆلەت سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئېغىمىزغا ئۆزلەشتۈرمىسەك، مەكتەپتە، مەزكۇر دەرسنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي نىيوت قالىمىز، جەمئىيەتكە چىققاندا بولسا، ئىش تاپالماي ئىششىز قېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇمسىز قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولۇپ گاڭگىراپ قالىمىز ـ دە، ئاخىرقىي ھېسابتا ئۆزىمىز ئورۇنسىز زىيان تارتىپ قالىمىز.

يەنە ئالايلۇق، پەلسەپە دەرسى. پەلسەپە پېنى ئوچۇق گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئىنسانغا بۇ دۇنيادا قانداق ياشاشنى ئۆگىتىدىغان پەنكى، پەلسەپە ئاساسىي بىلىملىرىنى بىلمىگەن ئادەم ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تولۇق بىلەلمەيدۇ،

بۇ دۇنيادا بىر مەدەنىي ئىنسان بولۇپ ياشاشنىڭ ئەھمىيىتىنى، زۆرۈرىيىتىنى ۋە تۈپكى يوللىرىنى ئاڭقىرىپ كېتەلمەيدۇ.

يەنە ئالايلۇق، تارىخ دەرسى. تارىخ پېنى بىر ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ئەجدادىنى تونۇتىدۇ، ئۆز قەۋم ـ جامائىتىنىڭ ئۆتمۈشىنى پاكىتلار بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. شۇ ئارقىلىق، ئۆتمۈشتىن ساۋاق ئېلىپ، كەلگۈسىگە دۇرۇس بېقىشنىڭ ئىلمىي يوللىرىنى بىلدۈرىدۇكى، تارىخ بىلمىگەن ئادەم ئۆزىنى، ئۆز خەلقىنى ياخشى چۈشەنمەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئاداققىي قىممىتىنى دەڭسىيەلمەيدۇ، شۇنداقلا، بۇ ئالەمدە مۇئەييەن باھا ـ قىممەتكە ئىگە ئېتىبارلىق بىر ئىنسان بولۇپ ياشاشنىڭ نەق يولىنى تاپالمايدۇ.

دېمەكچىكى، تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىنىڭ بىلىملىرىنى ئىگىلەشتە، يۇقىرىقىدەك سىياسەت، قانۇن، پەلسەپە ۋە تارىخ، ھەتتا ماتېماتىكا قاتارلىق پەن ساھەلىرىنىڭ زۆرۈر ئاساسىي بىلىملىرىنىڭ تولۇقلىمىسى، قوللىشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى بولغاندىلا، ئاندىن چەندىكىدەك ئۈنۈم قازانغىلى بولىدۇ. «سىياسەت بىلەن خوشۇم يوق، ‹پەلسەپە› دېگەن بىلەن پەقەت ئېقىم كېلىشمەيدۇ» دەپ، مەدەنىي ئىنسان ياشامىغا تالىق ئومۇمىي پەنلەر بويىچە، ساۋاتسىز قالساق، بىلىمسىز ئاز بولۇپ قالسا، نەتىجىدە، دەۋر قەدىمى بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش ئىقتىدارى يوق ئىنسان بولۇپ قالىمىز، قالاقلىق ۋە قاششاقلىق بويۇنتۇرۇقىدىن ئەبەدىي قۇتۇلالماي ئۆتۈپ كېتىمىز شۇ. شەكسىزكى، بۇ ھالغا قېلىشنى ھېچبىر ۋىجدانلىق ئىنسان ھەرگىزمۇ خاھلىمايدۇ، ئەلۋەتتە!

2011 - يىل 9 - ئىيۇن.

## سەككىزىنچى باب

# مەملىكەت سىرتىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىم

بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئائىلىسىدە، دادامنىڭ دەرس كونسپېكتى تۈزۈشلىرىگە، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈشلىرىگە ھەمراھ بولۇپ، ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم. جۇڭگودا، ئوقۇتقۇچىلار ھېلىھەم ئىقتىسادىي جەھەتتە باي تەبىقىگە كىرمەيدۇ. مېنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىم ئۆتكەن ئۇ 50 - 60 - يىللاردا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى تېخىمۇ تۆۋەن بولۇپ، رەتكە تىزغاندا، كەمبەغەل دېھقان ۋە تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلاردىن كېيىنلا تۇرىدىغان نامراتلار قاتارىدا ئىدى تەسىراتىمچە. ئەمما، بىزنىڭ ئۆيدە ئەڭ كۆپ بولىدىغان گەپ «چوڭ بولغاندا، قانداق پۇل تېپىپ، قانداق باي بولۇش» ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۇنيادىكى ئوقۇتقۇچىلار ئائىلىسىدىكىگە ئوخشاشلا، «چوقۇم ياخشى ئوقۇپ، ياراملىق ئادەم بولۇش» ھەققىدە بولاتتى. ئاتا - ئانا دېگەن ئۆز نۆۋىتىدە، ئىنساننىڭ تۇنجى ئوقۇتقۇچىسى، ئىبتىدائىي پىر - ئۇستازى بولىدۇ. ئاتا - ئانىنىڭ يۈرەكتىن چىقىرىپ قىلغان تەربىيىسى پەرزەنتلەرنىڭ قەلبىگە بەجايىكى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك مەھكەم ئورناپ قالىدۇ.

بالىلىقىمدا، خىيالچان، ئارزۇ - ئارمان قوغلىشىدىغان يۈكسەك غايىلىك، تىرىشچان ۋە غورۇرلۇق بالا ئىدىم. ئاتا - ئانامنىڭ تەربىيە گېپىنى قۇلىقىمدا چىڭ تۇتۇپ، ئىزچىل ۋە ئاڭلىق ھالدا، تىرىشىپ ئوقۇدۇم. ئەقىل يېشىمغا يېتىپ، پىكىر ۋە تۇرمۇش قارىشىم مۇقىم مەيدانلىق، كۆڭلۈم مەزمۇت ئىمانلىق

بولغاندىن كېيىن: «ئەلھەمدۇلىللاھ، مۇسۇلمان ئىكەنمەن، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ھەممە تەرىپىگە چېتىلىپلا تۇرىدىغان ئاشۇ ئەرەب تىلىنى بىرئۆگىنىپ كۆرسەم؛ ئىرقىم تۈرك ئىكەن، شۇ تۈركىيەنى كۆرۈپ، بىر كېزىپ باقسام. ئۇ قانداش - دىنداشلىرىمدىن ئۆگىنىپ، ئۇ قېرىنداشلىرىمدىن ئۈلگە ئېلىپ ، خەلقىمنىڭ ئالغا بېسىش - تەرەققىي قىلىش دەرياسىدا ئاقسام» دېگەن ئارزۇ تەمكىن دىلىمدا جۇش ئۇرۇپ، غايە بولۇپ تىكلەندى گويا.

تەجرىبەمچە، بىر ئىنساندا، مۇئەييەن ئارزۇ ۋە غايىنىڭ تىكلەنگەنلىكى پەقەت ۋە پەقەت ئىشنىڭ ئەڭ ئېپتىدائىي بىسمىللاھسى بولىدىكەن، خالاس. مەندەك ئىقتىسادىي قولى ئۇزۇن ئەمەس ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا، غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈش، پۇرسەت كەلگەندە، ئۇنى تونۇپ غەنىمەت بىلىش ۋە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەممىدىن مۇھىم ئىش ئىكەن. شۇڭا، يۇقىرىقى ئارزۇ كۆڭلۈمدە تىكلەنگەندىن كېيىنمۇ، رەتتىكى ئوقۇش، ئۆگىنىشلىرىمنى ھېچ بوشاشتۇرمىغان ھالدا داۋاملاشتۇرغاچ، پۇرسەت كۈتتۈم. 1978 - يىلى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تەشكىللى مېنى: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنى چەندىكىدەك ياخشى قىلىش ئۈچۈن، چەتئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ، ئەرەب تىلى ئۆگىنىپ كەل!» دەپ بۇيرۇغىنىدا: «ھە، پۇرسەت كەلدى!» دېدىم - دە، ئۇنى غەنىمەت بىلدىم ۋە تۆرت يىللىق ئەرەب تىلى ئۆگىنىش سەپىرىگە دادىل ئاتلاندىم. نەتىجىدە، بۈگۈنكى بۇ «مېنىڭ مەملىكەت سىرتىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىم» دېگەن ماۋزۇنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئەھمىيەتلىك ئىلمىي ھاياتنى بېشىمدىن كەچۈرگەن بولدۇم.

## قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل

1978 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە، بېيجىڭ چەتئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا - ئافرىقا تىللىرى فاكۇلتېتىدا، ئەرەبچە ئۆگىنىپ

ساۋاتلىق بولغىنىمدىن كېيىن، تەشكىل تاپشۇرغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى ۋەزىپىسىنى يىلمۇيىل ھەم تەشكىل ھەم كەسپداشلىرىم رازى بولغىدەك ياخشى ئورۇنلىدىم. ھوسۇللۇق ئەمگەكلىرىم شاراپىتىدىن، 1991 - يىلى، «بېيجىڭ شەھىرى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» بولۇپ باھالاندىم. 1995 - يىللىق مەملىكەتلىك «باۋگاڭ مائارىپ فوندى مۇكاپاتى»غا ئېرىشتىم. مۇشۇنداق نەتىجىلەر ئاساسىدا، 1996 - يىلى، مەن يازغان «مىسىر قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ، مىسىر زىيالىيلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىق بىلەن زامانىۋىلىقنى قانداق بىرلەشتۈرۈپ ياكى ماسلاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى تەكشۈرۈپ، ئۆگىنىپ كەلسەم» دېگەن دوكلات مەكتەب رەھبەرلىكى ۋە دۆلەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگىنى تەرىپىدىن ھايالسىز تەستىقلاندى. شۇنداق قىلىپ، 1996 - يىلى، 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، «زىيارەتچى ئالىم» (访问学者) سالاھىيەتى بىلەن، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىردىم.

شۇ قاراردا، جۇڭگودىن بارغانلار ئون ئىككى كىشى بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىن مەن بىلەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەن تارىخچى ئابابەكرى ئابلەت مۇئەللىم ئىككىمىز ئىدۇق. بىزنى قاھىرە شەھىرىنىڭ جىزا رايونىدىكى قۇيما تۆمۈر دەرۋازىسىدا، «جامىئەتۇ مىسىر1905» (مىسىر ئۇنىۋېرسىتېتى) دېگەن خېتى بار قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتى باش مەمۇرىيەت قورۇسىنى شىمال تەرەپتىن ئۆتۈدىغان بىر چوڭ كوچا ئايرىپ تۇرىدىغان «مەدىنەتۇت تۇللاب» (ئوغۇل ستودېنتلار شەھەرچىسى)گە ئورۇنلاشتۇردى. «ئون مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى يېتىپ - قوپىدۇ» دېيىلىدىغان بۇ شەھەرچىدىكى بىز ئورۇنلاشقان 3 - بىنانىڭ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان كورىدورىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ياتاقلاردا، بىر ياتاقتا بىردىن بىز جۇڭگولۇقلار، شىمال تەرىپىدە بولسا، بىر ياتاقتا ئىككىدىن، بەزىلىرى ھەتتا ئۈچتىن بولۇپ، رۇسىيە فېدراتىپ جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئۆزبەكىستان جۇمھۇرىيىتىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار

تۇراتتۇق. كۆپەيتىش بەلگىسىگە ئوخشاش بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ ياسالغان ئۈچ قەۋەتلىك، بۈركۈتكە ئوخشاش ئۇزۇن قاناتلىق بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىنىڭ دەل ئوتتۇرىسى مەسجىد ئىكەن.

ئىككىنچى كۈنى، سەھەر سائەت تۆرتتە بامدادقا ئەزان چىقىش بىلەن تەڭلا، «جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلار قالاق كېلىدىكەن» دەپ قالمىسۇن دەپ، تەرەتلىرىمىزنى راۋۇس ئېلىپ، مەسجىدكە چىقتۇق. ناماز قىلىپ بولغاندا، مەن ساناپ باقتىم، ئون توققۇز ئادەم ناماز قىلىپتىمىز. ئۈچ قەۋەتلىك بۇ بىنادا، غەيرى مۇسۇلمانلارنى چىقىرىۋەتكەندە، كەم دېگەندىمۇ ئىككى يۈز ئەللىكتىن ئۈچ يۈزگىچە مۇسۇلماننىڭ بارلىقىدا گەپ يوق ئىدى. ئەرتىسى ئون ئىككىمىز ناماز قىلدۇق. ئۈچىنچى كۈنى بولسا، توققۇز مۇسۇلمان جامائەت بولۇپ بامداد نامىزى قىلدۇق. ھەر سەھەر بىرىنچى بولۇپ مەسجىدكە كىرىپ ناماز قىلىدىغان بىز ئىككى جۇڭگولۇق مۇسۇلمان ياش ئىمام ئاخۇنۇم مۇھسىنىنىڭ دىققىتىنى تارتتۇق بولغاي ھەر ھالدا:

ـ نامازخان، ياخشى مۇسۇلمان ئىكەنسىزلەر، قەيەرلىك سىزلەر؟، ـ سورىدى ئۇ ئۆزىنىڭ مىسىر ئىسكەندىرىيە شەھىرلىك ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن.

ـ جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلارمىز، ـ تەمكىن جاۋاب بەردىم مەن.

ـ جۇڭگولۇق؟، ـ تولىمۇ ھەيران قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ قولى بىلەن ياقىسىنى بىر تۇتۇۋېتىپ، بىر نېمە دەپ پىچىرلىدى ئىمام ۋە دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىغان ھالدا، سۆزىدە داۋام ئەتتى: ـ مەن تۈزۈت قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەم. شۇڭا دەۋرەي، سىزنىڭغۇ (مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) قاپاقلىرىڭىز بىر ئاز خەنزۇلارغا ئوخشاپ قالىدىكەن، ماۋۇ قېرىندىشىمىز ـ ئابابەكرى مۇئەللىمنى جۆنەپ تۇرۇپ ئېيتتى ـ نەق مىسىرلىقنىڭ ئۆزىغۇ؟ قاراڭ، ئۇنىڭ قاش ـ قاپاق ۋە تەبىئىي بۈدرە چاچلىرىنى! سىز قانداقمۇ

جۇڭگولۇق بولىسىز - ھە؟

ئابابەكرى مۇئەللىم ئىككىمىز قاھقاھلاپ كۈلۈپ كەتتۇق. ئابابەكرى مۇئەللىم كۈلگىنىچە، بۇدرە چاچلىرىنى غۇرۇر بىلەن، ئۇڭ قولىدا بىر نەچچە قېتىم تاراپ قويىدى ۋە «قانداق؟» دېگەندەك قىلىپ، ماڭا مەنىلىك بىر قاراپ قويدى. مەن چۈشەنچە بېرىپ دېدىم:

- جۇڭگودا، خەنزۇلاردىن باشقا يەنە ئەللىك بەش مىللەت ياشايدۇ. مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ سانى ئوندىن، نوپۇسى يىگىرمە مىليوندىن ئاشىدۇ. بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئىسمىنى «قوميەالايغور»(قەۋمىيەتۇل ئۇيغۇر، يەنى ئۇيغۇر مىللىتى) دەيدۇ. بىزنىڭ يۇرتىمىزدا، چىراي - سىياق جەھەتتە سىز ئىمام ئاخۇنۇمغا ئوخشايدىغان ئادەملەر كۆرمىڭ تېپىلىدۇ!

تونۇش ۋە تونۇشۇش دېگەن مانا شۇنداق ئاستا - ئاستا بولىدىكەن. «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن ئاتا سۆزىنىڭ مەنىسىنى شۇ كۈنلەردە بىلىپ يەتكەندەك بولدۇق. تەكرار ئەمەلىيەتلەر ئارقىلىق تونۇپ يەتتۇقكى، بۇ يەردە ناماز قىلىش قىلماسلىق، نامازنى ۋاقتىدا قىلىش قىلماسلىق ئەمەلىي ياشامدا، مۇسۇلمانلىقنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ياكى ئەڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلانمايدىكەن. پەنجۋەقتە (پەجۋەخ، يەنى بەشناماز) مۇسۇلمانلارمۇ باركەن، ناماز قىلىشتا پاسسىپ مۇسۇلمانلارمۇ كۆپ ئىكەن. ھەر كۈنى ئەتىگەندە، ئىككى سائەت دەرسنى تۈگىتىپ كەلسەك، ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، جايناماز لىرىنى مۆرىلىرىگە سېلىپ، مۇستەھەبخانىغا ئىرەڭسىزلىك بىلەن تايتاڭلاپ كېتىۋاتقان مىسىرلىق ئەرەب ياشلار بىزنىڭ مۆلچەرىمىزدىكىدىن بەكلا كۆپ كۆرۈنەتتى. ياتاق شەھەرچىمىزدە بىر جۈمە مەسجىدى بار. رىۋايەتتە، «كورىدور، سەھنىلىرى بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ئۈچ مىڭ ئادەم ناماز قىلغىلى بولىدۇ» دېيىلىدۇ. بىراق، جۈمە نامىزى ۋە مەكتەبلەردە ئىمتىھان ئالىدىغان ۋاقىتلاردىن باشقا چاغلاردا، ئادەتتە، ئوتتۇزدىن سەپ بولۇپ، ئون قاتار تۇرۇپ ناماز ئوقۇلغان كۈنلەرنىڭ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغانلىقىغا ھەم

ھەيرانلىق، ھەم ئىلمىيلىك بىلەن شاھىد بولدۇق.

«مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي دۆلىتىگە كەپتۇق. بىز بولساقمۇ پاسسىپلىق قىلمايلى» دەپ، كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق. بىراق، قىرىق كۈنگە قالماي، بىزمۇ بامداد نامىزىغا مەسجىدكە چىقمايدىغان مىسىرلىق ستودېنتلەردىن پەرقسىز بولۇپ كەتتۇق. ئامال يوق. مۇھىت دېگەن يامان نەرسە ئىكەن: كۆردۇقكى، خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن، مىسىرلىقلار خۇددى ھاياجانلاندۇرۇش دورىسى ئىچىۋالغاندەك شوخلىشىپ كېتىدىكەن. ياتاقلاردا، ۋارقىراپ - جارقىرىشىۋاتقان، رەڭگارەڭ ناخشىلىق ئۈنئالغۇلارنى قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازدا قويۇۋەتكەن، سەھەر سائەت 2 - 3 لەر بولمىغىچە ياتاق بىناسى جىم بولمىغان. ئەتىگەن سائەت 6 - 7 لەر بولغاندا بولسا، ياتاقلاردىن بەس - بەس بىلەن خورەك ئاۋازى ياڭراۋاتقان. مانا بۇ مىسىر ياشلىرى، مانا بۇ مىسىرنىڭ كەلگۈسىگە خوجايىن بولىدىغان ياش زىيالىيلىرى... بۇ ھال گويا ئاشۇ نىل دەرياسى ساھىلىدا، بەش مىڭ يىللىق تارىخ شاھىدى بولۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان جاھانغا داڭقدار ئەلئەھرامنىڭ ئەتراپى نېمە ئۈچۈن تا بۈگۈنگىچە ئاشۇ ئۇزاق ئۆتمۈشىگە ئوخشاشلا قاغجىراق چۆل تۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەمەلىي مىسال بىلەن شەرھلەپ بەرگەندەك بولىدۇ ئىنسانغا!

مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئاشۇ 1996 - يىلى، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا، بىر يۈز ئون مىڭدىن ئارتۇق ستودېنت ئوقۇيدىكەن. ئىنستىتۇت، فاكۇلتېتلىرى پايتەختنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىغا، شۆبە مەكتەپلىرى بولسا، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىگە يېيىلغان بۇ قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ. فاكۇلتېتلەردىكى دەرس ئوقۇتۇشى 30 - 40 ئوقۇغۇچىلىق سىنىپ ئوقۇتۇشىنى ئەمەس، 200 - 300 كىشىلىك زال ئوقۇتۇشىنى ئاساس قىلىدىكەن. بىر كۈنى مېنىڭ لىۋىيەلىك مەسئۇد ئىسىملىك ساۋاقدىشىم بىر قېتىملىق كلاسسىك ئەدەبىيات دەرسى ئەسناسىدا، ئەدەب بىلەن قولىنى

كۆتـۈرۈپ:

- مۆھتــەرەم مۇئەللــم! مېنــڭ بــر ئــاز زۆرۈر ئىشــم چىقــپ قالــدى. كۆڭلىڭىزگــە كەلمىســە، دەرســىڭىزدىن بۇرۇنــراق چۈشســەم قانــداق؟

مۇئەللــم ئۇنــڭ گېپىنــڭ ئايىغــى چۈشــۈپ بولغىچــە، تولىمــۇ قوپاللــق ۋە مۇتەكەببىرلــك بىلــەن ئېيتتــى:

- چىقــە! مۇندــن كېيــن دەرســمگە مۇتلــەق كەلمىســەڭمۇ كۆڭلۈمگــە كەلمەيــدۇ!

پۈتۈن زال «پاراققىدە» كۈلدى.

بىزدىمــۇ ھازىــر چــوڭ ســنىپلىق ئوقۇتــۇش، ھەتتــا تېلېۋىــزور، كومپيوتېرلىق ئوقۇتۇشــلار يولغــا قويۇلــدى ياكــى قويۇلىۋاتــدۇ. ئەممــا، ئاشــۇ 90 - يىلــلاردا، مــەن مىســىردا ئىشــتىراك قىلغــان زال ئوقۇتۇشــى مېنــى ھــەم جىددىيەتســىز ھەم ئۈنۈمســىز بىــر ئوقۇتــۇش ئۇســلۇبى ھېــس قىلدۇرغانــدى: دەرس ئاڭلىغۇچىلاردا دەرس ۋاقتــى بىلــەن ھېسابلىشــش يــوق، كىرگــەن كىرىۋاتقــان، چىققــان چىقىۋاتقــان، مۇئەللــم ئــۆزى بىلــەن ئــۆزى قايناپ ســۆزلەۋاتقان، ئەممــا كۆڭــۈل قويــۇپ ئاڭلاۋاتقانلارنــڭ تايىنــى يــوق.

بىزنــڭ تەتقىقــات ماۋزۇلىرىمــز كوللىكتــپ دەرســلەرگە قاتنىشــتىن تــولا، ئايرىــم زىيــارەت ۋە خــاس ماۋزۇلــۇق ســۆھبەتلەرگە ئىشــتىراك قىلىــش ئارقىلىــق، ئــادا قىلىناتتــى. شــۇ ۋەجدىــن، بىــر يىــل جەريانــدا، مــەن مىســىرلىق مەشــھۇر ئەدىــب تــاھ ھۈســەين ئەســەرلىرى تەتقىقاتچىســى بولغــان پروفېســسور، دوكتــور ســەلىم مىئمــار قاتارلىقــلار بىلــەن كــۆپ قېتىــم ســەممىي، ئىلمىــي ســۆھبەتلەردە بولــدۇم. بــۇ ســۆھبەتلەر مېنىــڭ مىســىر ئىلىــم ھىجرىتىمنــى ھەقىقىــي مەنىدىكى ئەھمىيــەت بىلــەن تەمىــن ئەتكــەن ئىدىكى، ھېلىھــەم مەزكــۇر ئۇســتاز ۋە ھەمپىكىر كەسپداشــلارنى ئېھتــرام بىلــەن ئەســلەپ قالىمــەن.

## ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا...

مۇسۇلمانلىق بىلەن زامانىۋىلىقنى، پەن تەرەققىياتى بىلەن دىنىي ئىخلاسمەنلىكنى قانداق ماسلاشتۇرۇش مەسىلىسى مېنىڭ تەتقىقات ماۋزۇيۇم بولغاچ، تەشكىلنىڭ قوللىشى ۋە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى شەيخۇلئىسلامىنىڭ تەستىقلاپ رۇخسەت - ئىجازەت بېرىشى ئارقىسىدا، شۇ يىلى، يەنى 1996 - يىلى 10 - ئايدا، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيەت فاكۇلتېتىنىڭ «ئۇسۇلۇددىين» (ئىسلام دىنى ئاساسلىرى) (宗教原理) دەرسىنى ئاڭلايدىغا ئوقۇغۇچىسى بولدۇم. «ئەزھەرىي» بولۇش ھەممە مۇسۇلمانغا نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ. شۇڭا، بۇ ئالتۇن پۇرسەتنى ئەڭ ئەلا دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، پۈتۈن ئىمكانىم ۋە ئىجتىھادىم بىلەن تىرىشتىم.

مەن ئەزھەرىي بولغان شۇ يىلدا، مىسىرنىڭ دىنىي ئىشلار رەھبەرلىك قاتلىمى ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش تۈزۈمىدە، يېڭى بىر ئىسلاھاتنىڭ يولغا قويۇلغان بولۇشى مېنىڭ تەتقىقاتىمغا ھەر ھالدا، ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى، دەپ قارايمەن. چۈنكى، بۇرۇن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەيخۇلئىسلامىي، يەنە ئۇنىۋېرسىتېت باشلىقى دۆلەتنىڭ ھەر قانداق چوڭ باشقۇرۇش سىياسەتلىرىنى تۈزۈش رىياسىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ، دۆلەتنىڭ ھەر قانداق پەرمانى ئۇنىڭ دىنىي تاسقىشىدىن ئۆتۈشى شەرت بولاتتىكەن. ئەمدىلىكتە بولسا، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى مىسىر دۆلەتلىك دىيانەت مىستىرلىكى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بىر ئالىي مەكتەپ، شەيخۇلئىسلام بولسا، دىيانەت مىنىستىرىنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان بىر باشقۇرۇلغۇچى ئورنىغا چۈشۈرۈلگەن. بۇ - مىسىر زوڭتوڭى ھۆسنى مۇبارەكنىڭ شۇ يىلقى چوڭ بىر ئىسلاھات تەدبىرى ئىكەن. مۇشۇ سەۋەبتىن، خەلق ئىچىدە، خۇسۇسەن زىيالىلار ئارىسىدا، خېلىلا كەسكىن مۇھاكىمىلەر، مۇلاھىزىلەر ۋە مۇنازىرىلەر باركەن. مەن ھەممىسىنى يوۋاشلىق بىلەن ئاڭلىدىم. ئەنئەنىچىلەر ئەرەبلەر تارىخىدىكى بۈيۈك فاتىمىيە سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ، مىسىر، ھەتتا پۈتكۈل ئەرەب دۇنياسىدا، پەتىۋاسى ئەڭ

ئېتىبارلىق بولغان شەيخۇلئىسلامنى پەقەت دۆلەتنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلغۇچى، يەنى باشقۇرۇلغۇچى ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغان زوڭتوڭ مۇبارەكنى (ئالدى ـ كەينىگە قارىۋەتكەندىن كېيىن ئاستا ئاۋازدا) «زامانىمىزدىكى ئەڭ چوڭ جېدىت» دەپ ئەيىبلىسە ، مۇشۇ ئىسلاھاتنىڭ تەشەببۇسچىلىرىدىن بىرى، شۇ چاغدا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن مىسىر دىيانەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى قوشۇمچە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەيخۇلئىسلامى مۇھەممەد تانتاۋىينى بولسا، «باش غالچا، قولچوماقچى» دەپ ئاغرىنىش ۋە ئاچچىق بايان قىلىشىدىكەن. مەن مۇنداق مۇنازىرە سورۇنلىرىدا بولغىنىمدا: «ئەنئەنىۋى دىنىي ئىشلار تۈزۈمى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ زامانغا يارىشا، مۇۋاپىق ئىسلاھ قىلىنغىنى ياخشى. بولمىسا، زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى جەھەتتە، غەرب بىلەن بولغان پەرقىمىز تېخىمۇ زورىيىپ كېتىدۇ» دېگەندەك پىكىرلەرگە بەكرەك باش لىڭشىتقىنىم راست.

دېمەك، مۇسۇلمانچىلىقنى زامانىۋىلىققا قانداق ماسلاشتۇرۇش، دىنىنى يەنگە قانداق تەدبىقلاش مەسىلىسى مۇشۇ ئەرەب دۇنياسى بويىچە، دىن بىلەن يەنىنى نىسبەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراشتۇرۇپ مېڭىۋاتقان دۆلەتلەردىن سانىلىدىغان مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىنىڭمۇ تەرەققىيات كۈن تەرتىپىدىكى ھەم مۇھىم ھەم نازۇك بىر مەسىلە ئىكەن.

مەن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇش جەريانىدا، ئۆز ئىمكانلىرى بىلەن كېلىپ، مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتە ئوقۇۋاتقان بىر مۇنچە بالام دېمەتلىك ئۇيغۇر ئەزھەرىيلەر بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇلار ئىلاھىيەت فاكۇلتېتىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قانۇن فاكۇلتېتى، ئىقتىساد فاكۇلتېتى قاتارلىقلاردىمۇ ئوقۇيدىكەن. ئۇلارنىڭ ياتاق رايونى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقىي شىمالىغا ئىككى كىلومېتىرچە كېلىدىغان «بۇئۇس» نامىلىق ياتاقخانا شەھەرچىسىدە ئىكەن. مەن بەزى دەم ئېلىش كۈنلىرى تەكلىپ بىلەن بېرىپ، ئۇلارنى زىيارەت قىلاتتىم. بۇئۇس ئەسلىدە، ئەسكەرىي گازارما، يەنى ھەربىي رايون

بولۇپ، مىسىرنىڭ مەشھۇر زوڭتوگۈللىرىدىن جەمال ئابدۇنناسىر ئۆز زامانىسىدا، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇيدىغان چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن، ياتاقخانا شەھەرچىسى قىلىپ بەرگەنىكەن. كۆردۈمكى، شەھەرچىنىڭ ياشاش ۋە ئۆگىنىش مۇھىتى ئالاھىدە ياخشى ئىدى: 10 ـ 12 كۋادراتمېتىرلىق بولسىمۇ، ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئايرىم بىر ياتاقخانىسى باركەن. مەسجىدتىن باشقا، كەڭ ـ ئازادە بەدەن چېنىقتۇرۇش مەيدانلىرى، كۇتۇپخانىلىرى شۇ زامانىنىڭ زامانىۋى ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەييار ئىكەن. بۇ يەردىكى ئەزھەرىيلەر ھەر جەھەتتىن غەمسىز، ھاجەتسىز ۋە رازىمەن كۆرۈنەتتى.

مەن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇش جەريانىدا، ئۆزۈم تاللىغان ۋەزىپە دەرسىم «ئۇسۇلۇددىين»نى بىر سائەتمۇ زايا قىلماي، تولۇق قاتنىشىپ، ئەستايىدىل ئوقۇغاندىن باشقا، يۇرتداش ئەزھەرىي ساۋاقداشلىرىمنىڭ مەسلىھەتى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن، كۇتۇپخانىدىن ئىسلام دۇنياسى بويىچە ئاتاقلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ بىر مۇنچە تەپسىر كىتابلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ چىقتىم. بۇ تەپسىرلەر مېنىڭ «ئۇسۇلۇددىين» دەرسىنى ياخشى ھەزىم قىلىشىمغا كۆرۈنەرلىك پايدىسى بولغاندىن باشقا، كېيىنچە، يېقىنقى زامان ئاتاقلىق ئۇيغۇر مۇپەسسىرى زەرىف قارىھاجى 1926 ـ يىلى كاشغەردە يازغان تەپسىر كىتابى «قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن ئەممە پارە تەپسىرى»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچىسىغا گۆزەلچە تەرجىمە قىلىشىمدا، بەك ئەسقاتقان بولدى. 2003 ـ يىلى سەئۇدىي ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىدە نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلغان مەزكۇر تەرجىمە كىتابىمنىڭ تەھرىرلىكىنى ئاشۇ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە بىللە ئوقۇغان ئەزھەرىي بالا ساۋاقداشلىرىم قىلغان ئىكەن. ئۇلار باھالاش بېتىگە مۇنداق يېزىپتۇ: «بۇ مەشھۇر ھەم مۇھىم كىتابنىڭ تەرجىمىسىدە، ساۋاقدىشىمىز ئابدۇرەئۇپ تەكلىماكانىي مۇئەللىم ئەزھەردە ئۆگەنگەنلىرىنى ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەزھەرىيلىكىنى ئوچۇق نامايەن قىلىپتۇ، تولىمۇ سۆيۈندۇق.»

## ئەنقەرەدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلەردە ئۇنتۇلماس بەش يىل

90 - يىللاردا، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ شاراپىتىدىن جۇڭگو مائارىپى ساھەسىدە، ياشانغانلار ياشىرىدىغان، يەنى ئەللىك - ئاتمىش ياشلىق پروفېسسورلارمۇ ئوقۇغۇچى بولۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى داڭقلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، دوكتور ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان بىر سەلكىن شامال ئۇرغۇغان ئىدى. بۇ شەرق شامىلى مېنىڭ – قىرىق يەتتە ياشلىق دوتسېنت ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىينىڭ «تۈركچە ئۆگىنىش، تۈركىيەگە ئىلىم ھىجرىتى قىلىش» ئارزۇيۇم پەردىسىنىڭ نۇسرەت تامان ئېچىلىشىغا ۋەسىيلە بولدى. تەشكىل مېنىڭ 1996 - يىل 10 - ئايدىن 1997 - يىل 7 - ئايغىچە ئارىلىقتا، قاھىرە ۋە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ۋەزىپىلىرىمنى تولۇقى بىلەن ئورۇنلاپ كەلگەنلىكىمنى نەزەرگە ئېلىپ، تۈركىيە ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ، كلاسسىك تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بويىچە، دوكتور ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇش، شۇ ئارقىلىق، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نۇقتىلىق ئالاھىدە كەسىپ ساھەلىرىدىن بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىنىڭ سەۋىيەسىنى خەلقئارالىق رېلىسقا ئۇلاش ئىلتىماسىمنى تەستىقلىدى.

1997 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، سەھەر تۈركىيە ۋاقتى بىلەن سائەت بەشتە، ئىستانبۇل «ئاتاتۈرك خەلقئارا ئايرودورومى» غا سالامەت قوندۇق. بۇ مېنىڭ تۈركىيە زېمىنىغا ئىككىنچى قېتىم قەدەم قويۇشۇم ئىدى. (بىرىنچى قېتىمقىسى 1995 –يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بولۇپ، ئۇ چاغدا، ئەنقەرە، كونيا ۋە بولۇ شەھەرلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «ماناس داستانى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ مىڭ يىللىقىنى قۇتلۇقلاش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»لىرىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېلىپ، ساق بىر ئاي تۇرۇپ قايتقانىدىم.) مەندىن بىر يىل بۇرۇن كېلىپ، ئەنقەرە ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇۋاتقان ئابدۇررەشىد جەلىل قارلۇق كېچىلەپ يەتتە يۈز كىلومېتىر يول

بىسىپ، ئەنقەرەدىن كېلىپ، ئايرودرومدا مىنى كۈتۈۋالدى ۋە هايال قىلماي، ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوۋۇز بېكىتىگە ئاپىرىپ، ماشىنا بىلەن، ئەنقەرەگە ئېلىپ كەتتى. بۇ تۈركىيە جومهۇرىيەتى دۆلەت بايرىمىنىڭ ئىككىنچى كۈنى بولۇپ، هەممە يەر ئاي - يۇلتۇزلۇق تۈركىيە دۆلەت بايرىقىنىڭ ئوتقاشتەك قىزىل دېڭىزىغا ئايلانغان، پۈتكۈل خەلق جۇمهۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ يەتمىش تۆرت يىللىقىنى قۇتلۇقلاش شادىمانلىقىغا چۆمۈلگەن ئىدى.

1 - تۆمەر TÖMER دە ئون ئاي

تۈركىيەگە ئوقۇش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن چەتئەللىكنىڭ هەممىسى هەر قايسى شەهەرلەردىكى مۇئەييەن ئۇنىۋېرسىتېتكە قاراشلىق بولغان TÖMER (TÜRK DİLİ ÖĞRETİM MERKEZİ) (تۈركچە ئۆگىتىش مەركىزى) گە كىرىپ، تۈرك تىلى ئۆگىنىشى، خۇسۇسەن مەندەك ئىلمىي ئۇنۋان ئالىدىغانلار مەزكۇر تۆمەرنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش شاهادەتنامىسىنى ئالغاندىن باشقا، ئۇنۋان ئوقۇشىنى باشلاشتىن بۇرۇن، مەزكۇر تۆمەر ئورۇنلاشتۇرغان ۋە يىلدا بىر قېتىم ئالىدىغان مەخسۇس «سەۋىيە سىناش ئىمتىهانى»دىن ئۆتۈشى زۆرۈر ئىكەن.

شۇنداق بولغانىكەن، هېچ ئىككىلەنمەي، ئەنقەرە شەهرىنىڭ كىندىكى بولغان «قىزىل ئاي مەيدانى»نىڭ شەرقىي يېنىغا جايلاشقان ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تۆمەرىگە تىزىملىتىپ، شۇ يىلى 11 - ئايدىن باشلاپ، تۈركچە ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتىم.

قىرىق يەتتە ياشلىق چارباشنىڭ ئون يەتتە ياشلىق بەساقال يىگىتلەر بىلەن تەڭ ئۆلچەكتە، ئوخشاش سەۋىيەنى ساقلاپ ئوقۇمىقى هەقىقەتەن تەس ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوقۇشقا كىرىش رەسمىيەتى ئۆتەيدىغان كۈنى، مەسئۇل خانىمنىڭ: «قەيەردىن كەلدىڭىز؟ تۈركىيەدە نېمە ئىش قىلىسىز؟ تۈركچىڭىز قانداق؟» دېگەندەك سوئاللىرىغا بىر نەچچە كۈن مابەينىدە

ئاڭلىۋالغان تۈركچەمنى مەزمۇت ئۇيغۇرچىم بىلەن يۇغۇرۇپ بىر نەرسىلەرنى دېدىم. مەسئۇل خانىم مىنۇت تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ھەر ھالدا مېنىڭ چوڭ ياشلىق بىر ئادەملىكىمنى نەزەرگە ئالدى بولغاي: «سىز ئىككىنچى سىنىپتىن باشلاپ ئوقۇڭ. شۇنداقتا، بىر مەرھەلە (بىر باسقۇچ، ئىككى ئاي) ئاز ئوقۇيسىز. قارىسام، تۈركچىڭىز يامان ئەمەس ئىكەن. شۇنداق قىلامسىز؟» دېدى. مەن مەمنۇن بولۇپ، تەشەككۈر ئېيتتىم ۋە ئىككىنچى سىنىپقا كىردىم.

بىراق، مەن ئىككىنچى سىنىپقا كىرىپ، بىر سائەت دەرس ئاڭلاپ بولۇپلا، پۇشمان قىلىپ قالدىم: ھەي، باشتىن، ئېلىپبەدىن باشلاپ ئۆگەنسەم بوپتىكەن! ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۈركلەرنىڭ تىل ئۆگىتىشىمۇ ھە دېگەندە غەلىتە تۇيۇلدى ماڭا: ئۇلار «سۆز، ئىبارە، جۈملىدىكى سۆزلەر تىزىلمىسى» دېگەندەك تەرتىپنى ۋە نوقۇل گرامماتىك نەزەرىيەنى قويۇپ، ئىشنى تىلدا ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ جۈملە تۈزۈش، ئوقۇغۇچىلارنى جۈملە تۈزدۈرۈش ۋە ماقالە يازدۇرۇش بىلەن باشلايدىكەن. ھە دېسىلا، پۈتۈن ـ پۈتۈن ماقالىلارنى ئوقۇتۇپ، مەزمۇننى ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە سۆزلىتىدىكەن. ياخشىسى، سىنىپىمىزدا، رۇس، ياپون، ئەرەب، پارس، گۈرجى (گروزىن) قاتارلىقلاردىن باشقا، ئاز ساندا ئازەربەي، تۈركمەن قاتارلىق تۈركىي مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، جۇڭگولۇق مەن بىرلا ئىدىم. شۇڭا، سۆزلىسىپ قېلىۋاتسامۇ، خىجىل بولۇش دېگەننى بىر ياققا چۆرىۋېتىپ، بوش كەلمىگەندەك قىياپەتتە، چوڭ سۆزلەپ ئولتۇرىۋەردىم. بىراق، كۆڭلەرنىڭ بىر كۈنى چاندۇرۇپ قويدۇم: مۇئەللىمىمىز ئىككى بەتلىك بىر ماقالىنى ئۆزى بىر قېتىم ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، بىزگە: «ئون بەش مىنۇت ئىچىدە ئىككى قېتىم ئوقۇپ، مەزمۇن ھالقىلىرىنى ئىگىلەيسىلەر. ئاندىن، شۇبۇ ماقالە مەزمۇننى چۆرىدەپ سوئال سورايمەن ھەر بىرىڭلاردىن» دېدى. مەن ماقالىنى ئوقۇشنىغۇ ئوقۇدۇم. ئەمما ھەر ئىككى ـ ئۈچ جۈملىدە بىر قېتىم دېگۈدەك چىقىپ تۇرىدىغان «روبوت» دېگەن سۆزنى ھېچ چۈشەنمىدىم. شۇڭا، قول

كۆتۈرۈپ، مۇئەللىمدىن سورىدىم: «مۇئەللىم! ‹روبوت› دېگەن نېمە؟» نېمە بولغىنىنى ئۇقماي قالدىم، سوئالىمنىڭ سوئال ئالامىتى تەلەپپۇزۇمدا تولۇق ئىپادىلىنىپ بولغىچە، پۈتۈن سىنىپ «پاراققىدە» كۈلۈپ كەتتى. مۇئەللىممۇ قوشۇلۇپ، پۈتۈن سىنىپتىكىلەر «دۈررىدە» ماڭا بۇرۇلۇپ، خۇددى توساتتىن پەيدا بولۇپ قالغان ئالەملىك مەخلۇق(外星人) نى تاماشا قىلىۋاتقاندەك سىنچىلاپ قاراپ كېتىشتى. ماڭا يانمۇ يان ئولتۇرىدىغان فاس (ماراكەش) تىن كەلگەن زەڭگى ئەرەب قېرىنداشىم جىھاد كۆزىنى تولىمۇ سەت ئالايتقان ھالدا:«ۋەي! روبوتنىمۇ بىلمەمسەن ـ سەنەي!؟» دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

خېلىلا خىجىل بولدۇم. مۇئەللىم چۈشەنچە بەرگەندىن كېيىن بىلدىمكى، «روبوت» دېگىنى ماشىنا ئادەمنىڭ ئىجادچىسى ئۇنىڭغا قويغان ئىسىم بولۇپ، پۈتۈن دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «ماشىنا ئادەم»نى «روبوت» دەيمىش. ئەپسۇس مەن بىلمەيدىكەنمەن. بىراق، بۇ يەردە، مۇشۇنداقلا بولدى قىلغۇم كەلمىدى. ئاستا ئورنىمدىن تۇرۇپ، قارا دوسكىنىڭ ئالدىغا كەلدىم ۋە ھېلىقى ئېيىق تەلەت قېرىنداشىم جىھادنى قولۇم بىلەن جۆنەپ تۇرۇپ: «ئۇنچىۋالا ھەيران قالما قېرىنداشىم. سېنىڭ روبوتۇڭنى بىزنىڭ جۇڭگودا ‹روبوت› دېمەيدۇ، بەلكى ‹جى چى رېن› دەيدۇ ۋە ئۇنى مۇنداق يازىدۇ» دەپ، 机器人 دېگەن ئۈچ خەتنى دوسكىغا يوغان قىلىپ يېزىپ قويۇپ، كېلىپ ئەسلىي ئورنۇمدىكى كىتابلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرقى رەتتە يالغۇز ئولتۇرىدىغان بويى بىر مېتىر سەكسەن، يېشى ئون بەش ياشلىق گۈرجۈ ساۋاقدىشىم گىئورگىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. قارىسام، ئەمدىلىكتە، ھەممەيلەننىڭ كۆزى مەندىن يۆتكىلىپ، دوسكىدىكى 机器人 JİCHİREN دېگەن خەنزۇچە خەتكە ھەيران ـ ھەسلىكتە تىكىلگىنىچە ئالىيىپ قالغان ئىدى.

ئاڭلىسام، بىزنىڭ ئانا يۇرتتىن كەلگەنلەر ئۈچ ئاي ئوقۇپلا تۆمەرنى پۈتتۈرەرمىش. ئۇيغۇرلاردىن تۆمەردە ئالتە ئاي ئوقۇغان دېلو يوقمىش. ئەمما،

مەن تولۇق ئون ئاي ئوقۇپ، ئاندىن: «ياخشى نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈردى» دېگەن شاھادەتنامىغا ئېرىشتىم. تۆمەر باشلىقى پروفېسسور، دوكتور مەھمەت ھانگىرمەن ئىمزا قويغان مەزكۇر شاھادەتنامە بىلەن ئۇ يازغان «ئالتۇن ۋەتەن تۈركىيە» دېگەن كىتاب ھېلىھەم شەخسى قىرائەتخانامدا، مېنىڭ مۇنتىزىم مەكتەپتە تۈركچە ئۆگەنگەنلىكىم ۋە تۈركچىدىن راھەت بەھرىمەن بولالايدىغانلىقىمنىڭ شاھىتى بولۇپ، ئەزىزلىنىپ ساقلانماقتا..

## 2 ـ ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇستازلىرىم

1998 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسپىرانتلار ئىنستىتۇتىدا ئوقۇشقا كىرىش رەسمىيەتى ئۆتەپ، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ۋە تارىخ ـ جۇغراپىيە ئىنستىتۇتى چاغداش تۈرك شىۋىلىرى ۋە ئەدەبىياتلىرى فاكۇلتېتىنىڭ دوكتورانتى (دوكتور ئاسپىرانتى) بولدۇم. 2002 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، مەزكۇر فاكۇلتېتىنىڭ تېز (دېسسېرتاتسىيە) ياقلاش زالىدا، «مۇسا سايرامى يازغان ‹تارىخى ھەمىدى› ئۈستىدە تەتقىقات» ماۋزۇلۇق جەمئىي 513 بەت (تەخمىنەن ئۈچيۈز مىڭ خەتلىك) تۈركچە تېز ئەسىرىمنى پروفېسسور، دوكتور فاتىمە سەما بارۇتچۇ ـ ئۆزۆندەر خانىم، پروفېسسور، دوكتور ئەھمەد بىجان ئەرجىلاسىن ئەپەندى، پروفېسسور، دوكتور مۇستافا جانپولات ئەپەندى، پروفېسسور، دوكتور ئۆنال قايا ئەپەندى ۋە پروفېسسور، دوكتور سارى بەردىيېۋ ئەپەندى (تۈركمەنىستان)لەردىن تەشكىل تاپقان باھالاش كومىتېتى ھوزۇرىدا ئوقۇپ، سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ، غەلىبە بىلەن، «ئەدەبىيات دوكتورى» ئۇنۋانىغا ئېرىشتىم. شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئەسلىيدىكى خىزمەت ئورنۇم بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتىپ كەلدىم. 21 ـ مايدىن باشلاپ، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قايتا ئىشقا چۈشتۈم. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ مائارىپ تارىخىدا، كلاسسىك تۈركىي تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقاتى كەسپى بويىچە تۈركىيەدە ئوقۇپ ۋە ئالىي ئىلمىي ئۇنۋان – دوكتورلۇقنى

ئېلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئىشلىگەن تۇنجى ئۇيغۇر دوكتور بولۇپ قالدىم.

ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇستازلىرىمدىن پروفېسسور، دوكتور سەما بارۇتچۇ ـ ئۆزۆندەر خانىم مېنىڭ يېتەكچى ئۇستازىم. ئۇ ئاسان كۆلمەيدىغان، جىددى چىراي، سۈرلۈك ۋە سالاپەتلىك خانىم ئىدى. ئومۇمىي تۈركىلوگىيە ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق بويىچە بىلىم دائىرىسى كەڭ ۋە چوڭقۇر. پىكىر بايان قىلىش بىلەن ئۆز پىكرىنى ئىپنىق قىلىپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇستا. شۇڭا، بىز سەما خانىمنىڭ دەرسىنى ئاڭلاشقا ئامراق بولىدىغان. تۈركىيەدە ئاسپرانتلار دەرسى بىلەن ئاساسىي پەن ئوقۇغۇچىلىرى دەرسى سۆزلەش، سىناق ئېلىش ئۇسۇللىرى جەھەتتە تۈپلۈك پەرقلىنىدۇ. مەيلى ماگىستىر ئاسپرانتلىرى دەرسى بولسۇن ۋە مەيلى دوكتور ئاسپرانتلىرى دەرسى بولسۇن، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ سۆزلەش، ئۆز مۇلاھىزە ۋە مۇھاكىمىسىنى بايان قىلىش پۇرسىتى تەڭ، ھەتتا ئوقۇغۇچىغا بېرىلگەن پۇرسەت كۆپرەك دېيىشكە بولىدۇ. گەرچە سەما خانىمنىڭ قىياپىتى سۈرلۈك، مۇئامىلىسى جىددىيەتلىك بولسىمۇ، بىر ئىنساننىڭ بىلىش ـ بىلمەسلىكى، ياخشى سۆزلىيەلەش ـ سۆزلىيەلمەسلىكىگە نىسبەتەن ئىنكاسى تولىمۇ ئىلمىي. ئۇ دائىم: «بىلىكلىك بىلەن بىلىكسىز بىلىك ئالدىدا تەڭ باراۋەردۇر. بىلگەنلىك ـ بىلىش جەريانىغا ئەمگەك سىڭدۈرگەنلىكنىڭ نەتىجىسى. بىلمىگەنلىك بولسا، بىلىش ئۈچۈن تېخى يېتەرلىك ئەمگەك سىڭدۈرمىگەنلىكنىڭ ھاسىلى. ھالبۇكى، بىر ئادەمنى بىلمەسلىكتە ئەيىبلەشتىن تولا ئۇنىڭغا سەمىمىيەت بىلەن، بىلىش يوللىرى ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن ئەلا» دەيتتى. شۇ سەۋەبتىن، بىز ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ ئالدىدا پىكىر بايان قىلىشتىن، خاتا سۆزلەپ قېلىشتىن قورقمايتتۇق، ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا ھېرىسمەن ئىدۇق.

پروفېسسور، دوكتور ئۆنال قايا ئەپەندى مېنىڭ دوكتورا تېزى (دوكتورلۇق ئۇنۋان دېسسېرتاتسىيە ئەسىرى) يېتەكچىم. سالاپەتلىك، چىقىشقاق، مۇلايىم

مۇئامىلىلىك ۋە ھەر ئىشتا قائىدىلىك بولۇشنى قوۋۋەتلەيدىغان مۆمىن مۇئەللىم ئىدى. «بەنىملە گەل، نامازا گىدەجەز، چابۇك!» (ماگە مەن بىلەن، نامازغا بارىمىز. چاققان ماڭ!) دېگىنىچە جۈمە نامازلىرىغا ئېلىپ باراتتى مېنى. يېشى مەندىن ئون ياشلار كىچىك، بويى مەندىن ئون سانتىمېتىرلەر پاكار بولۇشىغا قارىماي، مېنى باشقۇرۇش، ئەدەپلەش ۋە يېتەكلەشتە، قاتتىق تەلەپ ۋە مېھرىبان چوڭ ئاكامنىڭ ئۆزى ئىدى. «بۇ ھەپتە يەڭگەمگە تېلېفون قىلدىڭمۇ؟»، «قەيسەر ئوغلانىنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىكەن؟»، دەپ سوراشتۇرۇپ تۇرۇشلىرى، «قارىغىنا! بۈگۈن يەنە كىيىملىرىڭنى ماسلاشتۇرۇپ كىيەلمەپسەن، ھەي، ئىنسانەي!» دەپ ۋارقىراپ كېتىشلىرىنى سېغىنىش بىلەن ئەسلەپ قالىمەن ھېلىھەم.

پروفېسسور، دوكتور ئىرستاي قوچقارتايېۋ ئەپەندى ئۆزبەكىستان تاشكەنتلىك تىلشۇناس ئالىم، شۇ يىللاردا ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى چاغداش تۈرك شىۋىلىرى ۋە ئەدەبىياتلىرى فاكۇلتېتىدە، ئۆزبەك تىل - ئەدەبىياتىدىن دەرس سۆزلەيدىغان چەتئەللىك مۇتەخەسسىس ئىدى، ماڭا «تۈركىي تىللار سىنتاكسىس تەتقىقاتى» ۋە «تۈركىي تىللار مورفولوگىيە تەتقىقاتى» ئاتلىق ئىككى دەرس بويىچە بىلىم بەرگەن ئۇستازىم. يېشى كەم دېگەندىمۇ ئاتمىش بەشلەردە بار، سۇباتلىق، سالاپەتلىك، ئۆزبەك ئىنسانىغا خاس پاكىز چىراي زات ئىدى. دەرس ئارىسىدا كۆپ ھال - مۇڭ بولۇشاتتۇق. «ئەللىك ياشقا كىرگەن ئادەم ئۆيىدىن، خوتۇن - بالىسىدىن ئايرىلىپ، قىتئە ئاتلاپ كېلىپ ئوقۇماقنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە! ئەمما، سىز بۇنىڭ ئۈچۈن تېخى يەنە بەدەللەر تۆلىسىڭىز كېرەك. غەيرەت قىلىڭ، غەيرەتلىك بولۇڭ!» دەپ ئىلھاملاندۇرۇپ تۇراتتى. ئاشۇنداق غەيرەتلەندۈرۈش مۇددىئاسىدا بولسا كېرەك، ئۇ ئۆزى سۆزلىگەن ئىككى دەرستىن ماڭا نەتىجە ئۈچۈن توقساندىن نومۇر بېرىپتۇكى، بۇ مېنىڭ تۈركىيەدە بەش يىل ئوقۇش جەريانىدا ئالغان ئۇرۇقلۇق ئىككى توقسان نومۇرۇم بولۇپ قالدى. شۇ ئان كاللامغا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئادەتتە

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئايرىشتا: «پالانى مۇئەللىم ياخشى مۇئەللىم ئىدى، سىناق نەتىجە نومۇرلىرىنى يوغان - يوغان قويااتتى» دېيىشلىرىنىڭ بىكار ئەمەسلىكىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق هېس قىلدىمكى، مۇئەللىم يوغانراق نومۇر قويسا، ئوقۇغۇچى راستىنلا خوش بولۇپ قالىدىغان گەپكەن!

ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ۋە تارىخ - جۇغراپىيە ئىنستىتۇتى پايتەخت ئەنقەرە شەھىرىنىڭ سىھھىيە (ساغلاملىق) رايونىغا جايلاشقان. قىزىل ئاي مەيدانى تەرەپتىن كەلسىڭىز، سىھھىيە كۆۋرۈكىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ، ئىككى يۈز قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن، ئوڭغا قايرىلسىڭىزلا بولىدۇ. دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگىنىڭىزدە، ئالدى بىلەن، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئۈستىگە قاپارتما قىلىپ تاشتىن يېزىلغان مۇستافا كەمال ئاتاتۈركنىڭ: «هاياتتا ئەن هاكىكىي مۈرشىت ئىلىمدىر» (هاياتتا، ئەڭ ھەقىقىي يېتەكچى پەر ئىلىمدۇر) دېگەن ئالتۇن سۆزى كۆزىڭىزگە تاشلىنىدۇ. ئىنستىتۇت قورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىمەنزاردا، ئاتاتۈركنىڭ ھەيكىلى، ئېگىز بايراق خادىسىدا بولسا، ئاي - يۇلتۇزلۇق قىپ - قىزىل تۈرك بايرىقى كېچە - كۈندۈز لەپىلدەپ تۇرىدۇ. مەن مۇشۇ مەنزىرىنىڭ هاياجانغا چۆمۈلۈپ، مەزكۇر ئۇستازلىرىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە بەش يىل ئوقۇدۇم بۇ ئىلىم يۇرتىدا . شەك يوقكى، ئىرپان پەيزىدە تاۋلىنىپ ئۆتكەن شۇ يىللار ئەبەدىي ئۇنتۇلماستۇر!

3 - غازىي ئۇنىۋېرستېتىدە مۇئەللىملىك قىلغىنىم، تېخى...

تۈركىيەدە، ئاز بولمىغان ئۇيغۇرشۇناسلار بار. غازىي ئۇنىۋېرسىتېتى تۆمەرىنىڭ باشلىقى، تۈرك تىلى فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى پروفېسسور، دوكتور ئىسا ئۆزقان بىلەن پروفېسسور، دوكتور فاتما (فاتىمە) ئۆزقان ئەر - ئايال ئىككەيلەن شۇلارنىڭ مۇنەۋۋەرلىرىدىن هېسابلىنىدۇ. ئىسا ئۆزقان ئەپەندى ئۇيغۇر داستانچىلىقى تەتقىقاتىدا ژىرىك ئەمگەكلەرنى قىلغان بولۇپ، دوكتورلۇق ئۇنۋان تېزى (دېسسرتاتسىيە ئەسىرى) «ئوبەيدۇللاھ خان داستانى ئۈستىدە

تەتقىقات» ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەمگەكلىرىدىن سانىلىدۇ. فاتما ئۆزقان خانىم بولسا، مېنىڭ بىر قانچە پارچە ئىلمىي ماقالەمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئانا يۇرتىمىزدا ئۇيغۇرچە ئېلان قىلىنغان نۇرغۇن ساندىكى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلارنى تۈرك تىلىغا ئۆرۈپ ئېلان قىلىپ، كەڭ تۈرك ئالىملىرىغا ۋە تۈرك دۇنياسىغا تونۇتقان ئالىمە. ئەنقەرەگە ئوقۇشقا كەلگەندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا، ئۇلارنى ئىزدەپ دىدارلىشىپ تونۇشتۇم. ئۇلارنىڭ قوۋۋەتلىك تونۇشتۇرۇشى ئارقىسىدا، غازىي ئۇنىۋېرسىتېتى چاغداش تۈرك لەھجەلىرى ۋە ئەدەبىياتلىرى فاكۇلتېتى مېنى مەزكۇر فاكۇلتېتتىكى تۈرك ئوقۇغۇچىلارغا «چاغداش ئۇيغۇر تۈركچىسىدىن تېكىستلەر» دەرسىنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ بىر ھەپتىدە تۆرت سائەتتىن بىر ماۋسۇم سۆزلىنىدىغان تاللىما دەرس بولۇپ، ھەر ماۋسۇمدا دەرسىمنى تاللىغانلار نىڭ سانى 15 ـ 10 دىن ئاز بولمايتتى. دەرسلىك ئۈچۈن، تۈرلۈك ژانىردىكى ماقالە ـ ئەسەرلەرنى، شۇ جۈملىدىن ئۆزۈمنىڭ ھېكايىلار توپلىمىم «كور خېرىدار»نى كۆپەيتىپ بېسىپ تارقىتىپ بېرەتتىم ئۇ ھەر ماۋسۇملۇق ئوقۇغۇچىلىرىمغا.

غازىي ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئىككى يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتلىق مۇئەللىمچىلىكىم ئالدى بىلەن، مېنى تۈرك ئۇنىۋېرسىتېتلىرى تولۇق كۇرس سىنىپلىرى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىلمىي ساپاسى، ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ۋە ئۆگىنىش قارىشى ھەققىدە بىرىنچى قول ئەمەلىي ماتېرىياللىغا ئىگە قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى جۇڭگودىكى مەن ئوقۇتقان ۋە ئوقۇتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىم بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئوتتۇرىدىكى پەرقلەرنى دەڭسەپ كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغانلىقى بىلەنمۇ تولىمۇ قىممەتلىك ۋە نەق ئەھمىيەتلىك بولدى. سېلىشتۇرۇپ باقسام، تۈرك ستودېنتلار كىيىمنى ياراشتۇرۇپ كىيىش ۋە پاكىز، گۈزەل يۈرۈشتە مىسلىسىز ئىكەن: چۆرە ـ مۇھىت پاكپاكىز، ياش ئىنسانلار گۈزەللىكتە يېگانە ۋە ھېچ غۇبارسىزكى، كۆز تەگمىسۇن! ئاندىن

قالسا، لاپچىلىقتا ئۇيغۇر ياشلىرى بىلەن ئوخشاش سەۋىيەدە ئىكەن: ئۇ زەيىسىز پاختىدەك ئېتىۋاتقان لاپلىرىنى ئاڭلىسىڭىز «ھەي، ئۇيغۇرنىڭ نەق ئۆزىكەن - غۇ، بۇلار!» دەپ قالىسىز. ئەمما، ئۆز ئىمكانلىرىنىڭ شۇ قەدەر كەڭرى، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتىنىڭ شۇ قەدەر ئەۋزەل بولۇشىغا قارىماي، تىرىشچانلىق روھى نىسبەتەن سۇس، رىقابەت ئېڭى خېلى بەك ئاجىز ھېس قىلدۇرىدۇ ئىنسانىنى. «تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرسەم، بىر خىزمەت ئورنى تېپىۋالسام بولدى. قالغىنىغا پەرۋايىم پەلەك» دەيدىغانلارنىڭ سان - سالماق جەھەتتە كۆپلۈكى ئىنساننىڭ كۆڭلىنى بەكلا يېرىم قىلىدۇ. «كىم بىلىر، مەھكۇم بولمىغان، باشقىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ باقمىغان مىللەت دېگەن مۇشۇنداق ھاكاۋۇر، بىپەرۋا ۋە غەم يېمەس بولىدىغان ئوخشايدۇ» دېگۈمىمۇ كەلدى. بىز ھەر ھالدا ياخشى تىلەكلىرىمىزنى بىلدۈردۇق: «بىز كەلدۇق مانا. سىزلەرمۇ كاشغەرگە، خوتەنلەرگە بېرىڭىزلار. كاشغەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، خوتەن تىبابەت ئىنستىتۇتلىرىدىمۇ سىلەرنىڭ گەۋدەڭلەر كۆرۈنسۇن. مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھىدا، بوۋىمىز سىلەرنىڭمۇ ئاياغ تېۋىشىڭلارنى ئاڭلىسۇن!»

مەملىكەت سىرتىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىم بىلىم قۇرۇلما جەھەتتە مېنى خېلى كۆپ ئاۋۇندۇردى، تويۇندۇردى. مەن ئۇ يەردە ئۆگەنگەنلىرىمنى ھەرگىزمۇ باشقىلارغا كۆز - كۆز قىلىدىغان، باشنى قەستەن ئېگىز كۆتۈرۈپ گېدىيىۋېلىپ، بۇرۇندا پىننە قېقىپ تۇرۇپ، باشقىلارغا داملىتىدىغان داملاتقۇ قىلىۋالمىدىم. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ ئۆگەنگەنلىرىمنى كونكرېت ئەھۋاللارغا تەدبىقلاپ، بار ئىمكان بىلەن، ئەڭ ياخشى تەرزدە ئىشلەتتىم. خوش، مەن ئۆگەنگەنلىرىمنى ئىشلىتىپ، قانداق نەتىجىلەرنى قازاندىم؟ ئەلبەتتە، بۇ يەنە بىر باشقا ھېكايەدۇر.

2011 - يىل 13 - ئاۋغوست، كاشغەر.

## توققۇزىنچى باب

# مېنىڭ ئەمگەكلىرىم ۋە ھەمئەمگەكلىرىم

ئانا يۇرتتىن باش ئېلىپ چىقىپ، ئۆزى ئۈچۈن، ئۆز قېرىنداشلىرى ۋە ئۆز خەلقى ئۈچۈن مۇئەييەن نەپ كەلتۈرۈش مۇددىئاسىدا ھىجرەت قىلىش ئىنساندىن جاسارەت، ماھارەت ۋە كامالەت تەلەپ قىلىدىغان بىر خاسىيەتلىك جەرياندۇركى، سەن مۇ شۇ ئۈچ جەھەتتە ياخشى، چەندىكىدەك ۋە يېتىك ئىپادە كۆرسىتەلىسەڭ، ئاندىن نۇسرەت قازىنالايسەن. شۇنداق، بىر ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتتىن يۇلۇنۇپ، باش ئېلىپ چىقماق تولىمۇ تەس، بۇنىڭغا جاسارەت بولمىسا، بولمايدۇ؛ ھىجرەت قىلىپ بارغان ئۇ زېمىندە ياشاش ئۈچۈن، مەسىلەن، ئۇ يېڭى جاينىڭ ئابۇھاۋاسىغا كۆنۈش ئۈچۈن، ئادەملىرى بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش ئۈچۈن، تۇرمۇشنى قامداشقا لازىملىق ئىش ـ خىزمەت تېپىش ئۈچۈن، مۇئەييەن ماھارەت بولمىسا، يەنە بولمايدۇ؛ يېڭى شارائىتقا كۆنىدۇڭ، جېنىڭنى باققىلى بىر ئىش ـ خىزمەتمۇ تاپتىڭ، ئەمدى، سېنىڭ ئۇ قىلىۋاتقان ئىش ـ خىزمىتىڭدە، قىلىۋاتقان ئۇ تەتقىقات ياكى ئۆگىنىشىڭدە بەلگىلىك كامالەت، يەنى پىششىق ۋە مۇكەممەللىك ھاسىل قىلالمىساڭ، ئاداققي جەھەتتە بۇ ھىجرىتىڭ نۇسرەتلىك بولغان بولمايدۇ، مېنىڭچە.

مەنغۇ ئېلىم ھىجرىتىنى كېچىكىپ قىلغان ئادەممەن، يەنى يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەندە، ئاندىن ئانا يۇرت بوسۇغىسىدىن «بىسمىللاھ» دەپ

قەدەم ئېلىپ چىقىپ، ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپنىڭ يولىغا قاراپ ماڭالىغان. ھازىرقى نەۋرىلىرىمنىڭ 14 ـ 15 ياشلاردىلا، سەكرىشىپ، چۇرۇقلىشىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئىلىم يۇرتلىرىغا ھىجرەت قىلىپ كېتىۋاتقانلىرىنى كۆرگىنىمدە، ئىپتىخار بىلەن خەيرلىك دۇئاسى قىلىپ قالىمەن: بوش كەلمەڭلەر! نۇسرەت سىلەرگە ھەمراھ بولسۇن، ئەۋلادلار!

يەنە ئۆزۈمگە كېلەي، شۇنداق قىلىپ، مەن مەملىكەت ئىچىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلەردىمۇ، مەملىكەت سىرتىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلەردىمۇ ئوخشاشلا بىر مۇددەتتا ئۇچۇن ـ ماڭا تەقسىم بولغام مۇشۇ كلاسسىك ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىنى ئوقۇغۇچىلىرىم، تەشكىلىم ۋە خەلقىم رازىي بولغىدەك قىلىش ئۇچۇن ئوقۇدۇم، ئوقۇدۇم ـ يا زېرىكمەي ئوقۇدۇم. ئەمدى، قاراپ باقايلى: مېنىڭ ئىلىم ھىجرىتىم نۇسرەتلىك بولدىمۇ؟ مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ ھىجرەت قىلىشىتىكى مۇددىئايىم ئەمەلگە ئاشتىمۇ؟ مېنىڭ قايسى ئەمگەكلىرىم ھىجرەت ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن نۇسرىتىمنى نامايەن قىلىدۇ؟ مەن قىسقىچە قىلىپ، يېزىپ ـ دەپ باقاي، ئوقۇرمەنلىرىم ئوقۇپ، خەلقىم بىر باھالاپ باقسۇن، غەرىزىم ھىجرەت قىلىش ئالدىدا تۇرغان، ياكى ھېلىھەم ھىجرەت قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىم بۇنىڭدىن يا ئىبرەت ۋەيا مەدەت ئالسۇن ـ دە. قېنى:

## ئۇيغۇرچە سۆزلەمشۇناسلىق تەتقىقاتىدا باشلامچى قەدەم

1978 ـ يىلى، بېيجىڭ چەتئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئەرەب تىلى ئۆگىنىشكە باشلىغان بىرىنچى كۈندىن تارتىپ، ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقىنى، شۇ ئارقىلىق، ئۇيغۇرچە سۆزلۈك بىلەن ئەرەبچە كەلىمىلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشنىڭ ئىشتىياقى قەلبىمنى چۇلغىۋالدى. ئەمىسچۇ، ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقىدا، ھەرپ بىلەن ھەرپ، سۆزلەم بىلەن

سۆزلەم خىلى كۆپچىلىك ئەھۋالدا ئاساسەن ئوخشاش بولسۇن - يۇ، تىل قۇرۇلما سىستېمىسى، تەلەپپۇز ئۆزگىچىلىكى ۋە سۆز - كەلىمە ياساش ئۇسلۇبى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئىككى مىللەت ئۇيغۇر ۋە ئەرەب ئۆز مەدەنىي ھاياتىدا، ئۇلارنى راھەت قوللانسۇن. بۇ - تەتقىقات ئارقىلىق، چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، سىر - ئەسرارىنى بىلىپ باقىدىغان ئىش ئەمەسمۇ - ئەجەبا؟!

يەنە دىبسەك، يېزىقشۇناسلىق ئىلمى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقى زادى نېمە ئۈچۈن بىر - بىرىگە شۇ قەدەر ئوخشىشىدۇ؟ بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆز زامانىسىدا قانداق پايدىلىق ئامىللارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى ئەرەبلەرنىڭ يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلغان؟ ئۇيغۇرچە سۆزلەر، سۆز بىرىكمىلىرى ۋە ماقال - تەمسىل قاتارلىق تۇراقلىق ئىبارىلەر بىلەن ئەرەبچە سۆز - كەلىمە تۈرلىرىنىڭ تۈپلۈك پەرقلىرى قەيەردە؟ نېمە ئۈچۈن ئەرەبلەر «الله» يازىدۇ، بىز ئۇيغۇرلار بولساق، «ئاللاھ» يازىمىز؟ نېمە ئۈچۈن ئەرەبلەردىكى «ئەھمەد» دىگەن بىر ئىسىم ئۇيغۇرلاردا، «ئەھمەد، ئەخمەت، ئەمەت» دەپ ئۈچ ئادەمگە ئىسىم بولالايدۇ؟ نېمىشقا ئەرەبچىدىكى «مەھمۇد» دىگەن ئىسىم ئۇيغۇرچىمىزدا، «مەھمۇد، مەخمۇت، ماخمۇت، مامۇت» دەپ تۆرتكە تۈرلىنىپ كېتىدۇ؟ ئىستېمالىمىزدىكى «نىغمەت»، «نېمەت» ۋە «نامەت» دىگەن سۆزلەرنىڭ ئۇقۇم - مەنىسى نېمە؟ ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىسى بارمۇ - يوق؟ نېمە ئۈچۈن بىراۋنى «بودەك» (bo:dek) دەپ ئامراقلىق قىلىمىز، «پوداق» (po:daq) ( دىققەت: مەزكۇر ئىككى سۆزدىكى «ئو» تاۋۇشى ئوخشاشلا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش( دەپ سەتلەيمىز؟ مەزكۇر ئىككى سۆزنىڭ تىلىمىزدىكى «بورداق» كەلىمىسى بىلەن نېمە باغلىنىشى بار؟

مەن مۇشۇنداق سوئاللارنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە، دۇنيا ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا ئېقىۋاتقان ۋە ئومۇمىي تىلشۇناسلىق، يېزىقشۇناسلىق ۋە سۆزلەمشۇناسلىقتا دائىر

بىلىملەر سۆزلەنگەن كىتابلارنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، ئۇلارنى ئۇيغۇر تىلىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاپ تەتقىق قىلىش ئارقىسىدا، ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى (سۆزلەمشۇناسلىقى)» دېگەن بىر كىتابنى يېزىپ چىقتىم. بۇ كىتاب، 1995 ـ يىل قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۈچ مىڭ بەش يۈز تىراژدىن ئىككى قېتىم جەمئىي يەتتە مىڭ تىراژ بىلەن نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلدى. نەشرىيات مەزكۇر كىتابنىڭ بېشىغا مۇنداق ئوبزور يازغان: «نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان ‹ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى› (سۆزلەمشۇناسلىقى) ناملىق بۇ كىتاب مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقات بويىچە تۇنجى خاس ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور بۇ كىتابتا، ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈك سوستاۋىدىكى سۆزلەرنىڭ شەكلەن تۈرلىرى (تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئايرىلغان سۆز تۈرلىرى)دىن تارتىپ، مەنەن تۈرلىرى (سۆز مەنىسىگە قاراپ ئايرىلغان تۈرلەر )گىچە، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن تارتىپ، چەت ئەل تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن ئۆزلەشمە سۆزلەرگىچە بولغان ھەممە تەرەپلەر ئۈستىدە توختىلىپ، راۋان ۋە پاساھەتلىك تىل بىلەن، نىسبەتەن تەپسىلىي بايان بەرگەن. ئەڭ مۇھىمى، ئاپتور كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىزدىنىش ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسىنىڭ سېماسئولوگىيە، ئېتمولوگىيە، لېكسىكوگرافىيە، ستىلىستىكا ۋە ئادەم ئىسملىرى ئىلمى قاتارلىق پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي رەۋىشتە شەرھلەپ، بۇ جەھەتتە مۇندىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگلىرى تېخى يورۇتمىغان بەزى مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىي ۋە ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانكى، بۇ كىتابنىڭ قىممىتىمۇ دەل مۇشۇ يەردە.» (قاراڭ: «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1994 ـ يىل 12 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى، 1995 ـ يىل 5 ـ ئاي، 1 ـ بېسىلىشى، «نەشرىياتتىن»، 2 ـ بەت)

ئىلىم كۆمۈكلۈك خەزىنىگە ئەمەس، بەلكى كۆكلەپ تۇرىدىغان دەرەخقە

ئوخشايدۇ. دېمەككى، ئىلىم دېگەن ئايمۇئاي، يىلمۇيىل ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، مەن «مەن دېگەن ئۇيغۇر تىل تارىخىدىكى تۇنجى ‹ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى›نى يېزىۋەتكەن ئادەممەن» دەپ گېدىيىپ يۈرمىدىم، ئەكسىچە داۋاملىق مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، بولۇپمۇ چەتئەللەردىكى مۇناسىۋەتلىك داڭقلىق ئۇنىۋېرسىتېتلەرگە ئىلىم ھىجرىتى قىلىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىزدىنىش ئارقىلىق، ‹ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى› دېگەن كىتابىمنى يەنە ئون بەش يىل تولۇقلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ يازدىم. نەتىجىدە، مەزكۇر كىتابىمنىڭ نەزەرىيىۋىلىك ۋە ئەمەلىيەتچانلىق جەھەتلەردىن ئوخشاشلا تولۇقلىما نۇسخىسى بولغان «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى» ماۋزۇلۇق كىتابىم 2011 - يىل ئاپرىلدا، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۈچ مىڭ تىراژ بىلەن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. مەن بۇ يەردە، مەزكۇر كىتابىمنىڭ «كىرىش» قىسمىغا يازغان مۇنۇ يۈرەك سۆزلىرىمنى قەيت قىلىمەن: «چۈشەنچەمچە، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق ۋە ۋايىغا يەتكۈزۈپ شەرھلەش دەۋر تەلەپ قىلىۋاتقان زۆرۈر ۋە شەرەپلىك ئەمگەك. قولىڭىزدىكى ‹ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى› ناملىق بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ باشلامچى ئەمگەك بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئانا تىل سۆيگۈسى ئوتىدا پۇچىلىنىۋاتقان ئىلىم ئاشىنالىرىنى زۆرۈر بەھرىلەر بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ دەپ ئىشىنىمەن» (قاراڭ: «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى» بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 - يىل، 4 - ئاي 1 - نەشرى، 1 - بېسىلىشى، «كىرىش سۆز»، 2 - بەت)

قاراپ باقساق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدا، ئومۇمخەلق ئارىسىدا، تور بەتلىرىدىكى يېزىشمىلاردا ئىملا خاتالىقلىرى دېگەندىنمۇ ئارتۇق كۆپ. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن خېلى بىر بۆلەك زىيالىي ياشلىرىمىز«جېنىم ئانام»（我的性命妈妈）نى بەخىرامان ھالدا، «جېنىم ئانام»（我的

魔鬼　妈妈）قىلىپ يېزىۋەرمەكتە ۋە دەۋەرمەكتەكى، بۇ يەنىلا ئۇيغۇر ھەرپشۇناسلىق ۋە سۆزلەمشۇناسلىق ئىلمىنىڭ خەلقىمىز، خۇسۇسەن ئوقۇغۇچى ئەۋلادلىرىمىز ئارىسىدا، تېگىشلىك دەرىجىدىكى جىددىيەت ۋە ئەھمىيەت بىلەن، ئەستايىدىل ئۆگىتىلمەيۋاتقانلىقىنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسىدۇر. بۇ ئەسلىيدە، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپلا ئىگىلىنىشكە تېگىشلىك بولغان ئۇيغۇر يېزىقى بىلىك - چۈشەنچىسىنىڭ زىيالىيلىرىمىز ۋە باللىرىمىزنىڭ ئېڭىدا، يېتەرلىك پىچىمدىكى دىققەت - ئېتىبارغا ئىگە بولالمايۋاتقانلىقىنىڭ تەبىئىي ھاسىلىدۇر مېنىڭچە. شۈكىلاشقا، ئۇيغۇر تىل - يېزىقنى سۆيىدىغان ۋە ئۇنى قەدىرلەيدىغان قېرىنداشلىرىم مېنىڭ «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى» دېگەن كىتابىمنى سەۋرچانلىق بىلەن، باشتىن ئاخىر بىر قېتىم ئوقۇۋەتسە، ئۆز رىغبىتى بويىچە ئوبدانغىنا پايدا ئالىدۇكى، ھېچ زىيان تارتمايدۇ.

## چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا يېتىك سەۋىيە

ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ تارىخىي قاتلام ئالاھىدىلىكى بىلەن، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى» ۋە «ھازىرقى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى» دېگەن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. ئەمدى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى دېگىنىمىز، «قۇتادغۇ بىلىك» باش بولغان قەدىمقى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتىنىڭ بىۋاسىتە داۋامى؛ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتىنىڭ بولسا، ئۇل - ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. زامان ئۇزايى جەھەتتىن ئالتە ئەسىر ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولغاچقا، مىلادىيە 1309 - يىلى قەلەمگە ئېلىنغان دەپ قارىلىدىغان «قىسەسۇل ئەنبىيا»دىن تارتىپ، 1908 - يىل يېزىلغان «تارىخى ھەمىدىي»غىچە بولغان زور مىقداردىكى قوليازما ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى سەمەرىلىرى سانىلىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن

دەۋرى بۈيۈك ئەلشىر نەۋائىي دەۋرىدۇر. چاغاتاي ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە جەۋھەر قىسمى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرىدۇر.

مۇشۇنداق نەزەرىيەۋى زاكۇن ئاساسغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، مەن 1976 ـ يىلدىن تارتىپ، مەرھۇم ئۇستازىم، ئاتاقلىق تىلشۇناس خەمىت تۆمۈرنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن، مەخسۇس چاغاتاي ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا باشلىدىم. بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگەنگەنلىرىمىزنى ھەزىم قىلىش ئاساسىدا، شۇ يىلى 10 ـ ئايدىن باشلاپ، خەمىت ئەپەندىم ئىككىمىز ژىرىك لۇغەت «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نى تۈزۈشكە كىرىشتۇق. بۇ لۇغىتىمىزنىڭ ماتېرىيال ئاساسى قىلىپ، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبەكىستان تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئەلشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى ئۈچۈن لۇغەت»، «ئابوشقە» قاتارلىق لۇغەتلەرنى مۇتالىئە قىلدۇق. چاغاتاي ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بويىچە بىزدىن بۇرۇن كونكرېت ۋە ھوسۇللۇق تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان مەرھۇم ئۇستاز تەتقىقاتچىلار تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋە رەھمەتۇللاھ جارىيلارنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» قاتارلىق ھىدايەتكار ئەسەرلىرنى بېرىلىپ ئۆگەندۇق. ئۇستاز تەتقىقاتچى مەرھۇم رەھمەتۇللاھ جارىي ئەپەندىم «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1980 ـ يىللىق 3–سانىدا، ئۆزىنىڭ ۋەزنىلىك ئىلمىي ماقالىسى «‹چاغاتاي تىلى› ھەققىدە»نى ئېلان قىلدىكى، مەزكۇر ئىلمىي ماقالە ئۇيغۇر ئىلىم ئەھلىگە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدا نىسبەتەن تەپسىلىي بىلىك ـ چۈشەنچە بەرگەن ئەڭ دەسلەپكى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. شۇ يىلى، يەنى 1980 ـ يىلى، خەمىت تۆمۈر ئەپەندىم مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە، مەملىكەت بويىچە تۇنجى بولۇپ، «چاغاتاي تىلى دەرسى»نى تەسىس قىلدى ۋە ئۆزى باشلاپ دەرس سۆزلىدى. 1986 ـ يىلى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

خەمىت تۆمۈر ئەپەندىم ئىككىمىزنىڭ ئون يىل قولمۇقول تۇتۇشۇپ، بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ، بىرلىكتە يېزىپ چىققان ئىككى يۈز مىڭ خەتلىك ژىرىك ئەسىرىمىز «چاغاتاي تىلى»نى كىتاب قىلىپ نەشىر قىلىپ بەردى. بۇ كىتاب چاغاتاي ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بويىچە جۇڭگودا ئاشكارا نەشىر قىلىنغان تۇنجى كىتاب بولۇش سالاھىيەتى ۋە ئۆزىگە خاس قىممىتى بىلەن، 1989 ـ يىل دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن تارقاتقان ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر خاس ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1993 ـ يىلى، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى مېنىڭ «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر» ماۋزۇلۇق توپلىمىمنى نەشىر قىلىپ بەردى. يىگىرمە ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالەمدىن تەشكىل تاپقان بۇ توپلىمىمغا ئۇستازىم خەمىت تۆمۈر ئۆز قولى بىلەن «كىرىش سۆز ئورنىدا» يېزىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇرەئوپ پولات چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى خېلى پۇختا ئىگىلىگەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇش بىلەن بىللە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدا قىزىقارلىق ۋە ئەھمىيەتلىك ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا ئاكتىپ پائالىيەت كۆرسىتىۋاتقان ھەم بۇ ساھەدە تېز ئۆسۈۋاتقان تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى.»، «ئابدۇرەئوپ پولاتنىڭ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بويىچە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەرنىڭ كۆپچىلىكىگە ياندىشىدۇ. ئاپتور خېلى كۆپ مەسىلىلەردە ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، دادىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ يېڭى، دەسلەپ قەدەمدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. گەرچە بۇ كۆز قاراشلارنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقى ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىش بۇ جەھەتلەردىكى تەتقىقاتنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا باغلىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ كۆز قاراشلارنىڭ مول ماتېرىيال ۋە مۇۋاپىق تەھلىللەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنىڭ ئۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىدا سۆزسىز ئىجابىي رول ئوينايدۇ. بۇ ماقالىلارنىڭ ئىلمىي قىممىتىمۇ ئەنە شۇ ئاۋۋال

دەل مۇشۇ يەردە.» (ئىلىندى: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر» 1 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 ـ يىل، بېيجىڭ)

دېمەكچىكى، مېنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشىم ۋە تەتقىقاتىم ئەنە شۇنداق بىلمەسلىكتىن بىلىشكە، ئاز بىلىشتىن مول ۋە مۇكەممەل بىلىشكە قاراپ، كۈچ ئۇلاپ ئۆگىنىش ۋە ئىز بېسىپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، تەدرىجىي ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىگەن ۋە ئىلىم ئەھلى ئېتىراپ قىلغان بۈگۈنكى سەۋىيەنى ھاسىل قىلغان بولدى. ئېسىمدە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشكە دەسلەپ كىرىشكەن چېغىمدا، ئۇستاز تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەممىسى «چاغاتاي تىلى» دەپ ئۇنى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىپ يازىدىكەن. مەن ئۇزۇن يىل ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاشۇنداق بىر ئۇيغۇر بولمىغان زاتنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغىنى ئۇچۇن ناقايىللىق ياكى مەسخىرە ئۇقۇمى چىقىپ تۇرىدىغان مەزكۇر قوش تىرناقنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىلمىغا ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دېگەن ئاتالغۇنى قوللىنىش تەكلىپىنى مەخسۇس ئىلمىي ماقالە بىلەن ئوتتۇرىغا قويدۇم. (قاراڭ: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 ـ يىللىق 3 ـ سان: «‹چاغاتاي تىلى›دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا») ئۇزايىدىن زىخمۇ كۆيمىگەن، كاۋاپمۇ كۆيمىگەن بۇ ئاتالغۇ كۆنىمىزدە، ئىلىم ئەھلى تەرىپىدىن ئاساسەن قوبۇل قىلىندى.

ئىلمىدە مۇئەييەن ئىگىزلىكنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئېرىشكىنىگە شۈكرى ـ قانائەت قىلىپ بىر ئىزدا توختاپ قېلىش، كونا دەسمىنى يەپ يېتىۋېرىش ھەر قانداق بىر ئىلىم خادىمى ئۈچۈن، ماقۇل ھەرىكەت ۋە ئىلمىي ئىپادە ھېسابلانمايدۇ. سەۋىيەدە يېتىكلىكنى، ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئىجادىي تەرەققىياتنى قوغلىشىش ھەقىقىي تەتقىقاتچىنىڭ يۈكسەك ئارزۇسىدۇر. مەن 1986 ـ يىلى، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» ماۋزۇلۇق خاس ئەسەرنى ئۇستاز خەمىت تۆمۈر ئەپەندىم بىلەن شېرىك ئىلان قىلدۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئۇن

سەككىز يىل نايات ئۆمرۈمنى سەرپ قىلىپ، مەزكۇر ساھەدە بىر قەدەمدىن بىر ئىز چىقىرىپ ئەستايىدىل ئىشلىدىم، ئۆزلۈكسىز ئىزدەندىم. ئاخىردا، شۇ جاپالىق ئىزدىنىشلىرىمنىڭ ھاسىلى بولغان «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان»نى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ شاپائىتىدە، 2004 - يىل نەشر قىلدۇرۇپ، ئىلىم ساھەسىنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇم. يەنە شۇ ئاساستا، ئۆزۈلدۈرمەي تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىرىشكەن ۋەزنىلىك ئەسىرىم «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى» 2007 - يىل يەنە بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل قائىدىسى ھەققىدە خاس ئەسەر يوقلۇق ھالىتىگە خاتىمە بېرىلدى. مېنىڭ بۇ ئەمگىكىمنىڭ قەدرىگە يەتكەنلەردىن بىرى ئوبزۇر يېزىپ مۇنداق دەيدۇ:«ئۇستاز تەكلىماكانىي ئەپەندىم ھەمىشە بىزگە: ‹مەلۇمكى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - يېزىقى دېگىنىمىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىن بايان - ئىپادە شەكلىدىن تارتىپ، يېزىق شەكلىگە قەدەر ھەر قايسى تەرەپلەردىن روشەن ئالاھىدىلىكلەر بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، ئاشۇ پەرقلەرنى ئېنىق ۋە قايىل قىلارلىق قىلىپ چۈشەندۈرۈش پەقەت ئۇنىڭ ئەسلىي يېزىق شەكلى بىلەن بىللە بولغاندىلا، ئاندىن ۋايىغا يەتكەن بولىدۇ› دەيتتى. ئۇستازىمىز ئۆزىنىڭ ‹چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى› ناملىق بۇ كىتابىدا، ئېغىزىدا دېگىنىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، بايان قىلىنىۋاتقان ھەر بىر قائىدىگە تالىق مىساللار ئۈچۈن، ‹بابۇرنامە›، ‹تارىخى ھەمىدىي› قاتارلىق مەشھۇر ۋە ئىناۋەتلىك كلاسسىك قولىيازما ئەسەرلەردىن مول ئۆرنەكلەرنى بەرگەن. مېنىڭچە، بۇ ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن بېرىلگەن مىساللار مەزكۇر خاس ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتىنىمۇ، ماتېرىيال قىممىتىنىمۇ ھەسسىلەپ ئاشۇرغان. ئۈمىد شۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ داۋامى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسى بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تىل قائىدىسىنى تەپسىلىي شەرھلىگەن ‹چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى› ناملىق بۇ خاس ئەسەر ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي ئەپەندىمنىڭ مۇندىن بۇرۇن ئېلان قىلغان باشقا ژىرىك ئەسەرلىرىگە

ئوخشاشلا، ئۇيغۇر كلاسسك تىلى ۋە تېكستشۇناسلىقى تەتقىقاتىنىڭ يېڭى سەۋىيىسىنى يارىتىش يولىدا، ئىلىم ئەھلىگە يېتەرلىك بەھرە بېرىپ، ئۆزىنىڭ يىگانە قىممىتى بىلەن ئېپتىخارلىنارلىق بىر ئابىدە ئەسەر بولۇپ قالغۇسى!» (ئېلىنىدى: ئوبزۇرلار توپلىمى ‹سالام، تەكلىماكاني!›دىن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىش ئالدىدا)

## ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكستلىرى تەتقىقاتىدا پىداكارلىق

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى دېگىنىمىز، ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە، ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان، مىلادىيە 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، مۇقام ئۇستازى، خانىش ئامانىنىسا خانىم ۋە قەدىرخان ياركەندىي قاتارلىقلار تەرىپىدىن رەتلەپ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن ئون ئىككى يۈرۈش يارقىن مۇزىكا ۋە ئۇنىڭغا جۆر قىلىنغان ئۈچ مىڭ بەش يۈز مىسراغا يېقىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى گۈزەل تېكستلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك بىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەزىنىسىگە ئېيتىلىدۇ.

بىراق، تا ھازىرغىچە خېلى بىر بۆلەك زىيالىيلىرىمىز «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دېسە، «گۈزەل ئاھاڭ ـ مۇزىكا» دەپلا چۈشىنىدۇ ۋە چۈشەندۈرىدۇ. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ كېسىۋەتكىلى ۋە تاشلىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر قانىتى بولغان مۇقام تېكستلىرىنى بولسا، ھەمىشە نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ. يەنە بىرسى، ھەتتا مۇھەررىرلەرمۇ «ئون ئىككى مۇقام» دېسىلا، جۈملىنىڭ ھەر قانداق يېرىدە ۋە نېمە ئۇقۇم بىلەن كېلىشىدىن قەتئىينەزەر «ئون ئىككى مۇقام»دىن، «ئون ئىككى مۇقام»نى، «ئون ئىككى مۇقام»غا... قىلىپ، دائىم قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىپ قويىدۇ. «نېمىشقا مۇنداق قىلىسىلەر؟ بۇ ئاتالمىش ‹ئون ئىككى مۇقام› دېگىنىڭلارمۇ ياكى مەسخىرە قىلغىنىڭلارمۇ؟» دەپ سورالسا، «پالانى كىتابتا شۇنداق يېزىپتىكەن، ياكى پۇستانى لۇغەتتە شۇنداق يېزىلغانىكەن، بىزمۇ شۇنداق قىلدۇق» دېگەندىن باشقا زاكۇن

كۆرسىتەلمەيدۇ. بۇ ھال ئۆز زامانىسىدا، «چاغاتاي تىلى» دېگەننى ھەمىشە ۋە ھەممە يەردە قوش تىرناققا ئېلىپ ئىشلەتكەن بىلەن ئوپئوخشاش. بۇ ھال كەم دېگەندىمۇ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستىلوگىيەسى بويىچە تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بۇ توغرىدىكى ئاممىۋى ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇشنىڭ زۆرۈرىيەتىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئەلۋەتتە.

يەنە دېسەك، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقاتى مۇقام تېكىستلىرى تەتقىقاتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن يۈتۈنلىشىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ. ئەمدى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى تەتقىقاتى بولسا، پەقەت ۋە پەقەت ئۇنىڭ ئاشۇ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسلي شەكلى بىلەن تەتقىق قىلىنغاندىلا، ئاندىن ۋايىغا يېتىدۇ!

مەن ئوتتۇز يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر سەرپ قىلىپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ھاسىل قىلغان مۇشۇ چۈشەنچەم بىلەن، 1986 - يىلدىن 2004 - يىلغىچە ئون سەككىز يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قوليازما نۇسخىلىرىنى تېپىپ كۆچۈرۈپ توپلىدىم ۋە ئۇنى مۆھتەرەم رەھبىرىمىز تۆمۈر داۋامەت ئاكا باش تەھرىرلىكىدە ھازىرلىنىپ، 1997 - يىلى، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دېگەن كىتابتىكى ئوقۇلغۇ (ترانسكرىپسىيە) بىلەن بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ چىقتىم. ئاخىردا، «ئەسلي يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى» ناملىق كىتابنى تۈزۈپ، 2005 - يىلى 6 - ئايدا، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ ياردىمى بىلەن نەشر قىلدۇردۇم. ئارقىدىن، يەنە ئۈزۈلدۈرمەي جەڭ قىلىپ،«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئاز كەم بىر مىليون خەتلىك بىر خاس ئەسەر يېزىپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ خېرىدارلىقى بىلەن، 2009 - يىل 5 - ئايدا نەشر قىلدۇردۇم. بۇ ژىرىك ئەسىرىم ھەقلىق قىممەت ۋە ئېتىبار

قازىنىپ، شۇ يىللىق «گېرمانىيە فرانكفورد دۇنيا كىتابلار كۆرگەزمىسى»گە قويۇلۇش شەرىپىگە نائىل بولدىكى، بۇنىڭ ئۈچۈن بەك سۆيۈندۈم!

## ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكىدە ھەسسىدارلىق

يۇقىرىقى بابلاردا گېزى كېلىپ قەيت قىلغىنىمدەك، مەن ئالىي مەكتەپنى تەرجىمانلىق كەسپىدە ئوقۇپ پۈتتۈرگەنمەن. ئۇ ۋاقىتتا، بىزنىڭ «تەرجىمە نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى» دەرسىمىزنى جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى باجىننىڭ مەشھۇر رومانى «ئائىلە»نى، چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن «روبىنسوننىڭ سەرگەردانلىقى»نى، شۇنداقلا، «دوگسونروي» قاتارلىق كىنو تېكىستلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ئاتاقلىق تەرجىمىشۇناس ئۇستازىمىز خەمىت تۆمۈر سۆزلەيتتى. كەسىپ ئەھلىدىن، كەسىپ ئەھلى پېشىۋالىرىدىن دەرس ئېلىش ئادەمگە تەڭداشسىز راھەت بېغىشلايدۇ. مەن ئۇ ۋاقىتتا تەرجىمە دەرسىنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ ئاڭلايتتىم، ھەر سائەتلىك دەرستىن بېھىساب بەھرە ئالغاندەك بولاتتىم.

تەرجىمە كەسپى بويىچە ئوقۇپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆگەنگەنلىرىمنى ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكىنىڭ رېئال ئەھۋالىغا تەدبىقلاپ، تەرجىمە نەزەرىيەسى تەتقىقاتى ۋە تەرجىمە ئەمەلىيىتى بويىچە، ئۆزۈم ئەھمىيەتلىك دەپ قارىغان بەزى ئەمگەكلەرنى قىلدىم ۋە ئۇلارنى كەسىپ ئەھلى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇم:

نەزەرىيە تەتقىقاتى بويىچە قىلغان غوللۇق ئەمگىكىم «ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكىدە نەزەرىيە تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق ئون بەش مىڭ خەتلىك ئىلمىي ماقالەم بولدى. مەزكۇر ماقالە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. مەن مەزكۇر ماقالىدا، خەنزۇچە ئىدىئوم ۋە ماقال تەمسىللەرنى

ئەينەن خەت تەرجىمىسى قىلماي، ئۇيغۇرچىدا مەۋجۇد ئىبدىئوم ۋە ماقال ـ تەمسىللەرگە كىيدۈرۈپلا قويىدىغان ئادەتنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، «تەرجىمىدە ئەسلەن تەرجىمىنى ئاساس، مەنەن تەرجىمىنى قوشۇمچە قىلىش»، «تەرجىمىنى ئىجادىي ئەمگەك ئەمەس، بەلكى ئامانەت ئەمگەك بىلىش» دېگەن پرىنسىپاللىق يېڭى كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. مېنىڭ بۇ قارىشىم تەرجىمانلار ۋە تەرجىمە ھەۋەسكارلىرى ئىچىدە، مۇلاھىزە، مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە قوزغىغان ۋە بەزى ئوبزۇر ماقالىلار ئېلان قىلىنغانمۇ بولدى.

ئاندىن، تەرجىمە ئەمەلىيەتتى بويىچە قىلغان دەسلەپكى زېرىك ئەمگەكلىرىمدىن بىرى لىۋانلىق مەشھۇر خرىستىيانىي ئەرەب يازغۇچى مىخائىل نۇئەيمەنىڭ ھېكايىلار توپلىمى بولدى. مەزكۇر ھېكايىلار توپلىمى ئەسلىدە، ئاپتورنىڭ «مىخائىل نۇئەيمە ئەسەرلىرى» (ئەرەبچە) نىڭ ئىككىنچى تومىغا كىرگۈزۈلگەن «ئۆتكەن ئىشلار»، «يوغان پاقالچاق»، «زومگەر» ماۋزۇلۇق ئۈچ ھېكايىلەر توپلىمىدىن تاللاپ، 1981 ـ يىل 9 ـ ئايدا، «چەتئەل ئەدەبىياتى» نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچىغا 《怒艾曼短片小说选》 (نۇئەيمە ھېكايىلىرىدىن تاللانمىلار) دەپ تەرجىمە قىلىنغانىكەن. مەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا، مەزكۇر توپلامنىڭ ئىچىدىكى «ئەنگۈشتەر» دېگەن ھېكايىنى كىتاب ماۋزۇسى قىلىپ ئالغان بولدۇم. نۇئەيمەنىڭ لىۋان ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، شۇنداقلا قويۇق ئىنسانپەرۋەرلىك، مەردانىلىق، ئەمگەك سۆيەرلىك روھى تەرغىب قىلىنغان «يوغان پاقالچاق»، «تۇغماس»، «كاككۇك سائەت»، «كاتتىلار»، «تاش چوقۇغۇچى ئادەم»، «يولۇچى مېھمان»، «سوۋغات»، «بىر قاپ سەرەڭگە»، «ئىشەكنىڭ قۇيرۇقى»، «ئالماس تويى»، «باكلاۋرلىق شاھادەتنامىسى»، «ياندۇرقى يىلى»، «ئەڭگۈشتەر»، «بەگ جانابلىرى»، «ھەسەل ئۈچۈن ئۆلگەن قىز» قاتارلىق ساق يىگىرمە پارچە مەشھۇر ھېكايىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ توپلىمى 1984 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

تەرپىدىن نەشىر قىلىنغانىدى.

ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكىنىم بىلەن، دادام رەھمىتى ئۆز زامانىسىنىڭ جىددىيچى (يېڭىلىق تەرەپدارلىرى) ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان زىيالىي ئادەم بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئائىلە تەربىيىمىز ئارقىسىدا، مۇسۇلمانلىق تۇپ قائىدىلىرى ئىلمى جەھەتتە، چېكىت چاقىدىغان تەرپىمىز يوق، پاكىز ئەقىدىلىك چوڭ بولغانىمىز. شۇڭا، ئىمكانلار يار بەرگەن ئەھۋالدا، ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ئالىق ئەسەرلەر تەتقىقاتى ۋە تەرجىمىسى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كەلدىم. مۇشۇ ساھەدىكى ژىرىكرەك ئەمگەكلىرىم دېسەم، «بەيتۇللاھنىڭ تارىخى» بىلەن «قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن ئەممە پارە تەپسىرى»نى مىسال قىلغۇم كېلىدۇ.

«بەيتۇللاھنىڭ تارىخى» لىۋانلىق ئىلىم ئادىمى، دوكتور ئەلىي ھەسەن خەربۇتەلىي تەرپىدىن دوكتورا تېزى (يەنى دوكتورلۇق ئۇنۋان ئىلمىي ئەسىرى) قىلىپ يېزىلغان ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرىدۇر. ئاپتور ئەلىي ھەسەن خەربۇتەلىي بۇ كىتابىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلە (ناماز قاتارلىق مۇقەددەس پائالىيەتلەردە يۈزلىنىدان جاي)سى بولغان كەئبەتۇللاھنىڭ تارىخىنى يالغۇز ئىسلام رىۋايەتلىرى بويىچىلا ئەمەس، بەلكى يەنە شەرق ۋە غەرب ئالىملىرى توپلىغان ۋە ئاساسلىغان تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ شاھىتلىقى ۋە ئىسپاتلىقىدا بايان قىلىپ يازغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز زامانىسىدا يۈكسەك شۆھرەت ۋە ئېتىبار قازانغان. مېنىڭ بۇ تەرجىمە ئەسىرىم 1994 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرپىدىن نەشىر قىلىنغاندىن بۇيان، ئارقا ـ ئارقىدىن ئالتە قېتىم قايتا بېسىلىپ، بېسىلىش قېتىم سانى ۋە تىراژى ئەڭ كۆپ بولغان تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە.

«قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن ئەممە پارە تەپسىرى» ئۇيغۇر تەپسىرشۇناسلىق ئىلمىنىڭ سەردارلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدىغان مۇھەممەد زەرىف قارىھاجى 1926 ـ يىلى كاشغەردە يازغان تەپسىر كىتابى. مەن بۇ كىتابنى تۈركىيەدە

دوكتور ئۇنۋانى ئۇچۇن ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، 1999 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاز كەم ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئەنقەرە شەھرىنىڭ جەبەجى رايونىدىكى فىدان (كۆچەت) كوچىسى 22 ـ نومۇرلۇق قورۇدىكى ياتىقىمدا تەرجىمە قىلغان. ئەسەرنىڭ تەھرىرلىكتىن ئۆتكەن تۇنجى باسما ئورىگىنالىنى 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئىستانبۇلدا ئۆزۈم قۇرمۇ ـ قۇر كۆرۈپ، كوررېكتورلۇق قىلغان. تەخمىنەن ئالتە يۈز مىڭ خەتلىك بولغان بۇ زېرىك ئەسەر سەئۇدىي ئەرەبىستانلىق پۇلدار ئابدۇلغەفۇر ئەمىن كاشغەرىينىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن، 2003 ـ يىلى، جىددە شەھرىدە نەشر قىلىنغان. مەن بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتى ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ ئەسەر يېزىشقا تېخى چىقىنىپ بولالمىدىم. شاگىرتلىرىمغا كۆپ قېتىم تەۋسىيە قىلدىم. ھېلىھەم دەيمەن: مەزكۇر تەپسىر كىتابىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىققان ھەر قانداق ئادەم ئىسلام دىنىنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنىڭ قالاق ۋە مۇتەئەسسىپ ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئەزەلدىن تارتىپ، ئىلىم ئۆگىنىشكە، پەن ـ تېخنىكا، ھۈنەر ـ سەنئەت ئۆگىنىشكە، ئەمگەك بىلەن، ئىجاد بىلەن ئاكتىپ ياشاشقا دەۋەت قىلغان ۋە يېتەكلىگەن نۇرغۇن ئىلغار تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ ـ بىلىپ ئالالايدۇ؛ ئەسلىدە، دىن قالاق ئەمەس، ئىنسان قالاق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ.

## تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتى مەيدانىدا مەسئۇلىيەتچانلىق

مېنىڭ ئىلمىي ئەمگەك مەيدانىم ئەسلىدە، ئەدەبىيات ساھەسى بولغانلىقىنى مېنى يېقىندىن تونۇيدىغان قېرىنداشلىرىمنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. مېنىڭ «مەن پامىر مالچىسى» دېگەن شېئىرىم «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1977 ـ يىللىق 8 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان بولسا، مەشھۇر ھېكايەم «كور خېرىدار» يەنە شۇ «تارىم»نىڭ 1980 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. مەزكۇر «كور خېرىدار»نى مەغا شۇ يىلى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ ئۆزىدە، ««كور خېرىدار»نى

ئوقۇغاندىن كېيىن» دېگەن ئوبزورمو ئېلان قىلىنغان. شۇ يىللاردا، «ئىلى دەرياسى» ئېلان قىلىپ بەرگەم ھېكايەم «قولاق» تىكى پىكىرلەر نۇرغۇن مۇھەررىر ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭۈل قويۇشىغا ياققانىدى. خەيرىيەت، ئارىلىقتا، ئىلمىي تەتقىقات دېگىزىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپ، بەدىئىي توقۇلمىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋاقىت ئاجرىتالماي قالدىم. ئەمما، گىنىمدا بار يېزىش خۇمارى ۋە ئىقتىدارى مېنى ھامان يېزىقچىلىق مەيدانىدا ئات چاپتۇرۇشقا ئۈندەپلا تۇرغىنى راست. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىغا تالىق «ئەبگا ئۇيغۇر» ۋە ««مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين›دىن ‹مەئارىفۇل لۇغەتەين› غىچە - ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى سېلىشتۇرما تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە» ماۋزۇلۇق ئىككى پارچە پىكىر ئويغاتقۇچى خاس ئەسەرلىرىمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولغانلىقىمۇ ئەمەلىيەتتۇر.

بۇ يەردە، مەزكۇر ئىككى پارچە ئەسىرىم ۋە ئۇلارنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئۆزۈم ئوبزور يېزىپ كەتسەم تازا توغرا بولماس. ئەمما، پىكرىم يادروسىنى مۇنداق بىر بايان بىلەن ئوچۇقلاپ قوياي: مېنىڭ يۇرتۇم كاشغەر شەھىرىدىكى خەلق مەيدانى بىلەن تەنتەربىيە يولى ئوتتۇرىسىدا، بىر كۆچۈم بوستانلىق بار. بۇ بوستانلىق ئەسلىدە، ئەتراپى رىشاتكىلىق قورۇما تام بىلەن ئىھاتىلەنگەن، بىلەت سېتىۋالغاندا ئاندىن كىرگىلى بولىدىغان خەلق باغچىسى ئىدى. كۈنىمىزدە، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رىشاتكا، ئىھاتە تاملار ئېلىپ تاشلىنىپ، تۆرت تەرەپتىن ھەممىشە ئوچۇق تۇرىدىغان، خاھلىغانلار خاھىش قىلغان چاغلىرىدا كىرىپ سەير قىلسا بولىدىغان سالقىن - سايە ئارامگاھ بولدى. «كاشغەرنىڭ ئۆپكىسى» دېيىشمۇ بولىدىغان بۇ بوستانلىق ئۆز قوينىدىكى مۇئەييەن ئارىلىق قويۇپ قېزىلغان كۆللىرى، ئەتراپ - ئارىلىقلىرىدىكى سۇ ئۆكسىمەيدىغان كىچىك ئېرىقچىلىرى ۋە رەتلىك دەرەخ ۋە گۈل - گىياھلىرى بىلەن ھېلىھەم ئۇيغۇر باغ - باغچە قۇرۇلۇشى ئالاھىدىلىكىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ. يۇقىرىلاردا دېگىنىمدەك، يازلىق تەتىلدە قەشقەرگە كېلىمەن، مەزكۇر

بوستانلىقنىڭ جەنۇبىي لېۋىگە دېگۈدەك جايلاشقان تەنتەربىيە يولىدىكى ئۆيىمىزگە چۈشىمەن؛ ئەتىگەن - ئاخشىمى مەزكۇر بوستانلىقنىڭ ئىچىنى ئارىلاپ ئىستىراھەت قىلىپ يۈرىمەن. شۇڭا بۇ بوستانلىق ماڭا بەك تونۇش: غەرب تەرىپىدىكى تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا مۇشۇ شەھەرنىڭ ئاھالىلىرى تەنتەربىيە ئويۇنلىرى ئوينايدۇ. ئوتتۇرا قىسمىدىكى تۆرت چاسىلاپ بۆلەكلەرگە ئايرىلغان دەرەخزارلىقلاردا بولسا، توپ - توپ ئادەملەر، كۆپىنچىسى ئون يەتتە ياشتىن ئوتتۇز بەش ياشقىچە بولغان كۈچكە تولغان ئەمگەك كۈچلىرى ئىنسانلار ئەتىگەندىن كەچكىچە قەرت ئوينايدۇ. بۇ قەرتچىلەرنىڭ سانى بەزى چاغلاردا، بەش - ئالتە مىڭغا يېتىدۇ پەمىچە. جەنۇب تەرىپىدىكى كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى چىملىقلاردا بولسا، يىراق سەھرادىن، ھەتتا ناھىيىلەردىن كەلگەن مۇساپىرلار، ئاققۇنلار، يېتىم – يېسىرلەر ئوخشىمىغان يۇرت تەلەپپۇزىدا پاراڭداشقاچ، سۇنايلىنىپ يېتىشىدۇ؛ بەزىلىرى ئۇخلايدۇ - يا، كۈنۈم - كۈنۈم ئۇخلايدۇ. مەن نامرات دۆلەت مىسىردىمۇ ۋە ئورتاھال مەملىكەت تۈركىيەدىمۇ ئەڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغىچە بېرىپ، كۆرۈپ، تەكشۈرۈپ باققانمەنكى، بىزنىڭكىدەك مۇشۇنداق بىر نەچچە مىڭ ئادەم توپلۇشۇپ ئولتۇرۇپ، كۈننى ئاشۇنداق قەرت ئويناش ۋە ئاشۇنداق ئۇخلاش بىلەن ئۆتكۈزگىنىنى مۇتلەق كۆرۈلمەيدۇ ئەسلا! ئەمدى، مەن يۈرۈكۈمدىكىنى دېسەم، ئاشۇ ھارغان يېرىدە ئۇخلاپ، بېشى قايغان، پۈتى تايغانچە ئېقىپ يۈرىدىغان قېرىنداشلىرىمدىن يىركىنگىم، سەسكىنگىم مۇتلەق كەلمەيدۇ. دەل ئەكسىچە، دىلىمنىڭ ئاللىقانداق بىر چوڭقۇر يېرىدىن چىقىۋاتقان سۆيۈك مېنى مەزكۇر ئۆز قېرىنداشلىرىمنىڭ رېئال رەپىرەپ ئەھۋالىنى، كىرىمسىز تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىپ، زاماننىڭ نورمال ھايات رېتىمىغا ماسلىشىپ ياشايدىغان بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ قولىدىن كەلگەن دەرىجىدە ياردەمدە بولۇشۇمغا ئۈندەيدۇ. دېمەكچىمەنكى، مەيلى «ئەبگا ئۇيغۇر» بولسۇن ۋە مەيلى قوش تىل مائارىپى توغرىسىدىكى كېيىنكى خاس ئەسىرىم بولسۇن، مۇشۇنداق تەبىئىي تۇيغۇمدىن خۇددى ئۆزى كەلگەن تىترەكتەك تەبىئىي ئۇرغۇپ چىققان ۋىجدانىي نىدا، خالاس!

## مېنىڭ ئەمگىكىمنى قەدىرلىگەن ژۇرنالىستلارغا – ھەمئەمگەكلىرىمگە ئېگىلىپ سالام!

مەن نەشرىياتچى - ژۇرنالىستلارنى يازغۇچىلار بىلەن ئوخشاش تارازىدا قويۇپ ھۆرمەتلەيمەن. بولۇپمۇ، مۇنداق بىر كەچۈرمىشكە ساھىب ۋە شاھىد بولغىنىمدىن كېيىن، تېخىمۇ شۇنداق تۇيغۇ ئىگىسى بولدۇم. ھېكايەت: يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمدەك، مەرھۇم ئۇستازىمىز خەمىت تۆمۈر ئىككىمىز 1976 - يىل 10 - ئايدىن باشلاپ، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ناملىق بىر لۇغەتنى تۈزۈشكە كىرىشتۇق. سۆز ماددىسى (□ □) مەنبەسى مەملىكەت ئىچىدە نەشر قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك كىتاب - ژۇرناللاردىن باشقا، مەملىكەت سىرتىدا شۇ چاغقىچە نەشر قىلىنغان تۈرلۈك تىللاردىكى مۇناسىۋەتلىك لۇغەت ۋە كىتابلار بولغاچ، ئۇلارنى بىردىن - بىردىن تېرىپ كاپىيە قىلىش مېنىڭ زىممەمدە بولدى. ئۇ چاغدا، كومپيۇتېر تېخى بىزنىڭ ئىستېمالىمىزغا كىرمىگەن، يېزىش، كۆچۈرۈش پەقەتلا ئەمگەكچان قولىمىز بىلەن بېجىرىلەتتى. يەنە ئۇ زاماندا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ساھەسىدە، لاتىن ھەرپلىك ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى قوللىنىلاتتى. مىڭبىر تەسلىكتە كاپىيەن قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرسام، يېڭى يېزىق ئەمەلدىن قېلىپ، يەنە ئەرەب ھەرپلىك قەدىناس ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدىغانغا پەرمان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، مەزكۇر لۇغەتنىڭ يېڭى يېزىقلىق كاپىيەلىرىنى بىكار قىلىپ، ئۇلارنى ئەرەب ھەرپىدىكى كونا يېزىقلىق كاپىيەنگە ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلدى. شۇ چاغدىكى مۆلچەرىمىزچە ئەللىك مىڭ سۆزلۈك بولغان لۇغەتنى مانا شۇنداق تەكرارلانما ئەمگەكلەر بىلەن ئاخىرى كاپىيەلەشتۈرۈپ بولدۇق. ئاندىن، ئۇنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىپ، ئۆلچەملىك ئاق ئورىگىنال قەغىزىگە كۆچۈردۇق. ئىملالىق، چىرايلىق يېزىشنى تەلەپ قىلىدىغان بۇ ئەمگەككە پىدائىي بولۇپ قاتناشقانلاردىن كۈنىمىزدە، يازغۇچى ئەنۋەرھاجى مۇھەممەد ۋە رېژىسسور تاھىر ھامۇتلار ئاشۇ كەچۈرمىشلىرىمىزگە شاھىد بولۇپ تۇرۇپتۇ.

خەيرىيەت! مۇشەققەتنى شاراپەت بىلىپ ئىشلەپ ساق ئون بەش يىلدا مەزكۇر «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى» ناملىق لۇغەتنىڭ ئۆلچەملىك ئورىگىنالىنى تەييارلاپ پۈتكۈزدۇق. 1992 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئۇنى مەلۇم بىر نەشرىياتقا ئاپىرىپ تاپشۇردۇم. تاپشۇرۇپ ئالغۇچى مەسئۇل كىشى كۈلەر يۈزلۈك، قىزغىن مۇئامىلىلىك ئىدى. ئاللاھەزەل يەنە بىر يىل ئۆتكەندە، ئاتمىش ياشلىق ئۇستاز خەمىت تۆمۈر ئەپەندىم مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇئاۋىن مەكتەپ باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئانا يۇرتقا قايتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتىدە ئىشلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇستازىمىز ئۈچۈن، قىيماسلىق تۇيغۇسى ئىچىدە، ئۇزىتىش پائالىيەتلىرى قىلدۇق. شۇ ئەسنادا، مەزكۇر لۇغىتىمىزنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھېلىقى مەسئۇل كىشى مېنى چاقىرتىپتۇ. ئىشخانىسىغا كىرسەم، ئۇ يوغان بىر پارتىلاتقۇچ دورىسىدەك مەھكەم بۇقۇچلاپ چىگىلگەن، ھېچبىر قول تەككۈزۈلگەنلىكىدىن ئىز - ئەسەر يوق لۇغەت ئورىگىنالىمىزنى دوقۇسلاتقان ھالدا، قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە:

- «كۆتۈر بۇ لۇغىتىڭنى، ئاداش! بۇ خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرەئۇپ پولات نەشرىياتى ئەمەس، خەلق ئامىسىنىڭ نەشرىياتى. نەچچە كىتابلىرىڭنى چىقىرىپ بەردۇق، كۇپايە شۇ! ماۋۇ بىر نېمەڭلىنى ئەمدى، باشقا نەشرىياتقا ئاپىرىپ چىقىرىشۇال!»

نەشرىياتچىنىڭ دېگەنلىرى يالغانمۇ ئەمەس ئىدى. راست، بۇ چاغقىچە بىر نەچچە پارچە كىتابىمىزنى نەشر قىلىپ بەرگەنىدى. ئەمما، بۇ ئەمگىكىمىزنىڭ ھالال، شۇ چاغلارنىڭ ئۆزىدە تولىمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىمۇ ئەمەلىيەت ئىدى. شۇڭا، نەشرىياتچىنى بىردەم «ئەپەندىم» دېسەم، بىردەم «ئاكا» دەپ، ئىلتىماسىمىزنى تەكرار - تەكرار قەيت قىلىپ، يالۋۇردۇم گويا. ئۈنۈم بەرمىدى. ئىلاجسىز، لۇغەت ئورىگىنالىمىزنى قايتۇرۇپ كېلىپ، خەمىت ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە كىردىم. بولغان ۋەقەنى ئەينەن دوكلات قىلدىم. ئەپەندىم

«سەيپىدىن» تاماكىسىدىن ئاچچىق قىلىپ يۇگەپ، بىر تال چەكتى.

- زىيالىيلار قوشۇنىمىزنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنچىلىك، - دېدى ئۇ ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن، - نېمە دەيمىز ئەمدى؟ بوپتۇ، ئورۇمچىگە ئاپىرىپ، ئۇ يەردىكى نەشرىياتلارغا تەگلەپ باقاي.

شۇنداق قىلىپ، لۇغىتىمىز باش تۈزگۈچى خەمىت تۆمۈر ئەپەندىمگە ھەمراھ بولۇپ، ئورۇمچىگە كەتتى. قىسمەت، لۇغىتىمىزنىڭ ئورۇمچىدىكى كەچۈرمىشلىرى قولايىراق ۋە ئوڭايراق بولغان بولسا كىمنىڭ دەردى - ھە؟! سىلەردىن ھېچكىممۇ ئويلاپ باقمىغان بولغىيدى، ئى، ئوقۇرمەنلىرىم! مەزكۇر لۇغىتىمىز يەنە ساق توققۇز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاشۇ مەن تونۇش يۈگەك، ئاشۇ مەن تونۇش شوينا - تاناپلار بىلەن چىگىلگەن پېتى بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى. 2002 - يىلى يازدا، بېيجىڭدىكى پەرزەنتلىرىنى يوقلاپ كەلگەن ئۇستازىمىز خەمىت تۆمۈر ئەپەندىم مەزكۇر لۇغەتنى قايتىدىن قولۇمغا تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

«قايتىپ بېرىپلا ئورۇمچىدىكى بىر نەشرىياتقا تاپشۇردۇم. ئۇ يەردە، ئىككى يىل تۇردى. ئارقىدىن، يەنە بىر نەشرىياتقا تاپشۇردۇم، ئۇ يەردە، تاكى مەن تىل - يېزىق كومىتېتىدىن پېنسىيەگە چىققىچە تۇردى. بىر كۈنى چاقىرتىپتۇ، بارسام، مەسئۇل نەشرىياتچى:

- لۇغىتىڭىز يامان ئەمەس ئىكەن، - دېدى ئۇ ئېرەڭسىزلىك بىلەن - ئەمما، ھەجمى بەك چوڭ ئىكەن. بۇنىڭغا بىز پۇل چىقىرىپ بولالمىغۇدەكمىز. مېنىڭچە، سىز يەنىلا بۇ لۇغىتىڭىزنى ئاشۇ ئۆمۈر تېرىگىزنى تۆككەن كۆلى (口里 ئىچكىرى ئۆلكە) رىگىزغا ئاپىرىپ، شۇ يەردە چىقىرىۋالسىڭىز بولغىدەك، مەرھەمەت!

شۇنداق دېگىنىچە لۇغەتنى قولۇمغا كۆتۈرتۈپ قويدى، قاراڭ. يەنە سىزگە ئەكەلدىم...» ئۇستازىم بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى.

بۇ ھېكايەتنى مۇشۇ يەردە ئۈزۈپ قويۇپ تۇراي. ئەمدى، سەن زادى نېمە دېمەكچى، دېسەڭلەر. «خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبىللىقىڭ نە كېرەك» دېگەندەك، ھەر قانچە دۇردانە ئەسەر يېزىۋەتسەڭمۇ ژۇرنالىست ئاكاڭ خېرىدار بولمىسا، ساڭا شاپائەت قىلمىسا، ئەسىرىڭ تەسلىكتە، ئۆزۈڭ بولساڭ، نەسلىكتە قېلىۋېرىدىكەنسەن!

شۇڭلاشقا، 2004 - يىلدىن 2011 - يىلغىچە بولغان قىسقىغىنە يەتتە يىل ئىچىدە، مېنىڭ «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان» (2004 - يىل)، «ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى» (2005 - يىل)، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى» (2007 - يىل) ۋە «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى» (2011 - يىل) بولۇپ، تۆرت توم ئازغىنە كەم ئىككى مىليون خەتلىك ئەسىرىمنى نەشىر قىلىپ بەرگەن بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياقۇپ مۇھەممەتروزى ئەپەندى، مۇئاۋىنلىرى قەيسەر قۇربان ئەپەندى ۋە ئەخمەتجان ھوشۇر ئەپەندى، شۇنداقلا مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى ئەركىن قادىر ئەپەندىلەرگە ئىگىلىپ سالام بىلەن چىن يۈرىكىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن! ئۇلار مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى نەشىر قىلىپ بەرگەنلەرلا ئەمەس، بەلكى يەنە سەمىمي كۆڭلى بىلەن، لىللاھ مەيداندا تۇرۇپ، مېنىڭ ئەسەرلىرىمگە خالىس باھا بەرگەن، ئىلمىي ئوبزور قىلغانلاردۇر؛ مېنىڭ ئەسەرلىرىمنىڭ پۇچەك مال ئەمەس، ئەكسىچە ئىلىم سورۇنغا ئېلىپ چىقىش قىممىتى بار جىڭ مال ئىكەنلىكىنى ئەڭ بۇرۇن پەرق ئەتكەنلەر، مېنىڭ ئەسەرلىرىمنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئىلىم سەھنىسىگە ئېلىپ چىققان جەۋاھىرشۇناسلاردۇر. مەزكۇر ئەسەرلەرنى نەشىر قىلىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ماڭا بەرگەن قىممەتلىك پىكىرلىرى، كۆرسەتمىلىرى ۋە ئىلھاملىرى مېنىڭ ئۇ ئەسەرلەرنى ئىمكان بار ئەھمىيەتلىك، ۋەزنىلىك ۋە قىممەتلىك قىلىپ يېزىپ چىقالىشىمغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئۇلارنىڭ تۇجۇپىلەپ تەھرىرلىشى، كۆڭۈل

قويۇپ زىننەتلىشى گەرچە ئۇ كىتابلىرىمنىڭ ئادەتتىكى كىتاب بازىرىدا ئانچە بازارلىقى بولمىسىمۇ، ئەمما ئالىملار ۋە ئىلمىي ئورگانلار كىتاب جاھازلىرىدا باھالىق ئەسەر بولۇشىغا تۈرتكە بولدى.

ئاندىن، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان، مېنىڭ «ھەق ۋە ھوقۇق مەرىپىتى ئۇيغۇر مەۋجۇدلۇقى ۋە تەرەققىياتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئۇل تېشى» قاتارلىق ئەھمىيەتلىك پوپېلىر ماقاللىرىم، «تاشنى چاينىغىلى بولمىسا، سۆيۈش كېرەك» قاتارلىق ئىلمىي سۆھبەتلىرىم ۋە «مېنىڭ كاشغەرىي يىلىم» ۋە «ھىجرەت ۋە نۇسرەت» قاتارلىق چاتما ئەدەبىي خاتىرىلىرىم مۇبارەك ژۇرنال «جۇڭگو مىللەتلىرى»نىڭ گۈل سەھىپىسى ئارقىلىق، ئۇزاقتىكى مېنىڭ كۆڭۈل ئېتىزىمغا ۋە ئەتراپتىكى ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ دىل باغچىلىرىگە ئۈزۈلمەس خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيى بولۇپ قۇيۇلۇپ كەلدى. بۇ مۇناسىبەت بىلەن، مەزكۇر ژۇرنالنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى ئىدرىس بارات شامىئابىي ئەپەندىگە نۆۋەتتىكى باش مۇھەررىرى تۇرۇپ بارات ئەپەندىگە ۋە دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى تالانتلىق شائىر، ئىقتىدارلىق ژۇرنالىست تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم يىلتىز ئەپەندىگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن! بولۇپمۇ، تۇرغۇن يىلتىز ئەپەندىنىڭ «مېنىڭ كاشغەرىي يىلىم»نى مەھمۇد كاشغەرىي يىلى خەلقىمىزنىڭ ئەس - خاتىرىسىدە تېخى تۈنۈگۈنكىلا ئىش بولغان ئاشۇ 2009 - يىلىنىڭ ئۆزىدىلا، ھەر سانىغا بۆلۈپ، بىر تۇتاش ئېلان قىلىپ بەرگەن جاسارىتى ۋە مەزكۇر ئەسىرىمدىكى بىر شېئىرنىڭ تەھرىرلىكى توغرىسىدا، ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى ئاشكارا مۇنازىرە شەكلى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشتىكى ماھارىتى مەندە تولىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، تەكرار رەھمەت ئېيتىمەن!

مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئادەمنىڭ ئەڭ سېغىنىدىغىنى يۇرت، ئەڭ زارىقىدىغىنى يۇرتنىڭ مېۋىسى بولىدۇكى، ئانا يۇرتىمىزدا چىقىۋاتقان ئەزىز ئۇيغۇر تىلىدىكى ژۇرناللار بىز ھىجرەت تۇرمۇشىدىكىلەر ئەڭ زارىقىپ

كۆتىدىغان مەنىۋى مېۋىلەر ھېسابلىنىدۇ. قايسىمىزغا يۇرتتا چىقىدىغان ژۇرنالدىن بىرسى كەلسە، يەنە بىرىمىزگە سوۋغا قىلىنغان ژۇرنالدىن بىرسى كەلسە، يەنە بىرىمىزگە سۆيۈنچە بىلەن كۆرستىشكە ئالدىرايمىز. ئۇنىڭ سەھىپىسىدە كۆرۈلگەن ماقالىلەرنى مۇزاكىرە نۇقتىسى قىلىپ، ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا مۇلاھىزە قىلىشىپ كېتىمىز. ئەگەر ناۋادا شۇ قاتاردا، سېنىڭمۇ بىرەر پارچە ئەسىرىڭ ژۇرناللارنىڭ بىرىدە يۈز كۆرستىپ قالدىمۇ ـ بولدى، شۇ كۈنىلا دوستلىرىڭنى شادلىق بەزمەڭگە چىللايسەن، بەختىيارلىق تۇيغۇڭ ئىچىدە، ئۇلارنى سائادەتمەنلىكىڭ بىلەن مېھمان قىلىسەن. يىللار مابەينىدە، ئەمگەكلىرىمنى قەدىرلەپ ئۆز قوينىغا ئېلىپ، مېنى سائادەتمەن قىلىپ كەلگەن ژۇرناللارنىڭ بېشىدا، مۇبارەك «جۇڭگو مىللەتلىرى» تۇرىدۇ.

ئاندىن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 80 ـ يىللاردىن باشلاپلا، ئىزچىل ھالدا مېنىڭ ئەمگەكلىرىمگە مېھرى بىلەن قاراپ كەلگەن ئورگاندۇر. مەزكۇر نەشرىيات 1986 ـ يىلى، مەرھۇم بىلىم ئادىمى توختى ئابىخان ئەپەندىمنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە نەشر قىلغان «چاغاتاي تىلى» ناملىق كىتابىمىز ئۇيغۇر دۇنياسىدا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلىكلىرىنى باشلامچى بولۇپ تارقاتقان تۇنجى خاس ئەسەر بولغان. 1995 ـ يىلى، ئابلىمىت ئوسمان ئەپەندىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى» بولسا، شۇ يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي كىتابلارنى باھالاشتا، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ 1996 ـ يىلى، بېيجىڭ شەھىرى بويىچە، ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىلمىي خاس ئەسەر مۇكاپاتىغا؛ 1997 ـ يىلى، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى كىتابلارنى باھالاشتا، ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ ھەممىمىزنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلغانىدى. بۇ يىل 2011 ـ يىلى، مەن مەزكۇر نەشرىياتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مېغىزلىق بايان» ماۋزۇلۇق تەخمىنەن يەتتە يۈز مىڭ خەتلىك بىر ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرى ھازىرلاپ، نەشرگە تاپشۇردۇم. پۈتۈممىز بويىچە بولغاندا، مەزكۇر ئەسەر 2012 ـ يىلىنىڭ

بىرىنچى پەسىلدىلا ئوقۇرمەنلىرىم بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى.

يەنە بىر قۇتلۇق خەۋەر، مەرھۇم ئۇستازىمىز خەمىت تۆمۈر ئەپەندى بىلەن ئىككىمىز تۈزگەن ۋە ئوتتۇز يىلدىن بېرى سەرگەردانلىق قىلىپ يۈرگەن ھېلىقى «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ئاخىرى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمى مەسئۇللىرى ياقۇپ مۇھەممەتروزى، قەيسەر قۇربان ۋە ئەخمەتجان ھوشۇر ئەپەندىلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز زىممىسىگە ئېلىشى ئارقىسىدا، مەزكۇر نەشرىياتنىڭ نەشر پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، پۈتۈملەر تۈزۈلدى ۋە شۇ ئان جىددىللەپ تەھرىرلەنمەكتە.

ئاندىن، مېنىڭ مۇنازىرىلىك ئەسەرلىرىم «ئەبگا ئۇيغۇر» بىلەن ««مۇھاكەمۇتۇل لۇغەتەين›دىن ‹مەئارىفۇل لۇغەتەين› غىچە - ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى سېلىشتۇرما تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە»نى ئانا يۇرت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمغا تونۇشتۇرۇپ بەرگەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى چوڭ يۈرەك قۇربان مامۇت ئەپەندى ۋە مەسئۇل مۇھەررىرى ھەمپىكىرىم رىسالەت مۇھەممەت خانىملار ئەبەدىي ئەس - خاتىرىمدەدۇر. مېنىڭ «مەجبۇرىيەتتىن ئۆزنى قاچۇرماسلىق، مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا دۆڭگىمەسلىك، رېئاللىقتىن بىھۇدە قاقشىماسلىق، مەۋجۇد قانۇن - تۈزۈم ۋە تۈرلۈك سىياسەتلەردىن جانلىق پايدىلىنىپ، جاسارەت بىلەن ئاكتىپ ياشاش، ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئانا تىل باش بولغان مىللىي كىملىك ۋە ئانا مەدەنىيەتنى قەتئىي قوغداش، ئىلىم - مەرىپەت ئارقىلىق، ئۆزىمىزدىكى قالاقلىق رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش» ئىدىيەم ئۇلارنىڭ ھوزۇرىدا، ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن چۈشىنىش، ھېسداشلىق قىلىش ۋە قوللاش شەرىپىگە ئېرىشكەنلىكىدىن ئۆمۈرۋايەت مەمنۇنمەن!

ئەمدى،نېمە دەي؟ 1976 - يىلدىن ھېسابلىغاندا، قېرىنداشلىرىم بىلگەن بۇ ئىلمىي تەتقىقات سەۋداسى قازىنىدا قايناۋاتقىمغا ئوتتۇز ئالتە يىل بولۇپتۇ. ئوتتۇز ئالتە يىل دېگەن پۈتكۈل تارىخنىڭ ئومۇمىي ئېقىنىدا، قولدىن بىر

قارس چىقارغانچىلىك ۋاقىت دېيىلىدۇ. ئەمما بىر كونكرېت ئىنسان ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆمۈرنىڭ هاياتىي كۈچكە ئىگە قىسمىنىڭ هەممىسى شۇ گويا. دېمەكچىكى، ئىلمىنىڭ ئۆمرى بەك ئۇزۇن، بەلكى چەكسىزدۇر؛ ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ قوينى بولسا، ناهايىتىمۇ كەڭ، بەلكى بىپاياندۇر. هالبۇكى، ئىلىمگە ئۆزىنى بېغىشلىغان، پەننىڭ تەرەققىياتىغا ئۆزىنى ئاتىغان بىر ئىنساننىڭ ئەمگىكى ـ ئۇ ئەمگەكنىڭ نېقەدەر چوڭ ياكى نېقەدەر كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ـ ئۇنىڭ ئەهلى جامائىتى تەرىپىدىن هەقلىق يۇسۇندا قەدىرلەنسە، تېگىشلىك پىچىمدە ئەزىزلەنسە، ئۇ هالدا مەزكۇر ئاڭلىق ئەمگەكچى چىن دىلىدىن سۆيۈنىدۇ ۋە ئۇز ئۆمرىدىن رازىيمەن بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

شۇڭا، بۇ بابنىڭ خۇللەس كالامى ۋە ئاچقۇچلۇق سۆزلىرى دەپ مۇنداق يازغۇم كېلىدۇ: هالال ئەمگەكلىرىم بىلەن ئۆزۈم مەمنۇن، يۈزۈم يورۇق؛ ئۆمرۈم ئۇتۇقلۇقكى، هەمئەمگەكلىرىم بولغاچ خالىس ۋە ئۇلۇغ!

2011 ـ يىل 20 ـ ئاۋغۇست، شەنبە. شەهرى كاشغەر.

## ئونىنچى باب

# ئەۋلادلار، ھىجرەت قىلىڭلار، ئۇچۇڭلار!

### ھىجرەتتە جەزمەن بار نۇسرەت، ئۇنى قۇچۇڭلار!

دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئاشقانسېرى، مائارىپقا بولغان سېلىنمىسى يىلدىن يىلغا ئېشىۋاتقانلىقى تۈرلۈك پائال ئەمەلىيەتلەر بىلەن ئىسپاتلىنىپ، زىيالىيلار ئاممىسىنى مەمنۇن قىلماقتا. ئالايلۇق، مائارىپ مىنىستىرلىكى قارمىقىدا، «چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇش فوندى» (留学基金) بەرپا قىلىنىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆز كەسپلىرىنى مەملىكەت ئىچىدىكى ئۆزى قوبۇل قىلىنغان ئالىي مەكتەپتىن باشقا، شۇ كەسىپ بويىچە ئوقۇتۇشنىڭ ئەلالىقى بىلەن داڭق چىقارغان چەتئەللەردىكى مەشھۇر ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇشىنىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاش ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مەملىكەت بويىچە، دۆلەتنىڭ «985 پىلانى»دىن بەھرىمەن بولۇش سالاھىيىتىنى قازانغان بىردىنبىر ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي بىلىم يۇرتى بولغاچ، بۇ مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىدىن تارتىپ، ماگىستىرانت ـ دوكتورانتلىرىغىچە، بۇ قوللاشتىن بەھرىلىنىۋاتقىنىغا بەش ـ ئالتە يىل بولۇپ قالدى. شۇ شاراپەت بىلەن، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىمۇ، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەلاچىلىرىنى، ماگىستىرانت ـ دوكتورانتلارنىڭ ھەر قاندىقىنى ئىلتىماس

قىلىسلا، ئۇيغۇرشۇناسلىق، تۈركىي تىلشۇناسلىق ۋە ئالتايشۇناسلىق پەنلىرى بويىچە، ئىلمىي تەتقىقاتتا ئالدىن كەتكەن گېرمانىيە، تۈركىيە، شىۋېتسىيە ۋە شىۋېتسارىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ئەۋەتىپ، ئىز باسارلارنىڭ كەسپىي جەھەتتە خەلقئارالىق سورۇنلارغا يارىغىدەك بولۇپ يېتىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە.

ئۇندىن باشقا، دۆلەت ئالىي مائارىپ سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، ئېچىۋېتىش ـ ئىسلاھات سىياسىتىنى ئالىي مائارىپ ساھەسىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلماقتا. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ھەر قايسى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەردە، ھەر قايسى كەسىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك كەسپىي سەۋىيەسىنى زامان تەلەپ قىلىۋاتقان چەكتە ئەلالاشتۇرۇش ئۈچۈن، پروفېسسورلارنىڭ دۇنيا ئىلىم سەھنىلىرىدە ئۆز ئىقتىدارىنى نامايەن قىلالايدىغان بولۇشى تەلەپ قىلىنماقتا ۋە مۇشۇنداق تەلەپكە ئۇيغۇنلىشىش مۇددىئاسىدا قىلىنىدىغان ئىلىم زىيارەتلىرىگە يېتەرلىك ئىقتىسادىي قوللاش بىلەن رىغبەتلەندۈرۈلمەكتە.

بىلىشىمچە، بۇ تۈردىكى ئىلىم زىيارەتلىرى ئومۇمەن قىلغاندا، مۇنداق ئۈچ خىل يۇسۇندا ئەمەلىيلەشمەكتە: بىرسى، چەتئەللەردە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قىزغىن ئىشتىراك قىلىش ۋە ئۇ يىغىنلاردا ئىلمىي ماقالە ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ ئىلىم سەۋىيەسىنى خەلقئارالىق سورۇندا نامايەن قىلىش؛ ئىككىنچىسى، تەكلىپ بىلەن، چەتئەللەردىكى ئىلىم ئوچاقلىرى ـ ئالىي مەكتەپ ۋە تەتقىقات ئورگانلىرىدا دەرس ئۆتۈش ـ ئىلىم سۆزلەش؛ ئۈچىنچىسى بولسا، چەتئەلدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپ ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان ۋە ھەمكارلاشما ئىلمىي تەتقىقاتلىرىغا قاتنىشىۋاتقان شاگىرتلارنى يوقلاش، ھال سوراش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈش. شۇ ئارقىلىق، ماگىستىرانت ـ دوكتورانت بولغان تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەقىقىي دەرىجىدىكى يۇقىرى سەۋىيە

بىلەن ئوقۇش پۇتتۇرۇشكە كاپالەتلىك قىلىش.

دېمەك، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش شۇئارى ئاستىدىكى بۇ زامانىمىزنىڭ مائارىپى ئوقۇغۇچىغىمۇ، ئوقۇتقۇچىغىمۇ ئوخشاشلا ئىلمىي ھىجرەت قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ تۇرۇپتۇكى، پەقەت تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە ھالال ئىشلەپ سالاھىيەت قازانساقلا، ئۇ ئىمكانلاردىن بىزمۇ بەھرىلىنەلەيدىكەنمىز.

## ئىستانبۇلدا ئىلىم زىيارىتى

مەكتەپ تەشكىللىنىڭ قوللىشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى ئارقىسىدا، مەن 2011 - يىل 17 - دېكابىردىن 31 - دېكابىرغىچە، ئىستانبۇلدا ئىلىم زىيارىتىدە بولۇش پۇرسىتىگە مۇشەررەپ بولدۇم. مېنىڭ بۇ زىيارىتىم يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچىنچى تۈرگە ياتىدىغان زىيارەت، يەنى چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان شاگىرتلارنى يوقلاش، ھال سوراش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش تەتقىقات ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش زىيارىتى ئىدى.

- 12 ئاينىڭ - 16 كۈنى، كەچ سائەت بېيجىڭ ۋاقتى 11:55 دە، تۈرك ھاۋا قاتناش لىنىيىسى «بوئىن 777» تىپلىق TK 0021 نۆۋەتچى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، ئىستانبۇل تامان ئۇچتۇق - يا بىسمىللاھىررەھمانىر رەھىيم!

ئايروپىلاننىڭ خەۋەر ئېكرانىدا، بېيجىڭ بىلەن ئىستانبۇلنىڭ ئارىلىقى 7082 كىلومېتىر بولۇپ، ھاۋادا ئۇچۇش ۋاقتى توققۇز سائەت قىرىق بەش مىنۇت بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئومۇمىي مەلۇماتتىن باشقا، ئايروپىلاننىڭ شۇ ئاندىكى ئۇچۇش ئېگىزلىكى، تېزلىكى، بېيجىڭدىن ئۇچقانغا قانچىلىك بولغانلىقى ۋە ئىستانبۇلغا بېرىشقا قانچىلىك ۋاقىت قالغانلىقى قاتارلىق كونكرېت مەلۇماتلار قەرەللىك ھالدا، ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. دىققەت قىلسام، ئايروپىلان دەسلەپكى ئىككى سائەت ئەتراپىدا، 9144مېتىردا ئۇچتى، ئاندىن كېيىن

بىر مەزگىل 9763 مېتىردا ئۇچتى. كېيىن، 10763 مېتىر ئېگىزلىكتە سائىتىگە 1045 كىلومېتىر تېزلىكتە ئۇچتى. ئايروپىلاننى تۈرك ئۇچقۇچىلارلا ھەيدىسە دەپ ئارمان قىلىمەن-بۇلار شۇ قەدەر سىلىق ھەيدەيدۇكى، ئىنساننى ھەقىقەتەن راھەت ئىچىدە ھوزۇرلاندۇرىدۇ...

ئىستانبۇل ۋاقتى بىلەن، 17 - دېكابىر سەھەر سائەت تۆرتتىن ئون بەش مىنۇت ئۆتكەندە، ئايروپىلانىمىز سالامەت ھالدا، ئىستانبۇل ئاتا تۈرك خەلقئارا ئايرودۇرۇمىغا قوندى ۋە ئەلھەمدۇلىللاھ! 17 - 18 - دېكابىر (شەنبە - يەكشەنبە) تۈركىيەدىمۇ دەم ئېلىش كۈنلىرى بولغاچ، مەنمۇ ئارام ئالدىم. 19 - دېكابىر (دۈشەنبە) كۈنى ئىلمىي زىيارىتىمنى رەسمىي باشلىدىم.

## مۇستافا كاچالىن ئەپەندىنىڭ ھوزۇرىدا

پروفېسسور، دوكتور، دوكتورانت يېتەكچىسى مۇستافا كاچالىن ئەپەندى تۈركىيە ئىستانبۇل مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاتا تۈرك مائارىپ ئىنستىتۇتى تۈرك تىلى مائارىپى فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى. 2011 - يىل 3 - ئايدىن 7 - ئايغىچە، تەكلىپلىك چەتئەل ئالىمى سۈپىتىدە، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدە ئىلمىي سۆزلىگەن. شۇ چاغدا، بىز تەشكىلىنىڭ ئىجازىتى بىلەن، مەن يېتەكلەۋاتقان 2010 - يىللىق دوكتورانتلىرىم مايىسگۈل ھۆسەيىن بىلەن ئايشەمگۈل ئېلىنى بىرلىكتە تەربىيەلەش پۈتۈمى تۈزۈشكەن ئىدۇق. پۈتۈمگە ئاساسەن، مەزكۇر دوكتورانتلىرىم 2011 - يىلى 10 - ئايدا مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتىگە كەلگەن بولۇپ، شۇ تاپتا، «چاغاتاي تۈركچىسى ۋەسىقەشۇناسلىقى دەرسى» قاتارلىق دەرسلەر بويىچە، مۇستافا مۇئەللىمدە ئوقۇۋاتاتتى. بۇ قېتىم مەن مۇشۇ ئالىمنىڭ تەكلىپى بىلەن، ئىلمىي زىيارەتكە كەلگەن ئىدىم.

پروفېسسور، دوكتور، دوكتورانت يېتەكچىسى مۇستافا كاچالىن ئەپەندى

تۆركىلوگىيە دۇنياسىدا تونۇلغان بىلەنمۇ نەتىجىلىرى تەتقىقات نەۋائىيشۇناسلىق ئالىمدۇر. 16 - ئەسىر كلاسسىكلىرىمىزدىن نىيازىي ئىشلىگەن «ئەلىشىر نەۋائىي تىلى لۇغىتى» (ئەللۇغەتۇن نەۋائىيىيە ۋەل ئىستىشھادۇل چاغاتائىيىيە)نى ئۇ ئون ئىككى يىل سەرپ قىلىپ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىسىدا، ھازىرقى زامان تۈركچىسى بويىچە ئىشلىگەن 1432 بەتلىك ژىرىك ئەسەر«Nevaînin Sözleri Ve Çagatayca Tanıklar» (چاغاتايچە ئەسەرلەردىن دەلىللەنگەن نەۋائىي تىلى) 2011 - يىل، تۈركىيە ئاتا تۈرك مەدەنىيەت، تىل ۋە تارىخ ئالىي ئورگىنى قارمىقىدىكى تىل - يېزىق كومىتېتى تەرىپىدىن نۇقتىلىق تەتقىقات ئەسىرى قىلىپ نەشر قىلىنغان. شاگىرتلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق ئەمەلىيەتچان ۋە ئىشلەمچى ئالىمدىن خاس دەرس ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشى ئۇلارنىڭ بىلىم سەۋىيەسىنى شەكسىز يۈكسەلدۈرەتتى.

مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىيەدىكى ئالدىنقى ئون مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىرى سانىلىدىغان ئالىي بىلىم يۇرتى. ئۇ 1883 - يىلى قۇرۇلغان «ھەمىدىيە تىجارەت ئالىي مەكتىپى» (Hamidiye Ticaret Mekteb - i Âlisi) ئاساسىدا راۋاجلىنىپ مۇكەممەللىشىپ، 1982 - يىلى بۈگۈنكى «مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى» بولغان. ھازىر ئۇنىڭ قارمىقىدا، ئون بىر ئىنستىتۇت، توققۇز خاس پەنلەر ئالىي مەكتىپى (جۈەنكې)، ئوتتۇز ئىككى تەتقىقات ئورنى بولۇپ، ئەللىك بىر مىڭ ئوقۇغۇچى مائارىپ كۆرىدۇ. ئۇ يەنە، ئۆز قارمىقىدىكى ئىقتىساد ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، تىبابەت ئىنستىتۇتى، بىناكارلىق ئىنستىتۇتى ۋە دورىگەرلىك ۋە چىش دوختۇرلۇقى ئىنستىتۇتى قاتارلىقلاردا تۆرت خىل تىلدا ئوقۇتۇش يۈرگۈزىدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن، تۈركىيەدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان كۆپ تىللىق ئۇنىۋېرسىتېت ھېسابلىنىدۇ. بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشلىقى پروفېسسور چېن لى ئەپەندى. ئۆتكەن يىلى ئۇنى زىيارەت قىلغان ۋە ئىككى ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورلىرى ھەمكارلىشىپ، ماگىستىرانت ۋە دوكتورانت تەربىيەلەش ھەققىدە پىكىر بىرلىكى

هاسىل قىلىشقانىدى. شۇ سەۋەبتىن، دۆلەت خىراجىتى بىلەن مارماراغا كېلىپ ئوقۇغان ۋە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلارنىڭلا سانى مۇشۇ بىر - ئىككى يىلنىڭ ئىچىدە ئونغا يەتكەنىدى.

مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىستانبۇلنىڭ ئاسىيا تەرىپىدىكى كادىكۆي رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، مۇستافا مۇئەللىملەر ئىشلەيدىغان ئاتا تۈرك مائارىپ ئىنىستىتۇتى بولسا، كادىكۆي رايونىنىڭ «گۆز تەپە» (كۆز تۆپە) مەھەللىسىدە ئىدى. مەن پروفېسسور، دوكتور، دوكتورانت يېتەكچىسى مۇستافا كاچالىن ئەپەندىنى 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دا، ئۆز ئىشخانىسىدا زىيارەت قىلدىم. ئۇنىڭ ئىشخانىسى چوڭ دەرۋازىدىن كىرىشكە كەڭ مەيداندا، بىر قاراشقا قانات كېرىپ ئۇچۇۋاتقان بۈركۈتكە ئوخشاش كۆرۈنىدىغان كۆركەم باش بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە بولۇپ، دېرىزىلىرى جەنۇبقا قارىتىپ ئېچىلغان، يورۇق ۋە ئازادە ئىدى. مۇستافا مۇئەللىم ئۆزىنىڭ كۈبرا ۋە فەدا ئىسىملىك ياردەمچى ۋە كاتىپلىرى بىلەن بىللە ئىكەن. قىزغىن كۆرۈشۈش ۋە هال - ئەھۋال سورۇشۇشلاردىن كېيىن، مۇستافا مۇئەللىم رەسمىي ماۋزۇغا كۆچۈپ، شاگىرتلىرىمىزنىڭ ئىككى ئايدىن بۇيانقى ئۆگىنىش –تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

- قىسقىسى، - دېدى ئۇ ئۆز تونۇشتۇرمىسىنى خۇلاسىلاپ شاگىرتلىرىڭىز ئەدەبلىك، ئەخلاقلىق، ئىلىم - مەرىپەتكە پىداكار، ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقى يۇقىرى، تاپشۇرۇقلارنى ئىشلىشى ئەستايىدىل، تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىرادىسى زور بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن مېنىمۇ سۆيۈندۈردى. ئەلۋەتتە، مېنىڭ بۇ يەردىكى يېتەكلىشىم ۋە دەرسلىرىمگە ئۇلارنىڭ قانداق پىكىرلىرى باركىن؟ بۇ ھەقتە، سىز بىلەن مۇڭداشقاندا ئىنكاس قىلىشى مۇمكىن. مەن بۇلارنىڭ بىزدىكى ئەۋزەل شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، بىلىم قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن، قولۇمدىن كېلىدىغان تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىشكە هازىرمەن.

ئارىلىقتا، مۇستافا مۇئەللىمنىڭ ياردەمچىسى فەدا ئەپەندى بىلەن كاتىپى كۈبرا خانىملارمۇ سۆز قىستۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مېنىڭ شاگىرتلىرىمغا بولغان تونۇشلىرىنى مەمنۇنىيەت ۋە رازىمەنلىك ئۇرغۇپ تۇرىدىغان پىكىرلىرى بىلەن بايان قىلىپ ئۆتتۈشتى.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، مەن شاگىرتلىرىم بىلەن كېلىپ، مۇستافا مۇئەللىمنى ئىشخانىسىدا تەكرار زىيارەت قىلدىم. شۈكرانلىرىمنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن، بىللە ئېلىپ كەلگەن «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى»، «ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» ۋە بۇ يىل يېڭىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى» ناملىق كىتابلىرىمنى مۇستافا مۇئەللىمگە تەقدىم قىلدىم. مۇستافا مۇئەللىم بۇنىڭغا جاۋابەن ئۆزىنىڭ تەييارلىشىدا يېقىندا نەشردىن چىققان مەزكۇر «Nevaînin Sözleri Ve Çagatayca Tanıklar» (چاغاتايچە ئەسەرلەردىن دەلىللەنگەن نەۋائىي تىلى) ناملىق كىتابدىن بىرنى ھەدىيە قىلدى. ئارقىدىن، ئۇ ياردەمچى ۋە كاتىپلىرى بىلەن بىزگە ھەمراھ بولۇپ چىقىپ، ئىنستىتۇت كۇتۇپخانىسى، فاكۇلتېت ماتېرىيال بۆلۈمى قاتارلىق بىلىم ئوچاقلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇردى. بۇ كۈنى ئىستانبۇلدا ھاۋا ئوچۇق، ئاسماندا ئالقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق ئىدى. بىز بىنالار ئارىلىقىدا، قەدەمدە بىر دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان سۈپسۈزۈك سۇلۇق پونتانلىق كۆلچەكلەر، ئەتراپى زەيتۇن دەرىخى قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە تۈرلۈك گۈل - چېچەكلەر بىلەن پۈركەنگەن بۇ باغ كەبى گۈزەل ۋە ساپ ھاۋالىق مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ ئىنستىتۇتى قوروسىنى ئىستىراھەت قەدىمىدە مېڭىپ، سەيلە قىلدۇق. فاكۇلتېت ئالدىدا، كۇتۇپخانا پەلەمپىيىدە ۋە ئېگىز خادىسىدا ھەمىشە ئاي - يۇلتۇزلۇق تۈرك قىزىل بايرىقى لەپىلدەپ تۇرىدىغان، يېنىدا مۇستافا كامال ئاتا تۈركنىڭ داھىيانە سالاپەت بىلەن ساپادا ئولتۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەن ھەيكەل

بار ئىنستىتۇت مەيدانىدا، بىرلىكتە خاتىرە سۈرەتلىرىگە چۈشتۇق.

## «ئانا يۇرت ئۇيغۇر ئاشخانىسى»دىكى راھەت

تۈركىيەنى «دۇنيانىڭ مۇزىيخانىسى» دېسە ھەرگىزمۇ لاپ ئاتقانلىق بولمايدۇ مېنىڭچە. دېمەكچىمەنكى، تۈركىيەدە نېمە كۆپ تارىخىي ئىز ـ ئەسەرلەر كۆپ. خۇسۇسەن، ئىستانبۇلدا تېخىمۇ شۇنداق. ئوقۇرمەنلىرىم بىلىدۇ، مەن تۈركىيەدە، يەنى ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن بەش يىل ئوقۇغان. بىراق، ئوقۇغۇچىلىق پېقىرلىقىدىن، بولۇپمۇ چەتئەلدە ئوقۇۋاتقان غېرىپ ـ غۇربەتچى ئوقۇغۇچىلىق پېقىرلىقىدىن، بەش يىل ئىچىدە ئىستانبۇلغا ھېيت ـ بايراملاردا، بىر قانچە قېتىم كەلگەن بولساممۇ، بۇ يەردىكى ئاسارى ئەتىقەلەر (تارىخىي كونا ئىزلار)نىڭ تولىسىنى تاۋاپ قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان ئىدىم. بۇ قېتىملىق ئون بەش كۈنلۈك ئىلىم زىيارىتى ئاشۇ نېسى قالغان ئارمانلارنى نەقلەشتۈرۈش پۇرسىتى بولدى گويا. شاگىرتلىرىم ۋە مۇستافا مۇئەللىملەر بىلەن بىللە، بوش ـ بىكار قالغان ۋاقىتلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلىپ، سۇلتان ئەھمەد جامەسى، سۇلايمانىيە جامەسى، ئايا سوفيا جامەسى ۋە مۇزىيى، توپ قاپى سارايى قاتارلىق زىيارەت نۇقتىلىرىنى ھوزۇرلىنىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. شاگىرتلىرىم بىلەن پۈتۈشۈپ، ئىسانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى بايازىت مەيدانىدا ئەتىگەن سائەت توققۇز يېرىمدا ئۇچراشتۇق. ئاندىن، ئۇ يەردىن چوڭ كوچىغا چىقىپ، كۈن پېتىش تامان پىيادە ماڭدۇق. شاھزادە جامەسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، فاتىھ مەيدانىغا باردۇق. ئۇ يەردىن فاتىھ جامەسى قورۇسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇ يەردىكى مەشھۇر «فاتىھ سۇلتان مەھمەت قەبرىگاھى» (Fatih Sultan Mehmet Türbesi) نى ئېھتىرام بىلەن زىيارەت قىلدۇق. قەبرىگاھنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ ئوڭ قول تەرەپتىكى تامدا، قەبرىگاھ ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات يېزىلغان: «فاتىھ

سۇلتان مەھمەت مىلادىيە 1432 - يىل 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئەدىرنەدە تۇغۇلغان، 1481 - يىل 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، 49 يېشىدا گەبزەدە ۋاپات بولغان. ئوسمانلىي ئىمپىراتورلۇقىنىڭ يەتتىنچى پادىشاھى بولغان مەزكۇر فاتىھ سۇلتان مەھمەتنىڭ دادىسى سۇلتان ئىككىنچى مۇرات، ئانىسى بولسا، ھۇما خانىمدۇر. فاتىھ سۇلتان مەھمەت 1451 - يىل ئون توققۇز يېشىدا تەختكە چىققان. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1453 - يىلى، ئىستانبۇلنى فەتىھ قىلىپ، ئوسمانلىي ئىمپىراتورلۇقىنىڭ يېپيېڭى بىر دەۋرىنى ئاچقاندۇر. ئۇنىڭ ئىستانبۇلنى فەتىھ قىلىشى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ: ‹ئىستانبۇل شەھىرى ئەلۋەتتە فەتىھ قىلىنىدۇ. شەك - شۈبھە يوقكى، ئۇنى فەتىھ قىلغان قوماندان نېقەدەر ئېسىل قوماندانىدۇر ۋە ئۇ سەردارلىق قىلغان قوشۇن نېقەدەر ئېسىل قوشۇندۇر - ھە!›دېگەن شارابەتلىك ھەدىس سۆزىنى شەرەپ بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرگەن زات بولۇش شەرىپى بىلەن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتىگە نائىل بولغاندۇر....» دەپ يېزىلغان ئىدى.

«ئىستانبۇلنىڭ ئاسمىنى بوۋاقنىڭ يۈزىگە ئوخشايدۇ» دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. فاتىھ جامەسى ۋە فاتىھ سۇلتان مەھمەت قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلىشقا كىرىشتىن بۇرۇن بىر چىرايلىق تۇرغان ئاسمان قەبرىگاھتىن چىقىپ قارىساق، پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، ھاۋا تۇتۇلۇپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا، چۈش مەزگىلى يېقىنلىشىپ قالغاچ، قورساقلىرىمىز ئېچىشقا باشلىغانىدى. كەلگەن يولىمىز بىلەن قايتىپ چوڭ كوچىغا چىققىنىمىزدا، يامغۇر يېغىپ كەتتى، دەرھال بىر ماگىزىنغا كىرىپ، يامغۇردىن پاناھلاندۇق. ئاسماننىڭ پەيلىدىن قارىغاندا، بۇ يامغۇر بىر دەمدە توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

- مۇئەللىم! بۇ كوچىنىڭ ئاۋۇ تەرىپىنى «ئاقساراي» دەيدۇ. «مۇشۇ ئەتراپتا بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسى بار» دەپ ئاڭلىغان ئىدىم، - دېدى شاگىرتلىرىمدىن بىرسى - مەن بۇ گەپنى دېگەن يۇرتدىشىمغا تېلېفون قىلىپ، يەنە بىر ئۇقۇشاي، شۇ ئاشخانىنى تېپىپ تاماق يەپ كەتمەيلىمۇ؟

بىلىشىمچە، بۇ «فاتىھ»، «ئاقساراي» دېگەنلەر ئىستانبۇل شەھىرىنىڭ مەركىزىي رايونلىرى ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، مۇشۇ يەرلەردىمۇ ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى بولۇپ كەتكەنلىكى ھەممىمىزنى سۆيۈندۈردى ۋە شۇ ھامان ئۆزگىچە تەلپۈندۈردى. بۇ ھالدا، نە يېغىۋاتقان يامغۇر توسالغۇ بىزنى، نە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان قاسىرغا (بوران) ياندۇرالىغاي رايىمىزنى. پاناھلىنىۋاتقان ماگىزىندىن قايتىپ چىقتۇق - دە، بارلىقى جەزملەشتۈرۈلگەن ئۇيغۇر ئاشخانىسى تامان پىيادە يۈرۈپ كەتتۇق.

چوڭ كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئاسما كۆۋرۈك بىلەن ئۆتۈپ، بىرىپ باقمىغان ئۇ ئاشخانىمىزنىڭ نەق ئورنىنى يول بويى ئۇ يەر – بۇ يەردىن سوراش دېگەندەكلەر بىلەن بولۇپ، يەنە 15 - 20 مىنۇتلار يۈرۈپ مەنزىلگاھىمىزنى ئاخىر تاپتۇق: ئۇ «ئاقساراي»دىكى چوڭ كوچىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان ئېگىز قەۋەتلىك «ئەندەر ماگىزىنى» (Ender Mağazaları) نىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بىر ئارا كوچىدا ئىكەن. ئورنى ئىككىنچى قەۋەتتە بولۇپ، شىمالغا قاراپ ئېچىلغان دېرىزىسىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان «ئانا يۇرت ئۇيغۇر ئاشخانىسى» دېگەن ئۇيغۇرچە - تۈركچە ۋىۋىسكا خېلى ئۇزاقتىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

سالام بىلەم ئاشخانا ئىچىگە كىردۇق. مۇلازىمەت پۇكىيىدىكى ئۇزۇن قارا ساقاللىق خوجايىنمۇ، تاماق توشۇپ، چاي قۇيۇپ يۈرگەن يارىشىملىق بۇرۇت قويغان خادىم يىگىتمۇ ئوخشاشلا «ئەلەيكۇم سالام» بىلەن بىزنى ئىللىق ئالدى ۋە خۇشچىراي بىلەن ئورۇن كۆرسەتتى. دىكابىرنىڭ ئاخىرى بولغان بۇ كۈنلەردە، بورانلىق يامغۇردا قالغان بىز مۇساپىر - غۇربەتچىلەرگە بەجايىكى ئۆز ئۆيىمىز تۇيۇلدى بۇ ئاشخانا ئىچى. ئاشخانا تاملىرىغا مەككە - مەدىنەلەردىكى مۇقەددەس جايلارنىڭ سۈرەتلىرىدىن باشقا، ئانا يۇرتتىكى قەشقەر، تۇرپانلاردىكى نامايەندە خاراكتېرلىك بىنا - قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈرەتلىرىمۇ ئېسىلغان ئىدى. ئىشكتىن كىرىشكە ئوڭ قول تەرەپتىكى تامغا يۆلەپ قويۇلغان بىر چوڭ

شـىكاپتا لـىق كىتـاپ تىۇراتتـى. شـىكاپنىڭ ئۈسـت قەۋىتىدىكـى ئەينـەك قاپقاقتا: «كىتاپلىرىمىـز ھەقسـىزدۇر. ئوقـۇپ پايدىلىنىـش ئۈچـۈن، ئېلىـپ كەتسـىڭىز بولىـدۇ» دېگـەن ئۇيغۇرچـە ـ تۈركچـە خـەت يېزىلغانىـدى.

چـۈش مەزگىللـى بولغـاچ، ئاشـخانا ئوندىـن يەتتـە ئۆلـۈش توشـاق ئىـدى. ئۇيغۇرچـە مۇلازىمـەت قائىدىسـى بويىچـە دەرھـال ئىسسـىق چـاي كەلتۈرۈلـدى. لەۋلىرىمىــز پىيالىغـا تەگـدى ـ يـۇ، ئانـا يـۇرت ھـەدى پـۇراپ تۇرىدىغـان چـاي بىلـەن كىرگـەن ئىللىقلىـق شـۇ ھامـان پۈتـۈن ۋۇجۇدىمىزنـى راھەتكـە چۆمـدۈردى....

## ئورتا كۆي دېڭىز ساھىلىدىكى ئەنجۈمەن

مېنىـڭ بـۇ قېتىملىـق ئىلىـم زىيارىتىمنىـڭ بىـر مۇددىئاسـى كـۆرۈش بىلـەن ئاڭلاشـنى ئورگانىـك بىرلەشـتۈرۈش، تۈركىيـەدە ئوقۇۋاتقـان ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئوقـۇش ـ ئۆگىنىـش تەسـىراتلىرىنى، پىكىـر ـ ئىنكاسـلىرىنى شـۇ جـاي، شـۇ مۇھىتنىـڭ ئۆزىـدە ئـاڭلاش، كۆرگـەن بىلـەن ئاڭلىغاننـى ئـۆز جايىـدا سېلىشـتۇرۇش، شـۇ ئارقىلىق، چەتئەلنىـڭ ئىلغار ئوقۇتۇش ئۇسـۇلىنى ئۆگىنىش ۋە تەربىيەلىنىۋاتقـان ئوقۇغۇچىلارنىـڭ مۇناسـىۋەتلىك ساھەگە تالىـق ئىلىـم سەۋىيەسـىنى ھەقىقىـي دەرىجىـدە يۇقىـرى كۆتۈرۈشـكە تۈرتكـە بولـۇش ئىـدى.

شـۇ مۇددىئـادا ئوقۇغۇچـى ـ شـاگىرتلار بىلـەن ئۇيۇشـتۇرۇلغان سـۆھبەت يىغىنـى (ئەنجۈمەنى)نـى 29 ـ دېكابىـر كۈنـى، ئىسـتانبۇل «بوغـاز ئىچـى كۆۋرۈكـى» يېنىدىكـى ئورتـا كـۆي دېڭىـز سـاھىلىدە ئەمەلىيلەشـتۈردۈم.

ئەتىگـەن سـائەت دەل ئونـدا، ئۆزۈمنىـڭ ئىككـى شـاگىرتى ۋە بىزنىـڭ فاكۇلتېتتىـن كەلگـەن باشـقا ئىككـى ئوقۇغۇچى ۋە مەن قوشـۇلۇپ بەشـىمىز ئورتا كـۆي دېڭىـز ساھىلىدىكى ئۈسـتى ئوچۇق كـەڭ كافېخانىغا يىغىلـدۇق ۋە ئۇنىڭ دېڭىـز بىلـەن لەۋلىشـىپ تۇرىدىغـان شـەرق تەرىپىدە سـورۇن تۈزۈپ ئولتـۇردۇق.

بۇ كۆنى ئىستانبۇلنىڭ ھاۋاسى يېرىم ئوچۇق بولۇپ، ئەتىگەنلىك قۇياش مارمارا دېڭىزىنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار ئارىسىدا، گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ يوشۇرۇنۇپ، موك - موكىلەك ئويناپ يۈرەتتى. بىزدىن ئالاھەزەل ئىككى يۈز مېتىر يىراق قىيپاش ئۈستىمىزدە، غەربتىن شەرققە سوزۇلغان ۋە تۈركىيە ئىستانبۇلنىڭ نامايەندە خاراكتېرلىك زامانىۋى ژىرىك قورۇلۇشى سۈپىتى بىلەن جاھانغا داڭقدار بولغان «ئىستانبۇل ئاسىيا - ياۋرۇپا بويىوك كۆۋرۈكى»، يەنى «ئىستانبۇل بوغاز ئىچى كۆۋرۈكى» گىگانت سالاپەت بىلەن بىزگە بېقىپ تۇراتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ياۋرۇپادىن ئاسىياغا ۋە ئاسىيادىن ياۋرۇپاغا قىتئە ئاتلاپ توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرغان مىنىبۇس، ئاپتوبۇس ۋە مېتروبۇسلار ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ ئالدىمىزدا بولسا، قۇياش نۇرىدا جىمىرلاپ تۇرغان مارمارا دېڭىزى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە، چوڭ - كىچىك پاساژىر كېمىلىرى ۋە يۈك پاراخوتلىرى كاپىتانلار ئۆزلىرى بىلىشىدىغان گۇدۇك تىلى بىلەن ئۆز ئارا مۇڭداشقان ھالدا، ئاي - يۇلتۇزلۇق تۈرك قىزىل بايرىقىنى لەپىلدىتىپ، ئۇ ياندىن بۇ يانغا ئۈزۈپ يۈرەتتى. بۇ مەنزىرىنى «بۆرىلەر ۋادىسى» قاتارلىق تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ۋە كىنولاردا كۆرگەنىدۇق. بۈگۈن شۇ قۇتلۇق مەنزىرىنىڭ ئىچىدە، ئۇنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ھالدا، ئىلىم ھىجرىتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ئولتۇرۇپتىمىز مانا....

سۆھبىتىمىز مۇشۇنداق گۈزەل مەنزىرە ئىچىدە، تولىمۇ راھەت ۋە ئەركىن كەيپىيات ئىچىدە بولدى. ئەينى شارائىتتىكى مۇھتىقا يارىشا بولغان پىكىر ئەركىنلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مەن بۇ يەردە، پىكىر قىلغۇچىلارنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلىماي، پەقەت بايانلىرىنىڭ ئۆزىنى يېزىپ قويغۇم كەلدى:

- تۈركىيەنىڭ ماڭا بەرگەن ئەڭ نەق تەسىراتى ئانا يۇرت تۇيغۇسى بولدى، مۇئەللىم، - دېدى بىر ساۋاقداش قولى بىلەن ئۆزىنىڭ چۆرە - ئەتراپلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ - مەن تۈركىيەگە كېلىپ، خۇددى شىنجاڭغا كېلىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. قارىماسىز مانا مۇشۇ چۆرىمىزگە، ئادەملەرنىڭ

ھەممىسى رۇخسار، قىلىق ـ قىياپەت ۋە يۈرۈش تۇرۇشلىرى بىلەن بەئەينى بىزنىڭ يۇرت ـ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئۆزى. شۇڭا، مەندە ھېچبىر چەتئەلگە چىققاندەك تۇيغۇ يوق. راست گەپنى قىلسام، مەن بۇ تۈركىيەگە كەلمەي، گېرمانىيەگە بارسام بوپتىكەن، دەپ قالدىم.

ـ توۋا، تەسىرات دېگەن شۇ قەدەر ئوخشىمايدىكەن. مېنىڭ تەسىراتىم بۇ دوستۇمنىڭكىنىڭ دەل ئەكسى، قاراڭ مۇئەللىم، ـ دېدى يەنە بىرەيلەن ھاياجان بىلەن ـ ماڭا تۈركىيەنىڭ بەرگەن تەسىراتى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بولدى. راست گېپىمنى دېسەم، بۇرۇن مەن ئۆزۈمگە مۇتلەق ئىشەنمەيتتىم، ئۆزۈمنى ئەڭ ئىقتىدارسىز ئىنسان ھېسابلايتتىم. ئۆزۈمگىلا ئەمەس، ھەتتا ئەتراپتىكىلىرىمنىڭ ھېچبىرسىگە ئىشەنمەيتتىم. ھەممەيلەننى ئىقتىدارسىز سانايتتىم. «بىز يا ماشىنا ياسىيالمىساق، يا ئايروپىلان ھەيدىيەلمىسەك، نېمە دېگەن ئىقتىدارسىزلىق، مىسكىنلىك بۇ ـ ھە؟» دەپ ئويلاپ، چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپلا يۈرەتتىم. ئەگەر بىراۋ: «مەن كەلگۈسىدە ئۇنداق ئېنژېنېر بولۇپ، مۇنداق نەرسىلەرنى ئىختىرا قىلىمەن» دېسە، «ۋاي، لاپچى» دەيتتىم، گېپىگە ھەرگىز چىنپۈتمەيتتىم. بىراق، بۈگۈنچۇ؟ مەن تۈركىيەگە كېلىپ، بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزۈمنى يېڭىباشتىن باشقا بىر ئادەم بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. قاراڭلار دوستلار، قىياش ئۈستىمىزدىكى. ئاشۇ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1560 مېتىر، كۆۋرۈكنى ئېسىپ كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى سۇنئىي چوققا ئارىسى 1073 مېتىر، كەڭلىكى 39 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى بولسا، 64 مېتىر كېلىدىغان ۋە دۇنيا بويىچە تۆرتىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان غايەت چوڭ ئاسما كۆۋرۈك «ئاسىيا ـ ياۋروپا بۈيۈك كۆۋرۈكى»نى مۇشۇ ئەتراپىمىزدا ئولتۇرغان بىزگە ئوپئوخشاش رۇخسارلىق تۈركلەر ئۆزى بىنا قىلىپتۇ ئەمەسمۇ؟ مەن ئاۋۇ بىزنىڭ مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتىمىزنىڭ يۇقىرىسىدىكى «كامال پاشا» مەھەللىسىدە ياسىلىۋاتقان ئېگىز قەۋەتلىك ئىش بىناسىنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆرۈپ، چىرتىيۇژ كۆتۈرۈپ

يۈرۈپ قۇرۇلۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقانلار بىلەن كۆرۈشۈپ ـ مۇڭدىشىپمۇ كەلدىمكى، لايىھەچىسىمۇ، قۇرۇلۇشچىسىمۇ ھەممىسى تۈركلەركەن! نېمە دېمەكچىسەن.دېسەڭلار، كۆرگەنلىرىمدىن، بىلگەنلىرىمدىن ئالغان نەق تەسىراتىم شۇكى، بىز ئۇيغۇرلارمۇ ئەسلىدە ھەر قانداق ئىشلارنى قىلالايدىكەنمىز، يەنى تىرىشىپ ئۆگەنسەك، پەن ـ تېخنىكا ئىگىلىسەكلا، ھەر قايسى ساھەلەردە، ماھارەت ۋە ئىقتىدارنىڭ ساھىبى بولالايدىكەنمىز بىزمۇ!

ـ بۇ يەردىكى ماگىستېر ۋە دوكتور ئاسپىرانتلىرنىڭ بىلىم دائىرىسى بىزدىن ھەقىقەتەن كەڭ ئىكەن، يازغان ۋە يېزىۋاتقان ئىلمىي ئۇنۋان ئەسەرلىرىنىڭ سەۋىيەسى ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىكەن، دېگەن تەسىراتتىمەن، ـ يەنە بىر ساۋاقداش قايىللىق تۇيغۇسى بىلەن مۇنۇلارنى بايان قىلدى ـ مەيلى كلاسسىك ئەسەرلەر تەتقىقاتىدا بولسۇن ۋە مەيلى ھازىرقى زامان ئەسەرلىرى تەتقىقاتىدا بولسۇن، تىل جەھەتتىنمۇ، ئەدەبىيلىك جەھەتتىنمۇ ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى زامان ئۈچۈن بولغان قىممىتى جەھەتتىن بولمىسۇن، ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، مۇكەممەل قىلىدىكەن. ماۋسۇملۇق نەتىجە ئۈچۈن يازىدىغان ماقالىلار ئۈچۈنمۇ بەك ئىزدىنىدىكەن، ماقالىلىرىنى جەزمەن نەشر قىلىش سەۋىيەسىگە يەتكۈزمىگىچە بولدى قىلمايدىكەن. بۇلارنىڭ ئىزدىنىش روھى، «ئەڭ ياخشىسىنى مەن قىلىمەن» دەيدىغان رىقابەت ئېڭى ۋە «قىلغىنىمىز ئەلگە مەنپەئەتلىك بولسۇن» دەيدىغان ئەمەلىيەتچانلىقى مېنى قايىل قىلدى زادى....

ئوقۇغۇچى ـ شاگىرتلار بۇ ئىلمىي سۆھبەتكە ھەقىقەتەن ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىشقان ئىكەن. بەزىلىرى ئۆز تەسىراتلىرىنى يېزىپ، رەسمىي دوكلات ماقالىسى قىلىپ كەلگەنىكەن، ئوتتۇرىدا ئوقۇدى. «چەتئەلدىكى ئەۋزەل شارائىت ۋە ئىمكانلاردىن پايدىلىنىپ، پۈتكۈل ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇپ ياخشى ئۆگىنىش، ئەڭ ياخشى نەتىجە بىلەن ۋەتەن، مىللەت ۋە مەكتەپ تەشكىلىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش» تەپەككۇرى يادرو قىلىنغان بۇ سۆھبەتتە، پىكىرلەر شۇ قەدەر سەممىي، مۇلاھىزىلەر شۇ قەدەر ئەمەلىي، نەق

ۋە قىممەتلىك ئىدى.

- «مېنىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن ئاتا سۆزى ھەقىقەتەن بەرھەق ئىكەن دەپ قالدىم، - دېدىمەن ئاخىردا شاگىرتلارنىڭ پىكىر - قاراش ۋە خۇلاسە ھۆكۈملىرىگە سەممىي قايىللىقىمنى بىلدۈرگەن ھالدا - ئىلىم ھىجرىتى سىلەرنى مەرىپەت بىلەن يېتىلدۈرۈۋېتىپتۇ، بىلىش ئۇپۇقۇڭلارنى تېخىمۇ كەڭەيتىۋېتىپتۇ، بۇنىڭدىن سۆيۈندۈم!...

سۆھبىتىمىز تاكى چىڭقى چۈشكىچە داۋاملاشتى. چۈشلۈك تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، ۋاپۇر (كۆمۈر يېقىلغۇلۇق سۇ ئۈستى قاتناش كېمىسى) غا ئولتۇرۇپ، ئىستانبۇلنىڭ يېگانە مەنزىرىسىنى دېڭىزدىن تاماشا قىلدۇق ۋە قۇياش غەربكە ساڭگىلىغان چاغدا، كادىكۆي ۋاپۇر بېكىتىدە چۈشۈپ، ئۇ يەردىن مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتىگە قايتىپ كەتتۇق.

بۇ كۈنى، مېنىڭ بۇ قېتىمقى ئىستانبۇل ئىلىم زىيارىتىمدىكى يەنە بىر ئەھمىيەتلىك ئۆگىنىش كۈنى بولۇپ، خاتىرەمدە مەھكەم قالدى.

## خاتىمە

ئىلىمگە تالىپ ئۆتكەن مۇھاجىرەتلىك ھاياتىمنى، ئوقۇش - ئۆگىنىش بىلەن، تەتقىقات ۋە تەھقىقات بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەچۈرگەن ياشام كۈنلىرىمنى شۇنچىلىك بايان قىلدىم. يەنە كونا گەپ: بۇلاردىن مەقسەت ھېچبىر سەنەم سېتىش، داۋىغازلىق قىلىش ئەمەس، غەرەز قىزىققانلار بىلەن مۇڭدىشىش، خاھلىغانلار بىلەن سىردىشىش، ئەۋلادلارغا تەجرىبە ۋە ساۋاقلار بويىچە ئۇچۇر يەتكۈزۈش، خالاس!

خۇللەس كالام شۇكى، ھىجرەت ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن سۈننەتتۇركى، توغرا نىيەت، يېتىك جاسارەت بىلەن قىلساڭ، مۇشەققەتنى سەۋر بىلەن، ئەقىل - پەم بىلەن ۋە مۇھەببەت بىلەن يەڭسەڭ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى جەزمەن

نۇسرەتتۇر.

ھىجرەت قىلىش ـ يۇرتنى تاشلاپ، قېچىپ كېتىش ئەمەس. ھىجرەت قىلىش ـ ياقا يۇرتلاردا بىچارىلەرچە ئېقىپ يۈرۈپ جان بېقىش ئەمەس. ھىجرەت قىلىش – ھەم ئۆزى ئۈچۈن ھەم ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ھەم ئۆزىنىڭ مىللىتى، قەۋمى ۋە جامائىتىنىڭ پارلاق ئىستىقبالى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتۇر!

ھىجرەت قىلىش ئىنسانغا دۇنيا ياشامنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇتىدۇ؛ مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگىتىدۇ؛ مەنىلىك ياشاشقا تەجرىبە، ئىبرەت ۋە ئۆرنەك كۆرسىتىدۇ؛ ئانا يۇرتنىڭ قەدرىگە يەتكۈزىدۇ. شۇنداق، ھىجرەت ياخشى ئىش. ھىجرەت زۆرۈر ئىش. ئەمما، ھەر قانداق ياخشى ئىش ۋە زۆرۈر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن، ئوبدان تەييارلىق قىلىش لازىم بولىدۇ.

**ھىجرەتنىڭ يۈك ـ تاقىسى مەرىپەتتۇر، بىلىمدۇر**

ھىجرەت ـ تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خاسىيەتلىك بىر سەپەر دېيىلسە، ئۇنىڭ زۆرۈر كېرەك ـ يارىقى، يەنى مەزكۇر سەپەرنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان يۈك ـ تاقىسى بىلىم ـ مەرىپەتتۇركى، ھىجرەت قىلغۇچى ئىنسان بىلىم بىلەن يېتەرلىك قوراللانغان بولۇشى لازىم ئىكەن، دەپ قالدىم ئۆز كەچۈرمىشىمچە.

ئالايلۇق، مەن تۈركىيەگە ھىجرەت قىلغان ئاشۇ كۈنلەرنى: قىرىق يەتتە ياشلىق چارباش بولغىنىمدا، تۈركىيەگە «ئوقۇيمەن» دەپ باردىم. ئوقۇشقا بېرىشتىن بۇرۇن، كىرىپ ئوقۇيدىغان مەكتەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ مېنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلىش ئىجازىتىنىمۇ ئېلىپ بولغان. شۇڭا، بېرىپلا، ئوقۇشقا كىرىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆگۈشلۈق بېجىرەلىگەن بولدۇم. بىراق، تۈركىيەدە (باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىدىمۇ شۇنداقمىش)، ئوقۇشقا ئالغۇچى ئورۇننىڭ

قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىنىڭ ياتاق ـ تاماق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا مەسئۇلىيەتچان بولمايدىكەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ سىنىپقا كىرىپ دەرس ئاڭلىشى، ئىمتىھان ـ سىناقلارغا قاتنىشىشىغا ئوبدان ئىگىدارچىلىق قىلىدىكەن، ئەمما ئۇنىڭ قەيەردە يېتىپ ـ قوپۇشى، نەدىن تاماق يېيىشىغا تالىق تۇرمۇش ئىشى بىلەن مۇتلەق كارى بولمايدىكەن. مەن مەملىكەتتىكى چاغدا، چەتئەلدىكى ئوقۇشىنىمۇ خۇددى مەن مەملىكەتتە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان چېغىمدىكىدەك «مەكتەپكە كىرىمەن، ئالدى بىلەن، ‹خوش كېلىپسىز، مانا بۇ سىز يېتىپ ـ قوپىدىغان ياتىقىڭىز، مانا تاماق يېلىتىڭىز، ئەنە ئاۋۇ سىز تاماق يەيدىغان تاماقخانا› دەپ كۆرسىتىپ قويىدۇ» دەپ ئويلاپتىمەن. ھەتتا، ئوقۇشقا كىرگەن يەردىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ئوقۇش ياردەم پۇلى ئىلتىماس قىلىشتىمۇ، ياش چەكلىمىسى قاتارلىق شەرتلەر بارلىقى، تۈركىيەدە يىگىرمە توققۇز ياشتىن يۇقىرى ياشلىق قېرى ئوقۇغۇچىلارغا ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئوقۇش ياردەم پۇلى بەرمەيدىغانلىقىنى، ئوقۇغۇچى پۈتۈنلەي ئۆز ھەمىيىنىغا تايىنىپ ئوقۇشى لازىم بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەنمەن. مانا بۇ مېنىڭ بىلىكسىزلىكىم، ھىجرەت يۈك ـ تاقىسى جەھەتتىكى تەييارلىقسىزلىقىم بولۇپ، تۈركىيە ئەنقەرەگە كېلىپلا، تېڭىرقاپ قېلىشىم ۋە ئاخىرىدا، ھېلىقى جەبەجى كۆۋرۈكى ئۈستىدە، ئايىغى كۆرۈنمەس ئويغا غەرق بولۇپ، بېشىمنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ قېلىشىمنى كەلتۈرۈپ چىقارغان قاتتىق دېتاللىق باش سەۋەب ئىدى. دېمەكچىمەنكى، ھىجرەت قىلغۇچى ئۆز يۇرتىدىن باش ئېلىپ چىقىشتىن بۇرۇن، ئۆز مەنزىلگاھىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللىرىدىن تولۇق بىلىكلىك بولۇشى بەكمۇ زۆرۈر ئىكەن.

ئاندىن، ئىلىم ھىجرىتىگە سەرپ قىلىنىدىغان ئاساسى بىلىم تەييارلىقى مۇكەممەل، ئىمكان بار تولۇق بولۇشى لازىمكەن. تۈركىيەدىلا ئەمەس، ئاڭلىسام، باشقا خېلى دۆلەتلەردە، مۇھاجىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ شاھادەتنامىسىنى تولىمۇ دىققەت بىلەن تەكشۈرىدىكەن. تەسىراتىمچە، بۇ

ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ئومۇمىي پەنلەر ئوقۇتۇشى بويىچە ئالىي مائارىپ ئۈچۈن ئۇل - ئاساس سالىدىغان بولغاچ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە، بۇ مەزگىللىك ئوقۇش - ئۆگىنىشنىڭ مۇكەممەل بولۇشى تەلەپ قىلىنىدىكەن.

ھازىر جۇڭگودا يۈرگۈزۈلىۋاتقان توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ تۈزۈمى دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدىكى تەرەققىي قىلغان ۋە قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە ئوخشاشلا ئومۇمىي خەلقنى مەرىپەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان ئەۋزەل تۈزۈمدۇر. دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، توققۇز يىللىق مائارىپنى ھەقسىز مائارىپ قىلىۋېتىشى تېخىمۇ ئەلىيۈلئەلا ئىش بولدى. شۇڭا، خەلقىمىز، خۇسۇسەن ياشلىرىمىز بۇ ئەۋزەل شارائىتنىڭ قەدرىگە يېتىشى، توققۇز يىللىق مائارىپ مەجبۇرىيىتى ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىي ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش يولىنى تېپىۋېلىشى ۋە بۇ يولدا ئاداققىچە تەۋرەنمەي مېڭىشلىرى - توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىپ بولدۇم، ئەمدى سودىگەر بولىمەن» دەپ، تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشتىن يالتىيىپ قالماسلىقى لازىمدۇر.

تۆپكى ئۈنۈم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئانا تىللىق مائارىپ، دۆلەت تىللىق مائارىپ ۋە ئەجنەبىي تىللىق مائارىپلارنىڭ ھەممىسى مائارىپ، ھەممىسى ئىنساننى مەرىپەتلەندۈرۈش پائالىيەتىدۇركى، خۇددى گۆھەر قانداق ساندۇقتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوخشاشلا گۆھەر بولغىنىغا ئوخشاش، مائارىپمۇ قانداق تىلدا ئېلىپ بېرىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئوخشاشلا مائارىپتۇر، ئوخشاشلا ئىنساننى بىلىم بىلەن مەرىپەتلەندۈرۈش پائالىيەتىدۇر. دەرۋەقە، ھەر قايسىنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئالايلۇق، ئانا تىللىق مائارىپ ئانا مەدەنىيەتنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا لازىم مۇھىم مائارىپتۇر؛ شۇڭا، ئانا تىللىق مائارىپتىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەيمىز ۋە ۋاز كەچمەسلىكىمىز كېرەك! دۆلەت تىللىق مائارىپ ئۆزەك ياشاۋاتقان دۆلەتنى بىلىش، چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭدا ياشاشنى ئۆگىتىدىغان مۇھىم مائارىپتۇر؛ شۇڭا، دۆلەت تىللىق

مائارىپتىمۇ بوش كەلمەسلىكىمىز، مائارىپ كۆرۈپ، مەرىپەتلىك بولۇش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزدە ئۆز ھەقلىرىمىزدىن تولۇق بەھرىلىنەلەيدىغان بولۇشىمىز لازىم؛ ئەمدى، ئەجنەبىي تىللىق مائارىپ بولسا، دۇنيانى بىلىش، چۈشىنىش ۋە يەر شارىلىششقا پايدىلىق مۇھىم مائارىپتۇر. شۇڭا، مەملىكىتىمىز مائارىپ تەلىپى بويىچە ئۆگىنىلىۋاتقان چەتئەل تىللىرىنىمۇ چەندىكىدەك ياخشى ئۆگىنىپ، دۇنيانىڭ يەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيەسى ۋە يۈنىلىشىدىن ۋاقتى ـ ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ قايسى باسقۇچىدا، جاھان مەرىپەت پەللىسىنىڭ قەيرىدە تۇرىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرۇشىمىز ـ بىلىپ گەپ قىلىشىمىز، بىلمەي تۇرۇپ، لاپ ئاتماسلىقىمىز لازىم!

ئىلىم تارازىسى بىلەن تارتىپ تۇرۇپ ئېيتقاندا، مەرىپەت ئۆلچىكى بىلەن ئۆلچەپ تۇرۇپ، لىللاھ گەپ بىلەن دېگەندە، «پالانى تىللىق مائارىپ مىللىتىمىزنى نابۇت قىلىدۇ، يوقىتىۋېتىدۇ» دېگەن سېپىي ئۆزىدىن ئېزىتقۇ گەپتۇركى، بىر مىللەتنى ھەر قانداق تىللىق مائارىپ ئەمەس، بەلكى مائارىپسىزلىق، بىلىمسىزلىك ۋە مەرىپەتسىزلىك يوقىتىۋېتىدۇ، قېرىنداشلار!

## نۇسرەتنىڭ دەسمىرى تىرىشچانلىقتۇر، ئەمگەكتۇر

ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي كاپالەت بىلەن روھىي جاسارەت كېتىدۇ. ئەمدى، ھىجرەتنى نۇسرەتلىك قىلىش، يەنى مۇۋەپپەقىيەتلىك، غەلىبىلىك قىلىش ئۈچۈن بولسا، ئىزچىل تىرىشچانلىق بىلەن جاپالىق ئەمگەك كېتىدۇ. ھىجرەت قىلىش، يەنى مۇئەييەن تىلەك ۋە ئارزۇ بىلەن، ئۆزى تۇغۇلغان ئانا يۇرتىنى، ئۆز مەھەللىسىنى مەيلى قانچىلىك قىسقا زامان ۋە مۇئەييەن ۋاقىتلىق بولسىمۇ تاشلاپ، ئۆزى بېرىپ باقمىغان بىر يات يۇرتقا كېتىش ئاسان ئىش ئەمەس. ئەمدى، ئۇ ياقا يۇرتقا، ئۇ چەت ئەلگە ھىجرەت قىلىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇ كىشىنىڭ يۇرتىدا، ئەسلىدە ئۆزى كۆڭلىگە

پۈتكەنلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى مۈشكۈلدىن مۈشكۈل، تەستىن تەس ئىشتۇركى، مۇھاجىر بولغان ئادەم ئۆز يۇرتىدىكىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە جاپا تارتماي، نەچچە ھەسسە ئېغىر ئەمگەك قىلماي تۇرۇپ، چەندىكىدەك غەلىبىگە ئېرىشكىلى، كۆڭلىگە پۈككەن مۇرادىنى ھاسىل قىلغىلى بولمايدىكەن ئەسلا. بۇ يەردە، يەنە ئۆز كەچمىشىمدىن بىر مىسال ئېلىپ چۈشەندۈرەي بۇ مەسىلىنى: قىرىق يەتتە يېشىمدا، بەش يىللىق دوتسېنت سالاھىيىتىم بىلەن تۈركىيەگە چىقىپ، دوكتورانت (يەنى دوكتور ئاسپىرانتى) بولدۇم. مەملىكىتىمىز جۇڭگودا، ماگىستىرلىق ئۈچۈنمۇ، دوكتورلۇق ئۈچۈنمۇ ئۈچ يىل يېتىپ ئاشىدۇ. مەن بەش يىل ئوقۇپ، ئاران ئالدىم ئۇ دوكتورلۇق ئۇنۋانى دېگەننى. نېمە ئۈچۈن؟ تېزى، يەنى ئۇنۋان ئېلىشقا ئاساس بولىدىغان دېسسېرتاتسىيە ئەسىرىمنى قاتتىق تەلەپ ئۇستازلارنىڭ ئىلىم سەۋىيە ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈش مۇددىئاسىدا، تەكرار - تەكرار جاپالىق ئىشلەشكە توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن. مەن شۇ 1997 - يىللىرىنىڭ ئۆزىدە، چاغاتاي تۈركچىسىدە يېزىلغان مەتىنلەر تەتقىقاتى بويىچە ئىشلەۋاتقىنىمغا يىگىرمە بەش يىل بولغان بىر كونا تەتقىقاتچى بولساممۇ، مېنىڭ كونا مەتىنلەرنى ئوقۇپ ترانسكرىپسىيە قىلىشىم بۇ يەردىكى ئۇستازلىرىمنىڭ ترانسكرىپسىيە پرىنسىپلىرىغا توغرا كەلمەيدىكەن. ئالايلۇق، ئەرەبچىدە «ياخشى، بەلەن» ئۇقۇمىنى بېرىدىغان سۆزنى بىز «ھەسەن» دەپ ئوقۇساق - يازساق، بۇ ئۇستازلار «ھاسان» دەپ ئوقۇيدىكەن ۋە شۇنداق يازىدىكەن؛ «ھامان»نى بۇلار «ھەمەن» دەيدىكەن. بىزدە، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش«- ئۇ» بىلەن ئارقا سوزۇق«- ئا» ھەرگىزمۇ ماسلاشمايدۇ؛ ئەمما، بۇ يەردە ماسلىشىۋېرىدىكەن. مەسىلەن، «مۇبارەك» نى بۇ يەردە «مۇبارەك»، «دۇنيا»نى «دۇنيا» «لۇغات»نى «لۇگات» دەيدىكەنمىز. بۇ مەسىلىدە، «قايسىمىزنىڭ توغرا؟» دەپ مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە قىلغىلى بولمايدىكەنكى، جەزمە «ئەۋەت» (شۇنداق) ياكى «باش ئۈستۈنە» (باش ئۈستىگە!) دېيىشلا كېرەك بولىدىكەن. شۇ ۋەجدىن، مەن دېسسېرتاتسىيە ئەسىرىمنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى بولغان 250

نەچچە بەتلىك ترانسكرىپسىيە قىسمىنىلا، جەمئىي ئۈچ قېتىم ئۆزگەرتتىم. يەنە دېسەك، ئۇ ئۇستازلار يالغۇز سېنىلا يېتەكلىمەيدۇ، يەنە باشقا ئوقۇغۇچى ـ شاگىرتلىرىمۇ بار. ئۇنىۋان ئەسىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېكىتمە نۇسخىسىنى ئۇستاز بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ، بىر كەلىمە ـ بىر كەلىمەدىن تۈزىتىپ، توغرىلاپ چىقىدىغان گەپ. ئالدىرىساڭ بولمايدۇ، سەۋر بىلەن كۆتۈشۈڭ، ئۇستازىنىڭ دېگەنلىرىنى سەۋر بىلەن بىرمۇبىر قوبۇل قىلىشىڭ، قانداق قىل دېسە، شۇنداق بەجا كەلتۈرۈشۈڭ كېرەك بولىدۇ. شۇڭا، مېنىڭ ئاشۇ بەش يىللىق ئۇنىۋان ئوقۇشى جەريانىدا، ئەڭ كۆپ تىلغا كەلتۈرگىنىم: «ئەسسەبر ۋەنەسىر ۋەئىننەللاھە مەئەس سابىرىن» (سەۋر قىلساڭ، يېڭىسەنكى، ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللەدۇر) دېگەن بىر جۈملە بولدىكى، مۇشۇنداق سەۋر بىلەن، قەتئىي بەرداشلىق بېرىش روھى بىلەن ئىش قىلغانلىقىم ئۈچۈن، 1997 ـ يىلى 11 ـ ئايدا باشلىغان دوكتور ئۇنىۋانى ئوقۇشىنى 2002 ـ يىلى 4 ـ ئايدا غەلىبىلىك تاماملاپ، «ئەدەبىيات دوكتورى» ئۇنىۋانىغا شەرەپ بىلەن ئېرىشتىم! ئەمما، مەندەك سەۋر قىلالماي، مەندەك چىداملىق ۋە كۆتۈرۈشلۈك بولالماي، ئۇنىۋان ئۈچۈن كېتەرلىك بولغان دەرسلەرنى ئوقۇپ تاماملىغان بولسىمۇ، دىسسېرتاتسىيە ئەسىرىنى يېتەكچى ئۇستازىنىڭ تەلەپ ئۆلچىمىگە يەتكۈزەلمىگەنلىكتىن، ئۇنىۋاننى ئالالماي قايتىپ كەتكەنلەرمۇ بولدى تە بىئىي .

سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشۈمچە، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئوخشاشكەنكى، ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى تولۇق كۇرس ئوقۇشى ئومۇمىيەتلىك بىلىم جۇغلانمىسىنى ھاسىل قىلىش ئوقۇشىدۇر. ماگىستېرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان ئاسپىرانت ئوقۇشلىرى بولسا، يەكمۇيەك ئېتىشىش ئوقۇشى، يەنى يەككە تۈر بويىچە، مۇئەييەن بىر كەسپىنىڭ ئايرىم بىر تارمىقى بويىچە ئوقۇپ، ئاشۇ ئوقۇغان نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ، ئۆزى بىر بىنانى لايىھەلەپ ۋە پۈتتۈرۈپ، ئۇنى شۇ پەننىڭ مۇنەججىملىرى بولغان ئۇستازلار گۇرۇپپىسىنىڭ

كۆرىكىدىن، ماقۇللىشىدىن ۋە كوللېكتىپ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش ئوقۇشىدۇر. مەن بەش يىل تەر ئاققۇزۇپ پۈتكۈزگەن بەشيۈز ئون ئۈچ بەتلىك بىنا ئەسىرىم «مۇسا سايرامىينىڭ ‹تارىخى ھەمىدى› ناملىق ئەسىرى ئۈستىدە تەتقىقات» (Musa Sayrami <Tarix - i Hamidi> İnceleme - Metin - Dizin) دۇنيا بويىچە، بۈيۈك ئۇيغۇر تارىخشۇناسى مۇسا سايرامىي 1908 - يىلى يازغان «تارىخى ھەمىدىي» ناملىق مەشھۇر تارىخ كىتابىنى دۇنيا ئىلىم ئەھلىگە ئىلمىي تەتقىقات يولى بىلەن تونۇشتۇرغان تۇنجى ئەسەر بولۇش نادىر قىممىتى ۋە قىياپىتى بىلەن، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسپىرانتلار ئىنستىتۇتىدا ۋە ئۇلارنىڭ تور بېكىتىدە، مۇتالىئە قىلىشقا ۋە پايدىلىنىشقا ئوچۇق شەكىلدە ساقلانماقتا.

## نۇسرەتلىك ھىجرەتنىڭ خۇللەس كالامى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشتۇر، ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلەشتۇر

ئىنسان ئۆزىنىڭ يۇرتىدا، ئۇنىڭدىنمۇ ئاغرىنىپ، بۇنىڭدىنمۇ رەنجىپ، ئاسماندىنمۇ، زېمىندىنمۇ قېيىدىغان ھالدا، كونا ئېرىقنىڭ بويىدىكى دوڭغاق سۆگەتكە يۆلىنىپ غەيۋەتخورلۇق قىلىپ ئولتۇرغىچە، ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك يولىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىمكان يار بەرسە، ئۆزىنىڭ يۇرتىدىن باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتسىمۇ بولىدۇ. بىراق بۇ «ھىجرەت» بولمايدۇ، بەلكى «كۆچۈپ كېتىش» (تۈركچە Göç etmek) بولىدۇ، خالاس.

بىز «ھىجرەت» دېگەندە، ئاساسلىقى ۋەتەن، خەلق، مىللەت ۋە ئۈممەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مۇددىئاسىدا، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ ئوقۇپ - بىلىم ئېلىشتىن ئىبارەت ئاڭلىق ۋە غايىلىك پائالىيەتنى كۆزدە تۇتىۋاتقان ئىكەنمىز، ئۇنىڭ ئاداققى

نۇسرەت بەلگىسى يۇرت ـ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىش ۋە يۇرت –ۋەتەن خەلقى ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن ئىشلەش بولۇشى لازىم دەپ قارايمىز.

بىزدە، نۇسرەتلىك ھىجرەت قىلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئىشلەپ، ھىجرەتلىك ھاياتىنىڭ پايدىسىدىن، خاسىيىتىدىن ئۆرنەك كۆرسەتكەنلەر ئاز ئەمەس. ئەجدادلاردىن مەمتىلى تەۋپىق، ئەخمەتجان قاسىمي، سەيپىدىن ئەزىزىي كەبىلەر، زاماندا شلاردىن خالمۇرات غوپۇر، تاشپولات تېيىپ ۋە زەپەر ئابلىز قاتارلىقلار مىسال بولۇپ تۇرۇپتۇ.

مەن 1972 ـ يىلى، يىگىرمە ئىككى يېشىمدا ئىلىم ھىجرىتى قىلىپ، بېيجىڭ مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلگىنىمدىن بۇيان ساق قىرىق يىل ئۆتۈپتۇ. مېنىڭ چۈشەنچەمدىكى ھىجرەت ئەقىدىسى بويىچە ئېيتقاندا، مەن ئانا يۇرتقا قايتىپ كەتسەم، ئاندىن ھىجرەت بىلەن ماڭا نېسىپ بولغان نۇسرەت مۇكەممەل بولغان بولاتتى. شۇڭا، 2002 ـ يىلى، ئەللىك ئىككى ياشلىق مەن قەشقەرگە، ھېچ بولمىغاندىمۇ، ئۈرۈمچىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلەرنىڭ بىرىگە يۆتكىلىپ ئىشلەش ئۈچۈن بەل باغلىدىم. بىراق، شۇ يىللىق «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ««مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين›دىن ‹مائارىفۇل لۇغەتەين› (قوش تىللىق مائارىپ)غىچە ـ ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى سېلىشتۇرما تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە» ماۋزۇلۇق رىسالەم تۈپەيلىدىن، مەن ئىشىك قېقىپ بارغان ئۇنىۋېرسىتېتلەرنىڭ ھېچقايسىسى مېنى خىزمەتكە ئالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئانا يۇرتقا قايتىپ كېتەلمىدىم. بۇ يەردە، «نېمە دېمەكچىسەن زادى؟» دېسەڭلار، مۇھاجىرەتتىكى ئادەم دېگەن مۇشۇنداق يا ئۇنداق، يا مۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز يۇرتىغا قايتالماي قالىدىكەن. بۇ ھالدا قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەممە ئىمكانلاردىن پايدىلىنىپ، چىن يۈرەكتىن سۆيگەن شۇ ئانا يۇرت، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ۋەتەن ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرقى بىر تىنىق قالغىچە بىجانىدىللىق بىلەن، پىداكارلىق بىلەن ئىشلەش كېرەككى، «قەيەردە بولساڭ بول، ئەزىز ۋەتەن ئۈچۈن

ئىشلە مول» دېگەن مانا شۇ!

شۇنداق تونۇش بىلەن، يەنىلا مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئىشلەۋاتىمەن. دوكتورانت يېتەكچىسى بولغانلىقىمنىڭ شاراپىتىدىن، پېنسىيونېر بولۇش ۋاقتىم 2015 ـ يىلغىچە ئۇزارتىلدى. تولۇق كۇرسقا دەرس ئۆتكەندىن باشقا، ھازىرغىچە ئون توققۇز نەپەر ماگىستېر ۋە دوكتور تەربىيەلەپ چىقاردىم. مەن تەربىيەلىگەن ئاسپىرانتلار ھازىر كارغا ياراپ، ئۆزلىرى ئاسپىرانت قوبۇل قىلغىدەك بولۇپ قالدىكى، بىز ئارزۇ قىلغان ۋە قوغلاشقان نەتىجىمۇ شۇ ئىدى.

ئەمدى، مەن پېنسىيونېر بولسام، كۆپرەك يېزىقچىلىق ھۈنىرىمنى قىلغۇم بار. ھېلىمۇ، ئۇنتۇپ قالماس چاغدا يازغاچ تۇراي دەپ، نۇسرەتلىك ھىجرەت قىلىش جەريانىدا، ئۆزىمىزنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ ھېس قىلغان پەرقلەرنى بايان قىلىدىغان «پەرق ۋە بەرق» ماۋزۇلۇق بىر ئەدەبىي خاتىرە يېزىۋاتىمەن. قىسمەت بولسا، بىر كۈنلەردە قايسىدۇر بىر دوقمۇشتا، شۇ خاتىرەم بىلەن ئوقۇرمەنلىرىم ئالدىدا يەنە پەيدا بولۇپ قالارمەن. ھالبۇكى، شۇ چاغقىچە «خەير ـ خوش» دېگەچ، مەزكۇر خاتىرەمنى مۇلاھىزىچى كۆڭلى بىلەن بېرىلىپ ئوقۇپ، دېگەنلىرىمگە ئىزچىل قۇلاق بېرىپ كېلىۋاتقان ئەۋلادلارغا سەممىي كۆڭلۈم بىلەن شۇنى ئېيتقۇم كېلىدۇكى:

ـ سەنمۇ غەيرەت قىل قېرىندىشىم (بالام، نەۋرەم): تىرىشىپ ئوقۇ، بېرىلىپ ئۆگەنگىن ـ دە، ئوكيان ئاتلاپ ئىلىم ھىجرىتى قىلىش سالاھىيەتىنى قازان؛ شۇندىلا، سەنمۇ ھىجرەتنىڭ بىباھا ئىمكانلىرىدىن بەھرىلىنىشىنىڭ ۋە ئىلىم بىلەن يېتىلىشىنىڭ پەيزىنى سۈرسەن ھامان، ۋەسسەلام!

2012 ـ يىل، 23 ـ يانۋار (دۈشەنبە)، بېيجىڭ.